SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG
ОБЩЕСТВЕННЫЕ НАУКИ В СИНЬЦЗЯНЕ

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

# 新疆社会科学



4

2013

«جۇڭگو سەرخىل ژۇرناللار سېپى» گە كىرگەن ژۇرنال
7- نۆۋەتلىك «شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنال
入 选 " 中 国 期 刊 方 阵 "
荣 获 第 七 届 " 新 疆 期 刊 奖 "

ISSN 1002-9052

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى
新疆社会科学
2013-يىللىق 4-سان (ئومۇمىي 129-سان)


主 管 单 位 :新疆社会科学院
主 办 单 位 :新疆社会科学院
出 版 :新疆社会科学杂志社
编 辑 :新疆社会科学杂志社维吾尔文编辑部
总 编 :阿不都热扎克·铁木尔
副 主 编 :买买提·莫明
地 址 :新疆乌鲁木齐市北京南路 246 号
邮 编 :830011
电 话 :(0991)3837937
电 子 信 箱 :pantatkikat@sina.com
国际标准刊号:ISSN1002—9052
国内统一刊号:CN65—1038/C
邮 发 代 号 :58—81
国内总发行 :新疆乌鲁木齐市邮政局
封 面 印 刷 :新疆新华印刷厂
内 页 印 刷 :新疆八百印务有限公司
广告经营许可证 :6500006000035
定 价 :5.00 元

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى ژۇرناللار نەشرىياتى
تۈزگۈچى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر
مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەدجان مۆمىن
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسى 246- قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830011
تېلېفون نومۇرى: 0991-3837937
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: pantatkikat@sina.com
خەلقئارا ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN1002-9052
دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN65 - 1038 /C
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 81
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مۇقاۋا شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئىچكى بەتلىرى شىنجاڭ بابەي باسما ئىشلىرى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامە نومۇرى: 6500006000035
باھاسى: 5.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيەسىنىڭ نەشر ئەپكارى

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

2013 ـ يىللىق 4 ـ سان
(ئومۇمىي 129 ـ سان)

# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

پەسىللىك ئومۇمىي ساللىق

ئىلمىي ژۇرنال

2013 ـ يىللىق 4 ـ سان

(ئومۇمىي 129 ـ سان)

ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 30 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ


## بۇ ساندا


### نەزەرىيە تەتقىقاتى

ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدىكى
ئۈچ مۇنازىرە ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى ........................ۋاڭ يۈچېن 1
يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقى: تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ
3 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمى..........................لىن يىفۇ 14

### مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى

شىنجاڭنىڭ مۇقىم، ئىناق بولغان ئىجتىمائىي
ۋەزىيىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا..................ئابابەكرى مەمەت، ئەنۋەر ھېسامىدىن 24
دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەدىن يىراق تۇرۇپ، قانۇنغا رىئايە
قىلىدىغان پۇقرالاردىن بولايلى.................. نۇرمۇھەممەد توختى كۆنەستىكىن 30
شىنجاڭنىڭ قوش تىللىق مائارىپى تەرەققىياتىغا نەزەر.............. ئادالەت ئىمىنجان ئوزغار 36

### قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر
ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداش توغرىسىدا .......................... رىشات ھەسەن 45
دۆلەت قانۇنى بىلەن ئادەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ...................... ئادىل ئايۇپ 51

### تارىخ، دىن تەتقىقاتى

ئۆتمىش ھاجى ۋە ئۇنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا................ ئەلى غوپۇر 55
سوپىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭغا تارقىلىشى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان............ جۇ شىيفەن 61

باش مۇھەررىر: ئابدۇرازاق تۆمۈر

مۇئاۋىن مەسئۇل مۇھەررىر: مۇھەممەدجان مۆمىن

بۇ سانىنىڭ ئىجرائىي مۇھەررىرى: پەرھات غاپپار

ئىسلامىي نۇقتىدىن ھىزبۇت تەھرىرگە نەزەر ........................ ئەخمەتجان ھەسەن 75

## مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىكى
ئىمىلداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا .......................... ئابدۇقەييۇم مىجىت 81
ئىرانىي تىلىغا كىرىپ قايتىپ كەلگەن تۈركىيچە
تۆت ئاتالغۇ توغرىسىدا.......................................غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر 87

## تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى

ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخ ۋە تىل ماتېرىيالى —
«پادىشاھ لۇغىتى» توغرىسىدا.................................. ئابلىكىم ئابدۇرەشىد 94
ئۇيغۇر تىلى بوغۇم تىپلىرى ئۈستىدە فونولوگىيەلىك تەھلىل.................. ئەھمەد تۇرسۇن 112
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرى
ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ..................... قەييۇم مىجىت، رىسالەت ئابدۇرېشىت 121

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىدىن ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىغا نەزەر................. ئىمام موللاخۇن 127
«يۇسۇپ-ئەھمەد» داستانىنىڭ تارقىلىش
ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا..................................تۇرسۇنئاي تۇراق 133
ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا .................. ئالىمجان ئابدۇخالىق 138
«مۇھەببەتنامە» داستانى توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................ ئابدۇغېنى ئوسمان 144

تەھرىر ھەيئەتلەر:

ئابدۇرازاق تۆمۈر، ئابدۇرازاق سايىم، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئىمىن ئەھمىدى

ئارسلان ئابدۇللا، ئادىل خالىق، ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى بارات

# 《新疆社会科学》维吾尔文版

## 目　录

总编：阿不都热扎克·铁木尔
副主编：买买提·莫明

**理论研究**

当代生态文明理论的三个争论及其价值 ……………………王雨辰　1

新结构经济学：发展经济学的第三波思潮……………………林毅夫　14

**民族学研究**

对加强新疆地区社会稳定和谐的思考……………………阿·买买提、艾·伊沙木丁　24

远离宗教极端思想，做守法公民……………………努尔买买提·托合提　30

新疆的双语教育进程概况……………………阿达来提·伊明江　36

**法学研究**

依法保护维吾尔医典籍的著作权……………………热夏提·艾山　45

论国家法律与习惯法的关系……………………阿迪力·阿尤甫　51

**历史、宗教研究**

论乌德米什·哈吉及其“成吉思纳麦”一书 ……………………艾力·吾甫尔　55

苏菲主义初入新疆述略……………………周燮藩　61

从伊斯兰角度看伊扎布特……………………艾合买提江·艾山　75

**文化研究**

论维吾尔族亲属关系中的“代乳”现象……………………阿不都克尤木·米吉提　81

源自伊朗语的四个突厥语术语……………………海来提江·奥斯曼　87

**语言学研究**

试论中世纪重要历史语言资料—《国王词典》……………………阿布里克木·阿不都热西提　94

维吾尔语音节类型的超音段音系学分析……………………艾合买提·吐尔逊　112

论现代维吾尔语的句子成分及表现形式……………………克·米吉提、热·阿不都热西提　121

**文学研究**

试论阿布都克力木·阿不力孜小品在维吾尔族小品中的地位 ……………………依马木·毛拉洪　127

试论“玉素甫·艾合买提”长诗的流传与保存状况……………………吐孙阿依·吐拉克　133

初探维吾尔杂文的现状 ……………………阿力木江·阿不都哈力克　138

试论“木哈巴特纳麦”长诗 ……………………阿不都艾尼·吾斯曼　144

本期执行编辑：帕尔哈提·阿帕尔

www.uyghurkitap.com



# ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدىكى ئۈچ مۇنازىرە ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى

ۋاڭ يۈچېن

ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنى ئاساسلىقى ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى مەركەز نەزەرىيەسى ۋە ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ، ئۇلار ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئېكولوگىيەنى تۈزەش يولىدىن ئىبارەت ئۈچ يادرولۇق نەزەرىيىۋى مەسىلىنى چۆرىدەپ كەسكىن نەزەرىيە تالاش ـ تارتىشىنى قانات يايدۇردى، ئۇلارنىڭ نەزەرىيە تالاش ـ تارتىشىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە بۇ نەزەرىيەلەر ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش ــ ماركسىزملىق پەلسەپە تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، شۇنىڭدەك دۆلىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 1

ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى ئاساسىغا قارىتا ئوخشىمىغان چۈشەنچە ۋە مۇنازىرە بولۇپ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئوخشىمىغان قىممەت مەيدانى ۋە نەزەرىيە خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەچىلىرى «تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى» بىلەن «تەبىئەت ھوقۇق ـ پايدا نەزەرىيەسى»نى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلىدۇ، ئۇنىڭ يادروسى ــ ئەنئەنىۋى كىشىلىك ئېتىكىشۇناسلىقى ۋە سۇبيېكتىپ قىممەت نەزەرىيەسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەخلاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوبيېكتلارنى ئىنسانلاردىن تاشقىرى تەبىئەت دۇنياسىغىچە كېڭەيتىشنى، ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ كېيىنكى زامانىۋىلىق خاراكتېرىنى روشەن گەۋدىلەندۈردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە كرىزىسى كېلىپ چىقىشىنىڭ تۈپ مەنبەسى ــ يېقىنقى زامان ئىنسانلىرى مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت. دەل يېقىنقى زامان ئىنسانلىرى مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىدىكى ئىنساننى كائىناتنىڭ مەركىزى، ئىنساننى ئىچكى قىممەتكە ئىگە بىردىنبىر مەۋجۇدات، ئىنساندىن تاشقىرى مەۋجۇداتنى ئىنسانلار ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەتكە بويسۇنىدىغان قورالدىنلا ئىبارەت دەپ قارايدىغان بۇ خىل سۇبيېكتىپلىق قىممەت نەزەرىيەسى ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ جىددىيچىلىكىنى ۋە ئېكولوگىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ماھىيىتى ــ ئىنسانلار ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىدىكى كرىزىس بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنى قايتا تۇرغۇزۇش ــ ئۇلارنىڭ نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ئايلاندى.

ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسىدىكى ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنى قايتا تۇرغۇزۇشنىڭ يادروسى ــ «تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى» بىلەن «تەبىئەت ھوقۇق ـ پايدا نەزەرىيەسى»دىن ئىبارەت ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئەگەر ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشى ۋە سۇبيېكتىپ قىممەت قارىشى نەزەرىيەسىگىلا ئېسىلىۋالساق، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان قورال خاراكتېرلىك پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەخلاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوبيېكتلارنى تەبىئەتكىمۇ كېڭەيتكىلى بولمايدۇ، بۇ ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مەنپەئەتپەرەسلىك ئېتىكىسى، مەنىۋىيەت نەزەرىيەسى ۋە ئېكولوگىيەشۇناسلىق ئېچىپ بەرگەن ئومۇمىي خاراكتېرلىق قانۇنىيەتكە تايىنىپ، بىر

تەرەپتىن ئەنئەنىۋى كىشىلىك ئېتىكىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئەخلاق جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈشنى ئىنسانلار سىرتىدىكى تەبىئەتكىچە كېڭەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئادەمنىڭ ئېھتىياجىغا تايانمايدىغان ئىچكى قىممەتكە ۋە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ھوقۇق ـ مەنپەئەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار كائىناتتىكى بىردىنبىر باھالىغۇچى ئەمەس، تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئايرىلسا، يەنىلا ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئىچكى قىممىتىگە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. ئېكولوگىيەشۇناسلىق ئېچىپ بەرگەن ئېكولوگىيەنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قانۇنىيىتىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار ئېكولوگىيە ئورتاق گەۋدىسى ۋە ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى ئاددىي بىر ئەزالا خالاس، بۇ ئىنسانلارنىڭ باشقا مەۋجۇداتلاردىن تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق ـ پايدىغا ئىگە ئەمەسلىكىدىن دېرەك بەرگەچكە، ئەلۋەتتە تەبىئەتنىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشنىڭ بىردىنبىر قورالى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى «تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى» بىلەن «تەبىئەت ھوقۇق ـ پايدا نەزەرىيەسى»دىن ئىبارەت ئېكولوگىيە قىممەت قارىشى تۇرغۇزۇلغاندىلا، ئىنسانلار ئاندىن تەبىئەتكە بولغان ھۆرمەت ـ ئىكرامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئېكولوگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسىنىڭ ئەيىبلىشىگە قارىتا، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى مەركەز نەزەرىيەچىلىرى بىر تەرەپتىن ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ئاقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېقىنقى زامان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنىڭ ئىچكى كەمتۈكلۈكىنى قايتا ئويلاندى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزىدە مەسىلە يوق، چۈنكى ھەرقانداق مەۋجۇدات ھەممىشە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېكولوگىيە پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى ــ ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن مەنپەئەتى بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتىنى قوغداشتا بولۇپ، ئىنسانلار مەركەز قىممەت قارىشىنى ئىنكار قىلغان ۋە چۆرۈپ تاشلىغاندا، ئېكولوگىيە ھەرىكىتى ئۆزىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئىقتىدارىدىن ئايرىلىپ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، قايتا ئويلىنىشقا ۋە تەنقىدلەشكە تېگىشلىكى، ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى يېقىنقى زامان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىدۇر. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېقىنقى زامان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىدىكى مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق ھېسسىي ئارزۇ تەلەپلىرىنى ئورۇنلۇق ۋە قاندۇرۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايدۇ، بۇ تەبىئەتتىن قالايمىقان پايدىلىنىشنى ۋە ئېكولوگىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا يېقىنقى زامان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنىڭدا دېيىلگەن «ھېسسىي ئارزۇ»نى «ئەقلىي ئارزۇ»غا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، تەبىئەتتىن قالايمىقان پايدىلىنىش ۋە ئېكولوگىيە كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

گەرچە ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى ۋە ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەلىرىدە ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشى بىلەن ئېكولوگىيە كرىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە قانداق قاراش مەسىلىسىدە قارىمۇقارشىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىكى ئورتاق نۇقتا ــ ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى قىممەت قاراش مەسىلىسى دەپ تونۇيدۇ، ھەر ئىككىلىسى ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنى مۇۋاپىق تەڭشىگەندىلا، ئاندىن ئېكولوگىيە مەسىلىسى ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئېكولوگىيە ماركسىزمچىلىرى ئېنىق قارشىلىق بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىش يولى ئۈستىدىكى ئاساسلىق ئويى: ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى تەڭشىگەندىلا، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەقىقىي ياخشى تەڭشىگىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئېنىق ھالدا ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلدى. ئۇلار تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نەزەرىيەنىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئەۋزەللىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: بۇ نەزەرىيە بىرتەرەپتىن جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە تەبىئەتتىكى ماددا بىلەن ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش

مۇناسىۋىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ نەزەرىيە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيەسىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئوخشاشلا مۇئەييەن جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقىنى كۆردى. يۇقىرىقى چۈشەنچىلەردە، ئېكولوگىيە ماركسىزمچىلىرى كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئېكولوگىيە كرىزىسى پەيدا بولۇشىنىڭ تۈپ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەچكە، «كاپىتالىستىك تۈزۈم خاراكتېر جەھەتتە ئېكولوگىيەگە قارشى» دېگەن تېمىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ئاقلاشقا باشلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا يېڭىچە مەزمۇن بەردى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى تەشەببۇس قىلغان تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى بىلەن تەبىئەت ھوقۇق ـ مەنپەئەت نەزەرىيەسىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئىنچىكە، ئىلمىي دەلىللىگىلى، تەبىئەت سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلىپلا قالماي، بەلكى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىنسانپەرۋەرلىككە، پەن ـ تېخنىكىغا ۋە ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا قارشى تۇرۇشتەك ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدى، بۇ ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىغا پايدىسىز بولۇپلا قالماي، ئەكسىچە كىشىلەرنى تەبىئەتكە بوزغۇنچىلىق قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشقا ئېلىپ كەلدى. شۇڭا، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىدا چوقۇم ئانتروپولوگىزم ۋە ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، ئۇلار ئېيتقان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشى كاپىتال ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان بولماستىن، بەلكى ئېكولوگىيە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان، ئۇنىڭ يادروسى ــ ئىشلەپچىقىرىش چوقۇم نامراتلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان ئۇچ خىل ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى ئاساسىنى چۆرىدەپ ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسى ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان قىممەت مەيدانى ۋە نەزەرىيىۋى خاراكتېرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىرىسى، قىممەت مەيدانىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى غەرب مەركەزچىلىكى بىلەن غەرب مەركەزچىلىكىگە قارشى ئېقىمدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىدىن ئىبارەت. ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى گەرچە كونكرېت نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە پەرقلىنىسمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىدىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ تۈپ مەنبەسى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش يوللىرىنى كۆپ تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن كاپىتال ۋە كاپىتالىزمنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى كۆرەلمىدى، ئوبيېكتىپ جەھەتتە كاپىتال ئۈچۈن ھازىرقى زامان مۇھىتنى تۈزەش مەسئۇلىيىتىدىن قېچىش رولىنى ئويناپ، قىممەت مەيدانى جەھەتتە غەرب مەركەزچىلىك خاھىشىغا ئىگە بولىدى. ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، كاپىتال يېتەكچىلىكىدىكى يەر شارى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە كرىزىسىنى پەيدا قىلغان تۈپ سەۋەب ئىكەنلىكى، كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە يەر شارىدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرغاندىلا، ئېكولوگىيە كرىزىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇڭا ئۇلار قىممەت مەيدانىدا روشەن غەرب مەركەزچىلىككە قارشى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى. ئىككىنچى بىرسى، نەزەرىيىۋى خاراكتېرىدىن قارىغاندا، ئۇلاردا كېيىنكى مودېرنىزم بىلەن مودېرنىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ نۇقتىدا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم ئۆزىنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسىگە قارىتا مودېرنىزملىق تەنقىد ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىدى. «ئېكولوگىيەچىلىككە نۇرغۇنلىغان ھۆكۈمەتسىزلىك ئامىللىرى يۇغۇرۇلغان، ئۇ بىر خىل كونا سىياسىي پەلسەپە بولسىمۇ، لېكىن ھۆكۈمەتسىزلىك بىلەن كېيىنكى مودېرنىزم ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن بىردەكلىك بار. ئېكولوگىيەچىلىكتىكى قىزىل تەنقىد ــ ئۇنى تېخىمۇ مودېرنىزملىق نەزەرگە ئىگە قىلىشقا ئۇرۇنۇشتۇر». ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى «تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى» بىلەن «تەبىئەت ھوقۇق ـ مەنپەئەت نەزەرىيەسى»نى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى

نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، لېكىن ئۇلار ياكى ئېكولوگىيە ئىلمىنىڭ ياردىمىدە ئېچىپ بېرىلگەن ئېكولوگىيەنىڭ بىر پۈتۈنلۈك قانۇنىيىتىنى ياكى ئادەمنىڭ سەزگۈسى ۋە ئەخلاق مەنزىلىنىڭ ياردىمىدە تاكامۇللىششىنى نەزەرىيىۋى ئىسپات قىلىدۇ، بۇنىڭدا «پاكىتلىق ھۆكۈم»دىن «قىممەتلىك ھۆكۈم»نى بىۋاسىتە چىقىرىشتەك نەزەرىيىۋى قىيىن مەسىلە مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نىسپىيچىلىك بىلەن سىرلىقلاشتۇرۇش خاھىشى مەۋجۇت، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى يەر شارى ئەۋزەللىكلىكىنى تەكىتلەيدىغان بولغاچقا، ئىنسانپەرۋەرلىككە، ماددىچىلىققا ۋە پەنگە قارشى ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ كېيىنكى مودېرنىزملىق ئېقىم بىلەن روشەن بىردەكلىككە ئىگە، شۇڭا، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى نەزەرىيىۋى خاراكتېر جەھەتتە كېيىنكى مودېرنىزملىق مەيدانىدانغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم باشتىن-ئاخىر ئىنسانلار مەنپەئەتىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، بۇ ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى ۋارىسلىق قىلغان كېيىنكى مودېرنىزملىق مەيدانغا قارىتا كەسكىن تەنقىدىي پوزىتسىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوخشىمايدىغىنى، ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسىدە ئېيتىلغان ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى كاپىتال بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ماھىيەتتە يەنىلا «كاپىتال مەركەزچىلىكى»، «سىنىپ مەركەزچىلىكى»، «رايون مەركەزچىلىكى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەمما ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمدا ئېيتىلغان «ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى» دەل كاپىتال ۋە ئۇنىڭ يەر شارىدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى بىت-چىت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىشتۇر، كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ماركسىزم تەلىماتىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتىدۇر.

## 2

ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى قانداق چۈشىنىش ــ ھازىرقى زامان ئۈچ چوڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدە تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان يەنە بىر يادرولۇق مەسىلە، بۇ خىل مۇنازىرە ماھىيەتتە تەبىئەتچىلىكنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ياكى ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشتىكى پەرقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى گەرچە ئورگانىك نەزەرىيەدىكى دۇنيا قاراش بىلەن تەبىئەت قارىشىنى تەشەببۇس قىلىسمۇ، لېكىن ئۇ «يەر شارى ئەۋزەللىكى» بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىنىپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى، پەن-تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ئېكولوگىيە كرىزىسىنى پەيدا قىلدى، ئاندىن ئىنسانلار مەدەنىيىتى بىلەن ئېكولوگىيەنى مۇھاپىزەت قىلىشنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدى، ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇق-مەنپەئەتىنى ئېكولوگىيەنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدى دەپ قارىدى، شۇڭا، ئېكولوگىيە مەركەزچىلىكى نەزەرىيەسىدە «تەبىئەت» «بىر خىل بۇلغانمىغان، ئىنسانلارنىڭ قولى تەگمىگەن، شەھەردىن يىراق نەرسە» دەپ چۈشىنىلدى. يەنى «تەبىئەت» ئەمەلىيەتتە ناھايىتى زور دەرىجىدىكى «چۆل-جەزىرە» دەپ چۈشىنىلگەچكە، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتكە ماسلىششىدىكى بىر خىل تەبىئەتچىلىكتىكى مەۋجۇتلۇق ھالەت دەپ چۈشىنىلدى، شۇڭا ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگىنى بىر خىل قارشىلىق قورالىنىڭ ئەقلىيلىقى بىلەن قاپلانغان رومانتىزملىق ھېسسىياتلا خالاس. بۇ خىل ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشىنىش بىر خىل رادىكال مۇھىتنى قوغداش ھەرىكىتىگە سەۋەبچى بولدى، بۇ خىل رادىكال مۇھىتنى قوغداش ھەرىكىتى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ۋە تېخنىكىنى قوللىنىشقا قارشى تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجى ئۈچۈن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتىنىمۇ تەبىئىي مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق دەپ قارىدى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغان چاغدا، مۇقەررەر ھالدا مۇھىتنى بۇزۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالىدىغانلىقىنى بىلمىدى.

ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەچىلىرى ۋە ئېكولوگىيە ماركسىزمچىلىرى ئېكولوگىيە

مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي ۋە تۈپ مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىشى كېرەك دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىغا بولغان چۈشەنچىسىدە پەرق مەۋجۇت. كونكرېت ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەچىلىرى گەرچە ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ياشاش ھالىتىگە قايتىش دەپ چۈشىنىشكە قارشى تۇرسىمۇ، لېكىن يېقىنقى زامان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلىش، ئېكولوگىيە ھەرىكىتى ۋە ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتى ئاساسىغا قۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، سىجىل تەرەققىيات نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. لېكىن، مەسىلە شۇ يەردىكى، ئۇلار ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ تۈزۈم دىمونسىيونالىغا سەل قاراپ، ھازىرقى كاپىتالىستىك تۈزۈم رامكىسى ۋە كاپىتال كونتروللۇقىدىكى يەر شارى ھوقۇق سىستېمىسى ئاستىدا، ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارقىلىق، سىجىل تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇندى. بۇ خىل سىجىل تەرەققىيات ماھىيەتتە يەنىلا سانائەت مەدەنىيىتىدىكى مېخانىكىلىق تەبىئەت قارىشى ئاساسىدا قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىللە ئۇلار دېيىشۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەت يەنىلا مۇقەررەر ئابستراكت بولىدۇ، ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب: بىرىنچىدىن، ئۇلار كاپىتالىستىك تۈزۈم رامكىسى ئىچىدە ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى مۇھاكىمە قىلغانلىقتىن، بۇ ئۇلار ئېيتقان ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەزچىلىك ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىنىڭ يەنىلا كاپىتال ۋە سانائەت مەدەنىيىتى ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ «ئومۇمىي مەنپەئەتى» ۋە «كەلگۈسى مەنپەئەتى» ماھىيەتتە كاپىتالنىڭ مەنپەئەتى، سىجىل تەرەققىيات ماھىيەتتە كاپىتالىستىك سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ سىجىل تەرەققىياتىلا خالاس. ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى سانائەت مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى سىجىل تەرەققىيات دەپ چۈشەندى، لېكىن سانائەت مەدەنىيىتىگە تىرەك بولىدىغىنى مېخانىكا نەزەرىيەسىدىكى پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش ۋە تەبىئەت قارىشىدۇر، ئۇنىڭ يادروسى ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كونترول قىلىدىغان ۋە كونترول قىلىنىدىغان، پايدىلىنىدىغان ۋە پايدىلىنىلىدىغان قورال خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتكە يىغىنچاقلاشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە كاپىتالدا پايدا قوغلىشىش ۋە قىسقا مۇددەتلىك پايدىغا ئېرىشىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ تۈرتكىسىدە، «تەبىئەت» مۇقەررەر ھالدا كاپىتال ۋە شەخسنىڭ پايدا قوغلىشىشىدىكى قورال ۋە ۋاستە دەپلا قارىلىدۇ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى كاپىتالنى ئاساس قىلغان سانائەت مەدەنىيىتىگە كېرەكلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى قوغداش ئۈچۈن قانات يايدۇرۇلغان مۇھىتنى قوغداشتىنلا ئىبارەت، ئۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ «ئومۇمىي مەنپەئەتى» ۋە «كەلگۈسى مەنپەئەتى» دېگەن كۆز قارىشىدا گەرچە يەر شارىلىشىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان تەرەققىيات يۈزلىنىشى نەزەرگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەر شارىلىشىش مۇساپىسىدىكى كاپىتالنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەرگە ئالمىغاچقا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى مىللەتلەر مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ بارغانسېرى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئاساسلىقى كاپىتالنىڭ بوشلۇقتا ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە ئادىل بولمىغان خەلقئارا سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرتىپ ئارقىلىق، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بايلىق مەنبەلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش ۋە ئېكولوگىيە كرىزىسىنى دۆڭگەپ قويۇش ھەمدە ئاتالمىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى باھانە قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە مۇھىت ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىشتا ئىپادىلەندى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە كاپىتاللار ئارا ئېكولوگىيە بايلىقلىرى جەھەتتىكى مەنپەئەت توقۇنۇشى كۈچەيتىۋېتىلدى، بۇ ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسىدە ئېيتىلغان ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئەتىنىڭ مۇقەررەر ئابستراكت بولۇدىغانلىقىنى، بۇنى ئاساس قىلغان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىمۇ قۇرۇق سۆز بولۇپ، رېئال تۇرمۇشتا ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار ھەم ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ياشاش ھالىتىگە قايتىشى دېگەن كۆز قارىشىنىي ھەم ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بىلەن سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك پەرقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى تەنقىد قىلىدۇ، ئۇلار سانائەت مەدەنىيىتىدىكى مۇھىتنى قوغداشنى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىدىكى ئۇسۇل بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى ئالاھىدە شەرھلەيدۇ. ئۇلار، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ئۇنىداق نامرات ـ يوقسۇللۇقتا ياشايدىغان ھالەتكە قايتىش ئەمەس دەپ قارايدۇ، بۇ خىل ياشاش ھالىتىدە ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ زىددىيىتى ھەقىقىي مەنىدە ھەل بولىدۇ دېيىمۇ قارىمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ مۇھىتنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىدۇ. ئۇلار، ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ مۇھىتنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىشىدە ئاساسلىقى ئىككى سەۋەب بار: بىرىنچىسى، كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك تەبىئىي شارائىتقا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئۆزى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا «يېشىللىق» قالپىقىنى كىيگۈزۈپ تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئارقىلىق، مۇھىتنى قوغداش تەننەرخىنى ئىستېمالچىلارغا ئارتىش، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك كارخانىلارنىڭ مۇھىتنى قوغدىشى كاپىتالنىڭ پايدا قوغلىشىش مەقسىتىگە بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ماھىيەتتە بىر خىل سانائەت مەدەنىيىتىدىن ھالقىغان يېڭىچە مەدەنىيەت فورمىسى، ئۇ بىر تەرەپتىن سانائەت مەدەنىيىتىدىكى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى تەرەققىي قىلدۇردى، بۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسلىقى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىگە قانداق قاراش مەسىلىسىدە، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بىلەن سانائەت مەدەنىيىتى ۋارىسلىق قىلغان دۇنيا قاراش ئوخشىمايدۇ. سانائەت مەدەنىيىتى مېخانىكا نەزەرىيەسىدىكى دۇنيا قاراشقا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى كونترول قىلىش بىلەن كونترول قىلىنىش، ئىدارە قىلىش بىلەن ئىدارە قىلىنىش مۇناسىۋىتىگە يىغىنچاقلىنىدۇ، تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان پاسسىپ سۇبستانسىيە دەپ قارىلىدۇ. ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ئورگانىك نەزەرىيەسىدىكى دۇنيا قاراشقا ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا رول ئوينايدىغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يەر شارىدىكى ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئورتاق بەرپا قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ئىنسانلار تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدا، تەبىئەتتىن ھالقىغان چەكتە تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىش شەكلىدە ئاچماي ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانماي، بەلكى تەبىئەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە ھۆرمەت قىلىشى، تەبىئەتتىن ئەيمىنىشى لازىم. ئىككىنچى، تەرەققىيات ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. سانائەت مەدەنىيىتى قايتا ئىشلەپچىقىرىلمايدىغان بايلىقلار ۋە ئادەم كۈچىنى كۆپلەپ ئىشلىتىش ئارقىلىق يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇڭا، سانائەت مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان مۇھىتنى قوغداش ــ «ئاۋۋال بۇلغاپ، كېيىن تۈزەيدىغان» سانائەتلىشىش تەرەققىيات ئەندىزىسى شۇنىڭدەك «ئېشىش بىرىنچى» دەيدىغان تەرەققىيات قىممەت قارىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ئۇنىڭ مەقسىتى ـ سانائەت مەدەنىيىتىگە كېرەكلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىش بولۇپ، بۇ ئېكولوگىيە كرىزىسىنى بەلگىلىك دەرىجىدە پەسەيتەلەيدۇكى، ئېكولوگىيە كرىزىسىنى تۈپتىن تۈگىتەلمەيدۇ. ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قايتىلانمايدىغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىشتىن قايتىلىنىدىغان بايلىقلاردىن پايدىلىنىشقا ئۆزگەرتىشنى، يەنى قۇياش ئېنېرگىيەسى، شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىشنى ھەمدە ئايلانما ئىقتىسادتىكى سىجىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، يېشىل ئېششقا ئىنتىلىشنى، ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەپ ئۆتۈپ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ. ئۈچىنچى، تەشەببۇس قىلغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. كاپىتالنى ئاساس قىلغان سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى ــ ئىنسانلارنىڭ ئىستېمال قىممەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كاپىتالنىڭ پايدا قوغلىشىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، شۇڭا ئۇ يۇقىرى ئىستېماللىق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىشتىكى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. سانائەت مەدەنىيىتى تەشەببۇس قىلغان «يۇقىرى ئىستېمال» كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجىنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئۇ كۆپىنچە جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئورنى ۋە بەختلىك «سۇبيېكتىپ ئارزۇسى» ۋە «ساختا ئىستېمال»نى ئىسپاتلاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، ئۇ تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىستېمال پائالىيىتىنى كىشىلەرنىڭ قانائەت ۋە بەختكە ئېرىشىشىدىكى بىردىنبىر ئۇسۇل ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى قىلىۋېلىشقا قارشى تۇرىدۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتىنى ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجى ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ يېشىل ئىستېمال ۋە بۇلغانمىغان تۇرمۇشقا ئىنتىلىش، ئاكتىپ ئىجادىي پائالىيەت جەريانىدا قانائەت ۋە بەختكە ئىنتىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. شۇڭا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار تەشەببۇس قىلغان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى ھەم ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا قارشى تۇرمايدۇ ۋە قوللىنىشقىمۇ قارشى تۇرمايدۇ، بەلكى ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش، تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش بىلەن ئادەمنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ۋە تەبىئەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنى ئورگانىك بىرلەشتۈرىدۇ.

يۇقىرىقى مۇنازىرىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى تەبىئەتچىلىكنى ئاساس قىلىپ، تەبىئەتنى ئىنسانلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدۇ، ئۇلار ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ياشاش ھالىتىگە قايتىشى دەپ چۈشىنىۋالىدۇ، بۇ ئېنىقكى بىر خىل رومانتىزملىق ئۇتوپىيەدۇر. ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم ئىنسانىيلىق ئارقىلىق تەبىئەتچىلىككە قارشى تۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى: ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنى سانائەت مەدەنىيىتى ئاساسىدىكى مۇھىتنى قوغداش بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم بولسا ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ سانائەت مەدەنىيىتىدىن ھالقىغان يېڭىچە مەدەنىيەت فورماتسىيەسى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

## 3

ئېكولوگىيەنى تۈزەپ، ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى قانداق تۈگىتىش ھەققىدە ھازىرقى زامان ئۈچ چوڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەچىلىرى كەسكىن مۇنازىرىنى قانات يايدۇردى، بۇ خىل مۇنازىرە ماھىيەتتە ھۆكۈمەتسىزلىك، لىبېرالىزم ۋە ماركسىزم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى.

ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەچىلىرى ئېكولوگىيەنى تۈزەش مەسىلىسىدە ئاساسلىقى ئېكولوگىيەچىلىك ۋە ئېكولوگىيە ھۆكۈمەتسىزلىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەرنى شەكىللەندۈردى. ئېكولوگىيەچىلىك نەزەرىيەسى ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، «تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى» بىلەن «تەبىئەت ھوقۇق ـ مەنپەئەت نەزەرىيەسى»نى تىكلەشنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى يوقىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئېكولوگىيە ئاپتونومىيەچىلىكى بولسا ئېكولوگىيە پائالىيىتى، ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە سوتسىيالىزمنى بىرلەشتۈرۈپ، مەھەللىۋى ئېكولوگىيەلىك ئاپتونومىيە قاتارلىق يەرلىك خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارىدى. ئۇلاردىكى ئوخشاشلىق، كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىن ئايرىلىپ، قىممەت قاراش بىلەن شەخسنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىش يوللىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن ئىبارەت. ئوخشىمايدىغىنى، ئېكولوگىيەچىلىك ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە

كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەب دەپ قارايدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئاساسلىقى ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك قىممەت قارىشىدىكى ئۆزگىرىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلىدى. ئېكولوگىيە ئاپتونومىيەچىلىرى بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن تەبىقىچىلىك تۈزۈمىدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتى، شۇنىڭدەك مۇشۇ ئاساستا شەكىللەنگەن ھۆكۈمرانلىق ئېڭى كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق ئېڭىنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش خاراكتېرلىك ھۆكۈمرانلىققا كېڭەيتىشكە سەۋەبچى بولۇپ، ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ قارىدى. شۇڭا، ئۇلار بىر تەرەپتىن ئېكولوگىيە مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، جانلىقلار چەمبىرىكىدىكى باراۋەرلىك قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقا قارشى تۇرسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار رادىكال سىنىپىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىشقا قارشى تۇرۇپ، ئۆلگە خاراكتېرلىك ئېكولوگىيە مەھەللە قۇرۇلۇشى ۋە شەخسنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىكى تەدرىجىي ئۆزگىرىش ئارقىلىق، مىللىي دۆلەتتىن ھالقىغان، تارقاق، يەرلىك ئاپتونومىيە ۋە بىۋاسىتە دېموكراتىيەنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەبىئەت ئەپ ئۆتىدىغان بۇلغانمىغان جەمئىيەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئېكولوگىيە ئۆلگە مەھەللىسى قۇرۇش، قىممەت قاراش ۋە شەخسنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشنىڭ ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. ئومۇمەن، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق ــ «ھازىرقى زاماندىكى چوڭ كۆلەملىك تېخنىكا، تېخنىكا بىلەن بيوروكرات سەرخىللارغا بولغان ئىشىنىش كەمچىل ھەم ئۇلار ھوقۇقنىڭ مەركەزگە يىغىۋېلىنىشى بىلەن ماددىيچىلىققا نەپرەتلىنىدۇ».

ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى ئاساسلىقى لىبېرالىزمنى ئاساس قىلغان مۇھىتچىلىق ئېكولوگىيەسىنى تۈزەش نەزەرىيەسىدۇر. مۇھىتچىلىق «مۇھىت مەسىلىسىگە قارىتا باشقۇرۇش خاراكتېرلىك بىر خىل چارە بارلىقىغا، ئۇلارنى نۆۋەتتىكى قىممەت ياكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تۈپتىن ھەل قىلمايمۇ ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ». ئۇلارنىڭ قارىشىچە، نوپۇسنىڭ بەك تېز كۆپىيىشى ۋە تېخنىكىنىڭ كونترولسىز ئىشلىتىلىشى، بولۇپمۇ «تەبىئەت»نى خۇدانىڭ ھەقسىز ئىلتىپاتى دەيدىغان كۆز قاراش ھازىرقى زاماندىكى ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ سەۋەبتۇر. يۇقىرىقى سەۋەبلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلار ھازىرقى تۈزۈم رامكىسى دائىرىسىدە نوپۇسنىڭ ئېشىشىنى چەكلەش، تېخىمۇ ياخشى يېڭى تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەبىئىي بايلىقلارنى بازارلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز تەلىماتىدىكى ئېكولوگىيەنى تۈزەش نەزەرىيەسىنى لىبېرالىزملىق نەزەرىيە سىستېمىسىغا يىغىنچاقلاشتىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن ئېكولوگىيە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت، توقۇنۇش مەۋجۇت دەپ قارايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ نەزەرىيەسىنىڭ مەقسىتى ــ كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشتۇر.

ئېكولوگىيە ماركسىزمچىلىرى ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسىدىكى ئېكولوگىيەنى تۈزەش نەزەرىيەسىنى تەنقىدلىدى، مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيەنى تۈزەش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيە مەركەزچىلىك نەزەرىيەسىگە بولغان تەنقىدى ئاساسلىقى ئۈچ تەرەپكە يىغىنچاقلىنىدۇ: بىرىنچى، ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ پەيدا بولۇشى گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيە قىممەت قارىشىدىكى كەمتۈكلۈك بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئېكولوگىيە كىرىزىسىنىڭ ماھىيىتى ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى ماددا ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ، ئەمما ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ماددا ۋە ئېنېرگىيە ئالماشتۇرۇش جەريانى ھەمىشە مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئاساسىدىكى ئەمگەك جەريانىدا تاماملىنىدۇ. شۇڭا، تۈزۈم دېمونسىيونالىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايرىلىپ ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلغىلى بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى تەشەببۇس قىلغان «تەبىئەت قىممەت نەزەرىيەسى» بىلەن «تەبىئەت ھوقۇق مەنپەئەت نەزەرىيەسى» نەزەرىيۋى جەھەتتە ئەتراپلىق ۋە ئىلمىي دەلىللەنمەيلا قالماستىن، ئۇلاردىكى ئاتالمىش تەبىئەت ئەخلاقى تەبىئەتنى سىرلىقلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى بىلەن ئېكولوگىيەنى قوغداشنى مۇتلەق قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدى، بۇ خىل ئىنسانپەرۋەرلىككە قارشى ئۇسۇل بىلەن ئېكولوگىيە كرىزىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئۈچىنچى، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مەھەللىۋى ئاپتونومىيە قاتارلىق يەرلىك خاراكتېردىكى ئېكولوگىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ھازىرقى زاماندىكى ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، يەرلىك خاراكتېردىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ماھىيىتى بىلەن كاپىتالنىڭ يەر شارىلىششى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى تونۇپ يەتمىدى، كاپىتال يېتەكچىلىكىدىكى يەر شارى سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىشتىن ئايرىلىپ قالغاندا، يەرلىك خاراكتېردىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەچىلىرىنىڭ ئېكولوگىيەنى تۈزەش نەزەرىيەسىگە قارىتا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار ئۇلارنى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ تۈپ مەنبەسىنى خاتا ئىزدەپلا قالماستىن، ئېكولوگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىشنىڭ رېتسېپىنىمۇ خاتا كېسىۋالدى دەپ تەنقىد قىلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى نوپۇسنىڭ ئېشىشى بىلەن تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ تۈپ مەنبەسى، لېكىن بۇنىڭدىكى مەسىلە ــ نوپۇسنىڭ «شىددەتلىك كۆپىيىشى» ئاساسلىقى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بولسىمۇ، لېكىن ئېكولوگىيە كرىزىسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈپ مەنبە ئاساسلىقى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە دەپ قارىدى. چۈنكى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ھازىرقى دۇنيادا تەبىئىي بايلىقلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئىستېمالچىلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار يەنە ئۆزلىرى ئورناتقان ئادالەتسىز خەلقئارا سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرتىپتىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مۇھىت مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخنىكىنىڭ ئۆزىدە ئېكولوگىيە مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى ــ تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىش يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان ئىجتىمائىي ئاساس بىلەن قىممەت قاراشنىڭ خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىدە. ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈم رامكىسىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپمۇ تېخنىكىنى يەنىلا پايدا قوغلىششنى ئۆزىنىڭ خاراكتېرى قىلغان كاپىتال ئاساسىدا قوللانغىلى بولىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ ــ ئۇلارنىڭ تېخنىكا ئىسلاھاتى ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى تېخنىكىلارنى قوللانغاندىمۇ ئېكولوگىيە كرىزىسىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى كاپىتالنىڭ تەبىئەتنى تالان ـ تاراج قىلىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېولوگىيە كرىزىسنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەبىئەتنى بازارلاشتۇرۇش تەشەببۇسىغا قارىتا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار بىر تەرەپتىن بىرقىسىم تەبىئەت بۇيۇملىرىنى بازار باھاسى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ كاپىتال ۋە پۇلنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان قىممەت كۆز قارىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەككە ھالدىكى ئىگىلىۋېلىش مۇناسىۋىتى دەپ قارايدىغان كۆز قاراش، ئەلۋەتتە بۇ ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە كرىزىسىنىمۇ ھەل قىلالمايدۇ، دەپ تەنقىد قىلدى.

ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيەنى تۈزەش نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ نەزەرىيەنىڭ يادروسى ــ تۈزۈم ۋە قىممەت كۆز قارىشىدىكى قوش ئىسلاھاتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. بۇ يەردىكى تۈزۈم ئىسلاھاتى ـ ئاساسلىقى كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ،

ئۇنىڭ ئورنىغا ئېكولوگىيەلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى دەسسىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، تۈزۈم ئىسلاھاتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ــ ئېكولوگىيە كرىزىسىنى تۈگىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. ئۇلارنىڭ بۇ كۆز قاراشقا ئىسلىلۋىلىشىدىكى سەۋەب، ئۇلار كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ماھىيەتتە ئېكولوگىيەگە قارشى بولۇپ، ھازىرقى ئېكولوگىيە كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۈپ مەنبە، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ داۋلىسى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىستېمال قىممىتىدە ئەمەس، بەلكى ئالماشتۇرۇش قىممىتىدە، ئۇ تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا كاپىتالنىڭ پايدا قوغلىشىش تەلىپىگە بويسۇنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. كاپىتالنىڭ پايدا قوغلىشىش خاراكتېرىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى مۇقەررەر ھالدا ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ، بۇنىڭ بىلەن چەكلىك بولغان تەبىئەت مۇناسىۋەتداشلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر زىددىيەت، توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ. ئىككىنچى، كاپىتالغا مۇجەسسەملەنگەن ئىقتىسادىي ئاقىلانىلىك ئاساسىدىكى ماددىي ھەۋەس ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قىممەت قارىشى بولۇپ، ئۇ كاپىتال بىلەن پايدا قوغلىشىش خاراكتېرى جەھەتتە بىرلىككە ئىگە. بۇ خىل قىممەت قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇقەررەر تېخنىكىنىڭ ئەقىلسىزلارچە قوللىنىلىشى ۋە يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كاپىتالىستىك كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا تىرەك بولۇش، كاپىتال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ قانۇنىي خاراكتېرىنى ساقلاش ئۈچۈن، كاپىتال مۇقەررەر ھالدا ئىستېمالچىلىق قىممەت قارىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئىستېمال ساھەسىگە يېتەكلەپ، ئۇلارنى قانائەت ۋە بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ، بۇ ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ھازىرقى زاماندا ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۈچىنچى، كاپىتالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش تارىخى ــ كاپىتالنىڭ ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنى مۇستەملىكە قىلىش ۋە تالان ـ تاراج قىلىش تارىخى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرمۇ كاپىتال ئۆزى ئورناتقان خەلقئارا سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرتىپتىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تالان ـ تاراج قىلماقتا ھەمدە ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى خەلقئارالىق ئىش تەقسىماتى ۋە كەسىپلەرنى يۆتكەش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە دۆڭگەپ، يەر شارى خاراكتېرلىق ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار ئېكولوگىيە پائالىيىتىنى كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە يەر شارى سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتەك رادىكال سىنىپىي ھەرىكەتكە يۆتكەپ، ئېكولوگىيەلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. چۈنكى، ئېكولوگىيەلىك سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى ــ ئالماشتۇرۇش قىممىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق ياشاش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭدىكى ئىشلەپچىرىشمۇ ئىقتىسادىي ئاقىلانىلىكنى ئاساس قىلىش ئەمەس، بەلكى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئەپ ئۆتۈشىدەك ئېكولوگىيەلىك ئاقىلانىلىككە رىئايە قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قىممەت كۆز قارىشىنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قىممەت كۆز قارىشىدىكى ئىسلاھات ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلارنىڭ نەزىرىدە ئاساسلىقى ئۈچ مۇھىم مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى، ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنى ئاقلاش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنى يېڭىدىن شەرھلەيدۇ. ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار ئېيتقان ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشىنىڭ يادروسى كوللېكتىپنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىنى، بولۇپمۇ نامراتلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىدۇ، شۇڭا، بۇ خىل ئىنسانلار مەركەزچىلىك قىممەت قارىشى بىلەن ئېكولوگىيە ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت ھاسىل بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنىڭ مەقسىتى تەبىئەت تەرەققىياتى بىلەن ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە تەرەققىياتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. ئىككىنچى، بىر خىل يېڭى تېخنىكا ئېتىكىسىنى ئورنىتىش كېرەك. يېقىنقى دەۋردىن بۇيان پەن ـ تېخنىكىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي يۈكسىلىش قارىشى تېخنىكىنى تەبىئەتنى كونترول قىلىپ، ئادەمنىڭ ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشنىڭ قورالى دەپ تونۇدى، نەتىجىدە تېخنىكىنىڭ قالايمىقان قوللىنىلىشىنى ۋە ئادەم بىلەن تەبىئەت مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار تېخنىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قوللىنىشنىڭ ئاكتىپ رولىنى تەكىتلىگەن چاغدا، تېخنىكىنى چەكلەش كېرەك دەپ قارىدى. بۇ خىل چەكلەش تېخنىكىنى چەتكە قېقىش ئەمەس، بەلكى تېخنىكىنى تەبىئەتنى ئادەمگە بويسۇندۇرۇشتىكى ئەقىلسىز ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ قورالى دەپ قاراشنى تېخنىكىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئەقىلسىز ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلىشقا يۆتكەپ، تېخنىكا يۈكسىلىشى بىلەن ئادەمنىڭ ئەخلاق يۈكسىلىشى ۋە ئۇمۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى بىردەكلىككە ئىگە قىلىش ئارقىلىق، ئىسراپچىلىق خاراكتېرلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىشتۇر. ئۈچىنچى، بىر خىل جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىق ئېتىكىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئېكولوگىيەلىك ماركسىزمچىلار تەشەببۇس قىلغان جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىق ئېتىكىسىنى تۇرغۇزۇش ـــ تەبىئەتكە ئەخلاق ئورنى بېرىپ، تەبىئەتنى سىرلىقلاشتۇرۇش بولماستىن، بەلكى ئىنسانلاردىن تېخنىكىنى قوللىنىش جەريانىدا تار ئىنسانلار مەركەزچىلىكىدىن ھالقىپ، تەبىئەتنىڭ چەكلىمىسى ۋە تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىش خېيىم ـ خەتىرىنى تولۇق ئويلىشىپ، تەبىئەتنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق، تەبىئەتتىن ھېيقىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەڭ ئاخىردا ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن تەبىئەتنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتۇر.

## 4

ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى، ماھىيىتى ۋە ئېكولوگىيەنى ئىزدىنىش چۈرىدەپ ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىنىڭ نۆۋەتتىكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى تەتقىقاتىغا ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە قارىتا قانداق قىممىتى بار، بۇ بىز ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. بۇ ماقالىدە ئۇنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۈچ تەرەپتىن مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.

بىرىنچى، غەرب ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنىڭ زومىگەرلىكىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىش تەرەققىيات ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، كېيىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنى تۇرغۇزۇش ـ مەملىكىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى تەتقىقاتىدا ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، غەربنىڭ ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى ۋە ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى ھازىرقى زامان غەرب ئەللىرىدە يەنىلا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇش بىلەن بىللە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى تەتقىقاتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى. لېكىن، ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدىكى مۇنازىرىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى ۋە ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسى نەزەرىيۋى ئابستراكتلىقتا ۋە مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى بەلگىلەش نەزەرىيەسىدەك كەمتۈكلۈككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىممەت مەيدانىدا يەنە غەرب مەركەز نەزەرىيەسىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن زامانىمىزدىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ ھەقىقىي چىقىش يولىنى تاپقىلى بولمايدۇ. نۆۋەتتە يەر شارى ئېكولوگىيەسىنى ئىزدىنىش چۆرىدەپ تەرەققىي قىلغۇاتقان دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ يەر شارى ئېكولوگىيەسىنى تەرتىپكە سېلىش مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش مەسىلىسىدە كەسكىن مۇنازىرە بولۇۋاتىدۇ، بۇ مۇنازىرە ھازىرقى زامان يەر شارىدىكى ئېكولوگىيە مەسىلىسىنىڭ تۈپ مەنبەسىگە ۋە ئۇنى ئىزدىنىش يوللىرىغا قانداق قاراش مەسىلىسى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بۇ ھازىرقى ئادىل بولمىغان خەلقئارالىق سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرتىپنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقى بىلەن مۇھىت ھوقۇقى مەسىلىسىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق دېگەن مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، بۇ مۇنازىرە ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن مىللىي دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى، كاپىتال بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھازىرقى زاماندىكى ئېكولوگىيە كرىزىسىنىڭ تۈپ مەنبەسىنى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا دۆڭگەپ قويىدى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ

ئومۇمىي مەنپەئەتنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ھوقۇقى ۋە مۇھىت ھوقۇقىغا ئارىلاشتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى كاپىتالنىڭ ھازىرقى زامان يەر شارى ئېكولوگىيەسىنى تەرتىپكە سېلىشتا ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك تارىخىي مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كاپىتالنىڭ پايدىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت. ئەمما، ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىنسانلار مەركەز نەزەرىيەسىدىكى ئېكولوگىيە مەركەز نەزەرىيەسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئابستراكت بولغان ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى بىلەن كەلگۈسى مەنپەئەتىدە بولۇۋاتىدۇ، بۇ نەزەرىيەلەر گەرچە بىز ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىگە قارىتا ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى تەتقىقاتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولالمايدۇ، بۇ دەل ئېكولوگىيەلىك ماركسىزملىق نەزەرىيەنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. چۈنكى، ئېكولوگىيەلىك ماركسىزم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق سىنىپىي ئانالىز مېتودى ۋە تارىخىي ئانالىز مېتودى ئارقىلىق ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشتا ئاڭلىق چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى كاپىتال لوگىكىسى بىلەن ئېكولوگىيە كرىزىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش ئۈستىدە چوڭقۇر ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنىڭ تۈزۈم دىمونسىيونالى ۋە پەلسەپىۋى قىممەت قاراش دىمونسىيونالىنى ئورگانىك بىرلەشتۈردى، بۇ بىزنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمنى ئاساس قىلغان كېيىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنى تۇرغۇزۇشىمىزنىڭ مۇھىم نەزەرىيە مەنبەسىدۇر.

ئىككىنچى، سانائەت مەدەنىيىتى بىلەن ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ــ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە دۇچ كېلىدىغان مۇھىم مەسىلە. سانائەت مەدەنىيىتى بىلەن ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىگە قانداق قاراشتا، ئىككى خىل خاتا تونۇش مەۋجۇت. بىرى، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بىلەن سانائەت مەدەنىيىتىنى مۇتلەق قارىمۇ-قارشىلاشتۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتتە سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ ماھىيەتتە مۇتلەق قارىمۇ-قارشى مۇناسىۋەتتە ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىپ شاكىلىنى تاشلىۋېتىش مۇناسىۋىتىدە ئىكەنلىكىنى ئۇقماسلىق. بۇ خاتا تونۇشنىڭ يېتەكلىشىدە، بەزى نەزەرىيەچىلەر ياكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى قارىمۇ-قارشىلاشتۇرۇپ قويىدى؛ ياكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى قۇرۇلۇشىنى ھازىرقى زامان تېخنىكىسىنى چەتكە قېقىش، ئىنكار قىلىش بولۇپ، ئۇنىڭ تەبىئىي ھالەتكە قايتىشى دەپ چۈشەندى. نەزەرىيە تەتقىقاتىدا، ھەتتا جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى كۆكزىچىلىق، بۇددا، تەرىقەتچىلىك تەلىماتلىرىدا ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى سىستېمىلىق شەرھلىنىپ بولغان، دەپ قارالدى. ئىككىنچىسى، سانائەت مەدەنىيىتىدىكى مۇھىتنى تەرتىپكە سېلىشنى ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىگە تەڭلەشتۈرۈپ قويۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بىلەن سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئۇسۇلىدا ساقلىنىۋاتقان ماھىيەتلىك پەرقىنى يوققا چىقاردى. ئەمەلىيەتتە، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى غەرب مەركەز نەزەرىيەسىدە ئېيتىلغاندەك تېخنىكىنى يوقسەلدۈرۈش، تېخنىكىنى قوللىنىش ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى قەتئىي چەتكە قېقىش ئەمەس، ئۇلار تەشەببۇس قىلغان تەبىئىي ھالەتكە قايتىشمۇ ئەمەس. دەل ئەكسىچە، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتىدە سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش تەكىتلىنىدۇ، ئۇ تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە تېخنىكىنى قوللىنىشقا قارشى تۇرمايدۇ، ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشقىمۇ قارشى تۇرمايدۇ، ھەتتا تېخنىكا يۈكسەلمىسە ۋە ئىقتىساد ئاشمىسا ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدا كاپىتالنى ئاساس قىلغان سانائەت مەدەنىيىتىدىكى تېخنىكىنى قوللىنىش ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنىڭ ئەقىلسىزلارچە تەبىئەتنى كونترول قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى چەكسىز ھالدا كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تەرەققىيات ئۇسۇلى ۋە

www.uyghurkitap.com

ياشاش ئۇسۇلىغا قارشى تۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا تېخنىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئىقتىسادنى ئاشۇرۇشنى ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتقا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ تۈپ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىشقا بويسۇندۇرۇش كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئوخشاشلا، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى بىلەن سانائەت مەدەنىيىتىدىكى مۇھىت قوغداش ئوتتۇرىسىدىمۇ ماھىيەتلىك پەرق بار. سانائەت مەدەنىيىتىدىكى مۇھىتنى قوغداشنىڭ گەرچە ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى پەسەيتىش جەھەتتە ئىجابىي ئەھمىيىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ماھىيەتتە مېخانىكىلىق دۇنيا قاراش ۋە تەبىئەت قارىشى، ئاشۇرۇش بىرىنچى، ماددىي ھەۋەس ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان تەرەققىيات قىممەت قارىشى ۋە «ئاۋۋال بۇلغاپ، ئاندىن تۈزەش» تەك تەرەققىيات ئۇسۇلى بىلەن چېتىشلىق بولغاچقا، ئېكولوگىيە مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتالمىدى. ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش ۋە تەبىئەت قارىشى، تەرەققىيات قىممەت قارىشى ۋە تەرەققىيات ئۇسۇلى جەھەتتە سانائەت مەدەنىيىتىدىن تۈپتىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ سانائەت مەدەنىيىتىدىن كېيىنكى ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ يېڭىچە فورمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، ھازىرقى زامان غەرب ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدە غەرب مەركەز نەزەرىيەسى بىلەن غەيرىي غەرب مەركەز نەزەرىيەسى ، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن تەبىئەتچىلىك، لىبېرالىزم بىلەن ماركسىزم ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە گىرەلىشىپ كەتكەن، ئەگەر بىز تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىدا ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنى تۇرغۇزۇشتەك تەپەككۇر يولىنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇ ھالدا جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيە تەتقىقاتىدا كاپىتال لوگىكىسى بىلەن ئېكولوگىيە كىرىزىسى، تېخنىكا، نوپۇس بىلەن  تەبىئەتنىڭ چەكلىكلىكى قاتارلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش بىلەن بىللە، ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيە تەتقىقاتىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك دىمونسىيونال بىلەن يەرلىك خاراكتېرلىك دىمونسىيونال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر. يەر شارى خاراكتېرلىك دىمونسىيونال ـ ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنى يەر شارىلىشىشتىن ئىبارەت ماكرولۇق تارىخىي نەزەر بويىچە ئېلىپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدە يەر شارى مەنپەئەتى بىلەن ئىنسانلار مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەخلاق جەھەتتە تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. يەرلىك خاراكتېرلىك دىمونسىيونال ـ ئاساسلىقى جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ھوقۇقى بىلەن مۇھىت ھوقۇقىنى كۈچىمىزنىڭ بارىچە قوغداپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. يەر شارى خاراكتېرلىك دىمونسىيونال بىلەن يەرلىك دىمونسىيونال ماھىيەتتە ئىنسانلار مەنپەئەتى بىلەن مىللىي دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدۇر، شۇنىڭ بىللە يەنە مىللىي دۆلەتلەرنىڭ يەر شارى مۇھىتىنى تەرتىپكە سېلىشتىكى مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرگە دىققەت قىلغان ۋە ئۇلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلغاندىلا، ئاندىن غەربنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنىڭ زومىگەرلىك ئورنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مۇھىتنىكى ھەقىقەتنى تۇرغۇزغىلى، جۇڭگونىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىنىڭ زامانىۋىلىقىنى تۈپتىن گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

(«شىنخۇا تەرمىلىرى» نىڭ 2012 ـ يىللىق 23 ـ سانىدىن ئېلىندى )

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەدجان مۆمىن

تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابدۇرازاق تۆمۈر

# يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقى: تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمى

لىن يىفۇ

## تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنى نېمە ئۈچۈن قايتىدىن ئويلىنىشىمىز كېرەك؟

تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقى ھازىرقى زامان ئىقتىسادشۇناسلىقى ئىچىدىكى بىرقەدەر يېڭىراق بولغان تارماق ساھەدۇر. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۆپلىگەن مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئېرىشىپ، ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئېھتىياج تۈپەيلى ھازىرقى زامان ئىقتىسادشۇناسلىقىدىن بىر تارماق ساھە بۆلۈنۈپ چىقىپ تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقى بولۇپ قالدى. تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ تۇنجى قېتىملىق پىكىر ئېقىمى قۇرۇلمىچىلىق دەپ ئاتالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كىرىمى ۋە دۆلەت كۈچىنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە ئوخشاش ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى بار بولۇش، شۇنداقلا كەسىپلەردە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە يېتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدىكى زامانىۋى كاپىتال ۋە تېخنىكىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسىپكە ئىگە بولۇشى كېرەك دەپ قارىغان. بىراق، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر نېمە ئۈچۈن شۇ خىلدىكى زامانىۋى چوڭ كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا بازار كاسات بولغانلىقتىن، بازارغا بايلىق تەقسىملىگەندىمۇ ئۇنداق كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولمايدۇ دەپ قارالغان. شۇڭلاشقا، قۇرۇلمىچىلىق ھۆكۈمەت رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بايلىق مەنبەسىنى بىۋاستە ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە بايلىق مەنبەسىنى تەقسىملەش ئارقىلىق بازار كاساتچىلىقىنى تۈگىتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تېز سۈرئەتتە زامانىۋىلاشقان چوڭ كەسىپلەرنى بەرپا قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن. ئۆتمۈشتە بۇ خىل زامانىۋى ياسىمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىمپورت قىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ سىياسەتنىڭ نىشانى دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىپ قايتا ئىمپورت قىلماسلىق، بۇ خىل تەرەققىيات سىياستى «ئىمپورتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئىستراتېگىيەسى» بولدى. قۇرۇلمىچىلىق يەتمەكچى بولغان نىشان يۈكسەك بولۇپ، تەھلىل قىلىشتىكى لوگىكىسى ئەستايىدىللىق ۋە ئېھتىياتچانلىقتۇر. بىراق، مەسىلە شۇكى، ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە مەبلەغ سېلىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىقتىساد تېز سۈرئەتتە ئاشقاندىن كېيىن، ئىقتىساد توختاپ قېلىپ، كېيىن كرىزىس توختىمايدۇ. شۇنداقلا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرق كىچىكلىمەستىن، بەلكى بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قۇرۇلمىچىلىق تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىغا قارىتا قايتا ئويلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ھەمدە يېڭى لىبېرالىزم ئۆزگە خاس بولغان تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقى ئۈچۈن 2 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرى 80 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھۆكۈمەتلىرى بايلىق تەقسىملىنىش ئۈنۈمى ئىنتايىن تۆۋەن، پۈتكۈل گەۋدىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىسىنىڭ تولىمۇ ناچار بولۇشىغا كۆپلەپ ئارىلىشىۋالغان. ئەكسىچە، ئەينى ۋاقىتتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى بىرقەدەر ئاز بولۇپ، بازارنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىرقەدەر ئۈنۈملۈك بولغان. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ياخشى بولماسلىقىنىڭ سەۋەب، ھۆكۈمەت رولىنى يوقىتىپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە ئوخشاش مۇكەممەل

www.uyghurkitap.com

بولغان زامانىۋى بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئورناتمىغان دېگەن قاراش ئومۇملاشقان. شۇنىڭ بىلەن، تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ 2 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە شۇ تۈردىكى مۇكەممەل بولغان بازار ئىقتىسادىي سىستېمىسى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش تەكلىپىنى بەرگەن، بۇ بايانلارنىڭ لوگىكىسىمۇ ئەستايىدىل ۋە ئېھتىياتچان بولغان.

بىر مۇكەممەل بولغان بازار ئىقتىسادىي سىستېمىسى قۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا «ۋاشىنگتون ئورتاق قارىشى» ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، مۈلۈك هوقۇقى ئېنىق بولۇش، هۆكۈمەت پەقەت رېپىرلا بولۇش، تەنھەرىكەتچى بولماسلىق؛ ئىككىنچى، بازارلاشتۇرۇش، هۆكۈمەت باهانىڭ شەكىللىنىشىگە ئارىلاشماسلىق، باها بازاردىكى تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلىش؛ ئۈچىنچى، هۆكۈمەت خامچوتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئەگەر مالىيە قىزىل رەقىمى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، پۇلنى كۆپ تارقىتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلۈپ، پۇل پاخاللىششى كېلىپ چىقىدۇ؛ تۆتىنچى، ئەركىنلەشتۈرۈش، بازارنىڭ هەرىكىتىگە ئارىلىشىۋالماي، بازاردا بىرقەدەر ئەۋزەل خەلقئارا سودا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ سىياسەتلەرنىڭ هەممىسى ئىنتايىن يوللۇق، هالقىسىمان تۇتۇشۇپ كەتكەندەك تۇرسىمۇ، بىراق ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ، 90 ـ يىللىرى «ۋاشىنگتون ئورتاق قارىشى» ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى قۇرۇلمىچىلىقنى 60 ـ يىللاردىن 70 ـ يىللارغىچە ئومۇملاشتۇرۇشقا قارىغاندا تۆۋەن بولغان هەمدە ئىقتىسادىي كرىزىس يۈز بېرىش قېتىمى يۇقىرىلاپ كەتكەن. تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ 2 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمى ــ يېڭى لىبېرالىزمىمۇ ئوخشاشلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە ياردەم قىلىپ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى كىچىكلىتىش ئارزۇسىغا يېتەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە پەرقى يەنىلا بارغانسېرى چوڭىيىپ كەتكەن.

مۇقەررەركى، بۇ جەرياندا ئاز ساندىكى بىر قانچە ئىقتىسادىي تۈرلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، بۇلار ياپونىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «تۆت كىچىك ئەجدىها»نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ بىر قانچە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىقتىسادىي تۈرلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى «ئېكسپورتقا يۈزلەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسى»نى تۇتقا قىلىپ، ئەمگەك كۈچى زىچ، ئېغىرلىقى يېنىك، ئەمگەك كۈچى زىچ، ئېغىرغا ئالغۇچىلىكى يوق كەسىپلەرنىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنى باشلاپ، ئېكسپورتقا تايىنىپ تاشقى پېرېۋوتتىن پايدا ئېلىش، كاپىتال يىغىپ، بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ۋە 60 ـ يىللىرى خاتا دەپ قارالغان بۇ خىل سىياسەت ئاخىرىدا يەنىلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

بىز ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ۋە 90 ـ يىللىرىدىكى ئەھۋالغا قايتىدىن نەزەر سېلىپ باقايلى. ئەينى ۋاقىتتا مەيلى خەلقئارادا ياكى دۆلىتىمىزدە بولسۇن، نۇرغۇنلىغان ئالىملار پىلانلىق ئىگىلىك بازار ئىگىلىكىگە يەتمىگەن ئەھۋالدا پىلانلىق ئىگىلىكنى بازار ئىگىلىكىگە يەتكۈزمەكچى بولىدىكەنمىز، ئۇنىڭدا شوكلاندۇرۇپ داۋالاش ئارقىلىق «ۋاشىنگتون ئورتاق قارىشى»نىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، بازارلاشتۇرۇش، ئەركىنلەشتۈرۈش قاتارلىق تەكلىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، هۆكۈمەت قول تىقىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇرۇلۇشلارنى بىر قېتىمدىلا ئۈزۈل ـ كېسىل يوقۇتۇپ، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ بۇ قىرغىقىدىن بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئاتلاپ ئۆتۈشىمىز كېرەك دېگەن كۆز قاراشنى قوبۇل قىلغان. ئەينى ۋاقىتتىكى قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئەگەر ئىككى ـ ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ ئاتلايدىكەنمىز، ئۇنىڭدا چوقۇم مەغلۇب بولىمىز. بولۇپمۇ جۇڭگو ئومۇملاشتۇرغان قوش رېلىسلىق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئىسلاهاتى ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ناچار ئۆزگىرىش ئىستراتېگىيەسى دەپ قارالغان. چۈنكى، بۇ خىل رېلىس ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىر تەرەپتىن داۋاملىق ئەسلىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن

بازار ئىجازىتىنى قويۇۋەتكەن. كۆپلىگەن كىشىلەر ھۆكۈمەتنىڭ مۇھاپىزىتى ۋە ئىقتىسادىي ياردىمىگە قوشۇپ بازار ئىجازىتىنى قويۇۋەتكەندە، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش پۇرسىتىنى كۆپلەپ يارىتىپ بېرىپ، خىيانەتچىلىك قىلىپ چىرىكلىشىشتەك بىرقاتار مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ دەپ قارىغان. لېكىن، ھازىر قاراپ باقساق، ئىقتىسادنىڭ مۇقىملىقى ۋە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان جۇڭگو، ۋيېتنام، كامبودژا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە قوش رېلىسلىق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئىسلاھاتىنى ئومۇملاشتۇرۇشتەك ئىقتىسادىي تۈرلەر ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ خىل قوش رېلىسلىق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش تۈزۈمىنى ئەڭ بالدۇر ئۆزگەرتكەن دۆلەت ــ ھىندى ئوكياندىكى ئارال دۆلىتى ــ ماۋرىتىئۇستىن ئىبارەت. ئىسلاھات شەكلىمۇ جۇڭگو كېيىنچە تۈپلىگەن شەكىل، يەنى بىر تەرەپتىن داۋاملىق ئىلگىرىكى ئىستراتېگىيەلىك كەسىپلەرگە قوغداش خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىدىن قۇرۇلغان ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئالاھىدە رايونىدا ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرى، دۇنيا بانكىسى كېيىنچە نوبېل مۇكاپاتىغا نائىل بولغان جامىس مىللېرنى بۇ دۆلەتكە بېرىپ «دىئاگنوز» قويۇشقا تەكلىپ قىلغان بولۇپ، «دىئاگنوز»دا بۇ بىر قىلچىلىك ئۈمىد يوق دۆلەت دەپ نەتىجە چىقىرىلغان. نېمە ئۈچۈن؟ ئالدى بىلەن ئۇنىڭدىكى دۆلەت بازىرىنىڭ كۆلىمى ئىنتايىن كىچىك، پەقەت 500 نەچچە مىڭ نوپۇسى بار، شۇنداقلا ھىندى ئوكياندا يەككە ـ يېگانە بولۇپ، ھېچقانداق ئاساسلىق بازار بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىنتايىن يىراق؛ ئۇنىڭدىن قالسا ئىقتىسادشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە دۆلەت مەغلۇب بولۇش ئامىللىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا بار، مەسىلەن، ئىرقلار زىددىيىتى، ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى، نوقۇل شېكەر ئېكسپورت مەھسۇلاتى قاتارلىقلار. بىراق، ھازىر ئۇ (ماۋرىتىئۇس) ئافرىقىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەت بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىسلاھات ئىستراتېگىيەسى ئەكسىچە قوش رېلىسلىق تەدرىجىي ئىلگىرىلەشنىڭ ئۆزگەرتىلگەن شەكلىدۇر. بۇمۇ شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، يېڭى لىبېرالىزم نەزەرىيەسى ئۆزگەرتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتەك ئەمەلىيەتنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىقتىسادىي تۈرلەرنىڭ يەنە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى ئومۇملاشتۇرغان ياكى نىشانىنى ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىتى بىرلا ۋاقىتتا ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغان بولۇپ، قۇرۇلمىچىلىقتا ئوخشاش ھۆكۈمەت بازارنىڭ رولىغا سەل قاراشنى ياكى يېڭى لىبېرالىزمغا ئوخشاش بازار ھۆكۈمەتنىڭ رولىغا سەل قاراشنى تەكىتلىمىگەن.

شۇڭلاشقا، مېنىڭ يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقنى تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمى دەپ ھېسابلاشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسىتىم، مەلۇم بىر يېڭى نەزەرىيە سىستېمىسى ئارقىلىق دۇنيانى تونۇشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىزگە ياردەم بېرىشتۇر. بۇ يېڭى نەزەرىيە سىستېمىسى يۇقىرىدا دېيىلگەن بىر قانچە مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلىشى كېرەك: نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېكسپورتقا يۈزلەنگەن بولىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت بازار بىلەن ئورتاق رول ئوينايدۇ؟

## يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقى دېگەن نېمە؟

ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ھادىسىسى بولۇپ، 18 ـ ئەسىردىن كېيىنلا پەيدا بولغان. تارىخشۇناس مادىسوننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ 18 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى پەقەت 0.05% بولۇپ، 1400 يىل سەرپ قىلغاندىلا ئاندىن بۇنى بىر ھەسسە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھازىرغىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان

ئوتتۇرىچە كىرىمىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 2% بولۇپ، بىر ھەسسە ئاشۇرۇش ئۈچۈن 35 يىل ۋاقىت كەتكەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەيدانغا كەلگەن سانائەت ئىنقىلابى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى تېزلىتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ماھىيىتى ـ ئەمەلىيەتتە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش جەريانىدۇر. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، تېخنىكىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپلەردە تۆۋەن قوشۇمچە قىممەتتىن يۇقىرى قوشۇمچە قىممەتكە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. ئەگەر، تېخنىكا ۋە كەسىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرمەن دەيدىكەنسىز، سىزدە چوقۇم بىرقەدەر ياخشىراق قاتتىق ئۈل ئەسلىھەلەر بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدا مەھسۇلاتلىرىڭىزنى دۆلەت ئىچىدىكى كەڭ بازارلاردا، ھەتتا خەلقئارا بازارلاردا ساتالايسىز. ھازىر سودا دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سودىغا قاتناشقۇچى كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزئارا تونۇشمايدىغان ھالەتكە ئۆزگىرىپ، توختام ۋە مۇناسىۋەتلىك قانۇنىي سىستېمىلار تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. مەبلەغ سېلىش كۆلىمى ۋە خېيىم ـ خەتىرى تېخنىكا ۋە كەسىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ چوڭىيىپ كېتىدىكەن، پۇل مۇئامىلە قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ، يەنى بۇ يۇمشاق ئۈل ئەسلىھەلەر (تۈزۈم قۇرۇلمىسى) چوقۇم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ماھىيەتتىكى ئىپادىلىنىشى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىدۇر، ئۇنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغىنى تېخنىكا، كەسىپ، يۇمشاق، قاتتىق ئۈل ئەسلىھە قاتارلىق قۇرۇلمىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانى، مانا بۇ ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنىڭ ماھىيىتىدۇر.

يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ يادرولۇق پەرىزى شۇكى: بىر دۆلەت، بىر جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر پەيتتىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ـ ئۇنىڭ ئاشۇ پەيتتىكى زورۇر تەبىئىي ئامىلى ۋە قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كاپىتال، ئەمگەك، تەبىئىي بايلىق مەنبەسى قاتارلىقلار ئادەتتە تەبىئىي زورۇر ئامىل دېيىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات سەۋىيەسىدە تۇرۇۋاتقان ئوخشىمىغان دۆلەتلەردىكى زورۇر تەبىئىي ئامىللارنىڭ نىسپىي موللۇقى ئوخشاش بولمايدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە دائىملا كاپىتال بىرقەدەر كەمچىل، ئەمما ئەمگەك بايلىقى ۋە تەبىئىي بايلىقلار نىسبەتەن مول؛ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئادەتتە كاپىتال نىسبەتەن كۆپ، ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولىدۇ. ھەر قايسى ئىقتىسادىي تۈرلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، زورۇر تەبىئىي ئامىللار ھەر قايسى پەيتلەردە تەمىنلىنىدىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. مەنمۇ مۇشۇ يەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ھەر قانداق ئىقتىسادىي تۈرنىڭ ھەر قايسى پەيتلەردىكى زورۇر تەبىئىي ئامىلى ئەمەلىيەتتە شۇ ئىقتىسادىي تۈرنىڭ ئاشۇ پەيتتىكى ئومۇمىي خام چوتى بولۇپ، زورۇر تەبىئىي ئامىلىنىڭ قۇرۇلمىسى ئامىللارنىڭ نىسپىي باھاسىنى بەلگىلەيدۇ. نىسپىي كۆپ بولغان ئامىللارنىڭ باھاسىمۇ نىسبەتەن ئەرزان بولىدۇ؛ نىسپىي ئاز بولغان ئامىللارنىڭ باھاسىمۇ نىسبەتەن قىممەت بولىدۇ. دېمەك، ئوخشىمىغان تەرەققىيات سەۋىيەسىدە تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى كاپىتال، ئەمگەك بايلىقى، تەبىئىي بايلىقلارنىڭ نىسپىي باھاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

قىسقىسى، زورۇر تەبىئىي ئامىللار ۋە باشقا قۇرۇلمىلار بىرلا ۋاقىتتا بىر دۆلەت، بىر جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي خام چوتىنى ۋە ھەرخىل ئامىللارنىڭ نىسپىي باھاسىنى بەلگىلەيدۇ. ئوخشىمىغان ئامىللارنىڭ نىسپىي باھاسىمۇ شۇ ئىقتىسادنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەمگەك كۈچى نىسبەتەن مول، كاپىتال بىرقەدەر كەمچىل دۆلەتلەرنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىگە ئىگە كەسىپلىرى دەل ئەمگەك كۈچى زىچ توپلاشقان كەسىپلەردۇر. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىنى

ئەمگەك كۈچى نىسبەتەن كەمچىل ۋە بىرقەدەر قىممەت بولغان دۆلەتلەردىكى مۇشۇ كەسىپنىڭ تەنەرخى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تۆۋەن بولغاچقا، ئۇ كەسىپ رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، رىقابەت ئەۋزەللىكىنىڭ ئالدىنقى شەرتى سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكتۇر. ئەگەر، بىر ئىقتىسادىي تۈرنىڭ بارلىق كەسىپلىرى مۇشۇ ئىقتىسادىي تۈرنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن تەرەققىي قىلسا، بۇ ئىقتىسادىي تۈر چوقۇم ئەڭ زور رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

هازىر كۆپچىلىكنىڭ هەممىسى «تۆۋەن كىرىم تۇزىقى»، «ئوتتۇرا كىرىم تۇزىقى» مەسىلىسىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ئوتتۇرا كىرىم تۇزىقى ۋە تۆۋەن كىرىم تۇزىقىدىن ئۆتۈپ كېتىمىز دېيدىكەنمىز، يېڭى كەسىپ ۋە يېڭى تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بىز هازىر كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىكى، قانداق قىلىپ كىرىم سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش بولۇپ، بۇ دەل تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىدۇر؛ ئارىلىقتىكى نىشان بولسا كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتۇر؛ ئەگەر كەسىپ قۇرۇلمىسى ياخشىلانسا، ئۇل ئەسلىهەلەر ۋە تۈزۈمنى ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ياخشىلىنىدۇ؛ بىراق ئالدىنقى شەرت شۇكى، ئاۋۋال زۆرۈر تەبىئىي ئامىللارنىڭ قۇرۇلمىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، هەر بىر ئەمگەكچىنى تېخىمۇ كۆپ كاپىتالغا ئىگە قىلىش كېرەك. قانداق قىلغاندا هەر بىر ئەمگەكچى تېخىمۇ كۆپ كاپىتالدىن پايدىلىنالايدۇ؟ كاپىتال قوشۇمچە جۇغلانمىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، هەر بىر ئەمگەكچى پايدىلىنالايدىغان كاپىتالنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ــ هەر بىر پەيتتە ئەينى ۋاقىتتا ئىگە بولغان بارلىق زۆرۈر تەبىئىي ئامىللاردىن تولۇق پايدىلىنىش ئارقىلىق، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەرنى تەرەققىياتقا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسلانغاندا، رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغىلى، مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارلارنى ئىگىلىۋالغىلى، مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور پايدا ئالغىلى، مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور ئېشىنچە يارىتىش ئارقىلىق جۇغلانمىنى كاپىتالغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك تەرەققىياتىغا ئاساسلانغاندا، مەبلەغنىڭ قايتىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، كاپىتال توپلايدىغانلارمۇ ئەڭ كۆپ بولىدۇ. مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور ئېشىنچە، هەم مۇمكىنچىلىكى ئەڭ زور بولغان كاپىتال توپلىغۇچىلار بولغاندىلا، كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى ۋە زۆرۈر تەبىئىي ئامىللار دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتىمۇ ئەڭ تېز بولىدۇ. زۆرۈر تەبىئىي ئامىللار قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ساقلىساق، كەسىپلەر قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىمۇ تەبىئىي هالدا ئېھتىياجغا قاراپ ئۆسىدۇ، قاتتىق ئۇل ئەسلىهەلەر ۋە يۇمشاق تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ.

قانداق قىلغاندا كارخانىچىلارغا ئۆز مەنپەئەتىنى قوغلاشقان ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئاساسلىنىش ئارقىلىق تېخنىكا ۋە كەسىپ تاللاتقىلى بولىدۇ؟ بۇ يەردە بىر تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ ئىقتىسادتىكى هەر خىل ئامىللارنىڭ نىسپىي كەمچىللىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان باها سىستېمىسى بولۇشى زۆرۈر: ئەگەر، كاپىتال نىسبەتەن كەمچىل بولىدىكەن، كاپىتالنىڭ باهاسىمۇ نىسبەتەن قىممەت بولىدۇ؛ ئەگەر، ئەمگەك كۈچى نىسبەتەن كەمچىل بولىدىكەن، ئەمگەك كۈچىنىڭ باهاسى يەنى مائاشىمۇ نىسبەتەن يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، كارخانىچىلار ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەڭ چوڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، نىسبەتەن ئەرزان ئامىللارنى نىسبەتەن قىممەت ئامىللارنىڭ ئورنىغا قويۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، نىسبەتەن ئەرزان ئامىللارنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، نىسبەتەن قىممەت ئامىللىق كەسىپلەرنى ئازراق ئىشلىتىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بازار سىستېمىسى پەقەت رىقابەتلىك بازارلاردىلا شەكىللىنەلەيدۇ، مانا بۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى دۆلەت ۋە ياكى بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن دۆلەت بولۇشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئەگەر بازار شۇقەدەر مۇھىم بولىدىكەن، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن يەنىلا هۆكۈمەتكە ئېھتىياج بولىمىز؟ چۈنكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېخنىكا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىدىغان، كەسىپ دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز

www.uyghurkitap.com

ئۆسىدىغان، ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىدىغان بىر خىل قۇرۇلما ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ، زۆرۈر تەبىئىي ئامىللار ئۆزگەرگەندىن كېيىن، باشلامچىلار زۆرۈر تەبىئىي ئامىللارنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس كېلىدىغان يېڭى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ماس كېلىدىغان يېڭى كەسىپلەرنى كىرگۈزۈشى كېرەك. باشلامچىلار ئەمەلىيەتتە ئەڭ زور خېيىم-خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغۇچىلار بولۇپ، مەغلۇپ بولسا بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانسا باشقا كارخانىلار دەرھال ئەگىشىپ ئىلگىرىلەپ رىقابەت پەيدا قىلىپ، مونوپول پايدىنىمۇ ئېرىشتۈرمەيدۇ. باشلامچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەغلۇبىيەتنىڭ تەننەرخى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ پايدىسى سىممېترىك بولمىغاچقا، مەيلى مەغلۇبىيىتى ياكى مۇۋەپپەقىيىتى بولسۇن، ھەممىسى كېيىنكىلەرنى پايدىلىق ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ھۆكۈمەت «تەۋەككۈلچىلەر»نى مەلۇم دەرىجىدە رىغبەتلەندۈرۈپ، باشلامچىلار بارلىققا كەلتۈرگەن سىرتقى خاراكتېرلىك ئۇچۇرلارغا تولۇقلىما بېرىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، تەۋەككۈلچى كارخانىلار ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ-دە، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە كەسىپ دەرىجىسىدە ئۆسۈش بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، باشلامچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە مەغلۇبىيىتى يەنە يېڭى كەسىپلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئۇل ئەسلىھە ۋە تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارىتا مۇۋاپىق ياخشىلاش ئېلىپ بېرىش-بارماسلىقنى بەلگىلەيدۇ، بۇ ئىككى تەرەپنى ياخشىلاش باشلامچى كارخانىلارنىڭ ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەندە، ھۆكۈمەت يەنە ئوخشىمىغان كارخانىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرگە مەبلەغ سېلىشنى ماسلاشتۇرۇشتەك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. قۇرۇلما ئۆزگىرىشى جەھەتتە يالغۇز كارخانىنىڭ ئىستىخىيەلىك ھەرىكىتىگىلا تايانغاندا، مەغلۇب بولۇشمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كېتىدۇ ۋە كەسىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈش سۈرئىتىمۇ ئىنتايىن ئاستا بولىدۇ. پەقەت ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭ مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكلەيدىغان ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.

يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقىدىن چىقىپ تۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، قۇرۇلمىچىلىقنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بازار كاساتچىلىقىنىڭ سەۋەبىگە بولغان تونۇشقا باغلىق بولىدۇ. ئىمپورت قىلىشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلگەن يېتىشتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىش ئىستراتېگىيەسى ئارقىلىق ھۆكۈمەت ھەممىدىن ئاۋۋال تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولغان كاپىتال، تېخنىكا زىچ توپلاشقان زامانىۋى چوڭ كەسىپلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى كاپىتال نىسبەتەن كەمچىل بولۇشتەك سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ماس كەلمەيدۇ. بۇ خىل كەسىپتىكى كارخانىلارمۇ ئوچۇق رىقابەتلىك بازارلاردا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولالمايدۇ، كارخانىچىلارمۇ ئۆزلۈكىدىن بۇ خىل بازار رىقابىتىدىكى جەزمەن زىيان تارتىدىغان كەسىپلەرگە مەبلەغ سالمايدۇ. پەقەت ھۆكۈمەت ھەر خىل قوغداش، تولۇقلىما بىلەن تەمىنلىگەندىلا، ئاندىن بۇ خىل كەسىپلەر تەرەققىي قىلالايدۇ. شۇڭا، قۇرۇلمىچىلىق تەكىتلەۋاتقان بازار كاساتچىلىقى ئەمەلىيەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى كاپىتال زىچ توپلانغان ئىلغار كەسىپلەرنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىستىخىيەلىك ھالدا تەرەققىي قىلالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدىكى خاتا ھۆكۈمدۇر.

يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقىدىن چىقىپ تۇرۇپ قارىغىنىمىزدا، يېڭى لىبېرالىزمنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ھۆكۈمەتنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويۇش سەۋەبىگە قارىتا توغرا قاراش كەمچىل بولغانلىقىدىندۇر. ئەگەر، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بارلىق قوغداش تولۇقلىمىلىرىنى بىكار قىلىۋەتسە، تەبىئىي ئىقتىدارى ئاجىز كارخانىلار ۋەيران بولىدۇ. شۇنداقلا نۇرغۇنلىغان ئىشسىزلار ۋە ئىجتىمائىي-سىياسىي داۋالغۇشلار پەيدا بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاشۇ ئىلغار كارخانىلار ئۈچۈن يەنىلا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي تىپى ئۆزگەرگەن دۆلەتلەر ئەسلىدىكى قوغداش تولۇقلىمىسىنى بىكار قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ھەر خىل يېڭى ۋە يوشۇرۇن بولغان قوغداش تولۇقلىمىسى تەۋسىيە قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنۇمى ئەسلىدىكى قوغداش تولۇقلىمىسىغا قارىغاندا تۆۋەن بولدى، بۇ ئىلگىرى رۇسىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە كۆرۈلگەن

ئەھۋالدۇر. يېڭى لىبېرالىزمنىڭ مەغلۇپ بولۇشى «شاكىلى بىلەن قوشۇپ مېغىزىنىمۇ تاشلىۋېتىش»كە باغلىق بولۇپ، ئەگىرنى تۈز قىلىمەن دەپ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھۆكۈمەت قۇرۇلما ئۆزگىرىشى جەريانىدا ئوينىغان مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكچىلىك قىلىش رولىغىمۇ بىراقلا قارشى تۇرغان. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى چىلى دۆلىتى بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى «ۋاشىنگتون ئورتاق قارىشى»نى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئارىلىشىپ شەكىللەندۈرگەن ھەر خىل قوغداش تولۇقلىمىسىنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلىۋەتكەن. بىراق، 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى يېڭى كەسىپ پەيدا بولمىغان، ئىشسىزلىق مەسىلىسى ئېغىر، كىرىم تەقسىماتى ناچار، ئوتتۇرا كىرىم تۇزىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قېلىپ، چىقىپ كېتىش قىيىن بولۇپ قالغان.

يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ناچار دەپ قارالغان قوش رىلسلىق تەدرىجىي ئىلگىرىلەش ئىسلاھات يولىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىغانلىقىغا چۈشەندۈرۈش بېرەلىگەن. بۇ خىل ئۆزگىرىش شەكلى ئەسلىدىكى ھەممىدىن ئاۋۋال تەرەققىي قىلغان ئورۇنلاردىكى تەبىئىي ئىقتىدارى كەمچىل بولغان كارخانىلارنىڭ ئۆزگىرىش دەۋرىنى قوغداپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، ئىلگىرى چەكلەشكە ئۇچرىغان، سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ماس كېلىدىغان ئورۇنلارغا ئىجازەت بېرىپ، مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكلەپ، ئىقتىسادنىڭ ھەرىكەتچان ۋە سىجىل ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرگەن، كېيىنكىلەر بولسا ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇش ئارقىلىق كاپىتال توپلاپ، ئەسلىدىكى تەبىئىي ئىقتىدارى كەمچىل بولغان كارخانىلارنى تەبىئىي ئىقتىدارغا ئېرىشتۈرگەن. شۇنداقلا كېيىنكىلەر يەنە ئىقتىسادنى تېز سۈرئەتتە ئاشۇرۇش ئارقىلىق كۆپ مىقداردا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى يارىتىپ، تەبىئىي ئىقتىدارى كەمچىل بولغان ئاز ساندىكى كارخانىلارنى ۋەيران بولۇشتىن ساقلاش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرستى بىلەن تەمىن ئېتىپ، جەمئىيەتنى داۋالغۇشلاردىن ساقلىغان. شۇڭلاشقا، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كارخانىلار تەبىئىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغان چاغدا، ئەسلىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش دەۋرلىرىدىكى قوغداش تولۇقلىمىلىرىنى بىكار قىلىۋەتكىلى بولۇپلا قالماي، بازار ئىقتىسادىنىڭ ئۈتكۈنچى دەۋرىنىمۇ ئوڭۇشلۇق تاماملىغان.

## يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ ئەمەلىي قىممىتى

ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا، ھۆكۈمەت ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك كەسىپلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كەسىپ تاللاشقا ئاساسەن ئۇنۇملۇك ھالدا بايلىق تەقسىملەشنى بىلگەندىلا، ئاندىن چەكلىك بايلىقنىڭ «ئاز مەبلەغ ئارقىلىق يۇقىرى پايدا يارىتىش» رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى، دۇنيادىكى كۆپ قىسىم دۆلەتلەرنىڭ كەسىپلەر سىياستى مەغلۇپ بولۇش قىسمىتىگە دۇچار بولغانلىقتىن، ھازىرقىدەك ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىشىۋېلىشىغا، كەسىپلەر سىياستىدىن پايدىلىنىپ ئاساسىي ئېقىمدىكى ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق قارىشىغا قارشى تۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. بىراق، ھۆكۈمەت مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكلەشتەك رولىنى جارى قىلدۇرمايدىكەن، چىلىغا ئوخشاش 30 يىلغىچە ھېچقانداق يېڭى كەسىپلەر پەيدا بولماسلىقى مۇمكىن، يېڭى كەسىپلەر بولمىسا ئىقتىسادنى قانداقمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولسۇن؟ شۇڭلاشقا، ھۆكۈمەت ئارىلىشىۋالغاچقا مەغلۇپ بولۇشتەك ۋەزىيەت كۆرۈلدى، بۇنىڭدىن ئەمدى ھۆكۈمەتنىڭ كېرىكى قالمىدى دېيىشكە بولمايدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپلەر سىياستى مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكلەشتەك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، «يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكلەر»گە ئىگە كەسىپلەرنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەرگە ئۆزگىرىشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك. يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە دەپ قارىلىۋاتقان كەسىپلەرگە ئامىللارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن قارىغىنىمىزدا، بۇ كەسىپلەر خەلقئارادا ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەدە تۇرۇۋاتقان، رىقابەت كۈچىگە ئىگە كەسىپلەر بولۇپ، بۇ خىل تەننەرخ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەۋزەللىكى زۆرۈر تەبىئىي ئامىلىنىڭ قۇرۇلمىسى، يەنى سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. كەسىپلەر سىياسىتى مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكلەشتەك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم قاراتمىلىق ھالدا ئۇل ئەسلىھەلەرنى، پۇل مۇئامىلە شارائىتىنى، قانۇن ـ تۈزۈم شارائىتىنى ياخشىلاپ سودا چىقىمىنى كېمەيتىش، يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە كەسىپلەرنى شۇ خىل ئىقتىسادنىڭ رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە كەسىپلىرىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. بىراق، يوشۇرۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە كەسىپلەرنى قانداق تاللايمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز تارىخىي تەرەققىياتتىن توپلىغان مۇناسىۋەتلىك تەجرىبىلەرنى ئۆگەنسەك بولىدۇ.

16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەردىن بېرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان دۆلەتلەردە مۇنداق بىر ئورتاق ئالاھىدىلىك كۆرۈلدى، يەنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنى قوغلىشىۋاتقان باسقۇچتا، ھۆكۈمەتنىڭ كەسىپلەر سىياسىتى بۇ دۆلەتتىكى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىيات دەرىجە پەرقى ئۆزىدىن چوڭ بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ كەسىپلىرى قاتارىغا كىرىشىگە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، 16 ـ ، 17 ـ ئەسىرلەردە، گوللاندىيە دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپى ئىنتايىن ئىلغار ئىدى، ئەنگلىيەنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق كەسپى بىر قەدەر كەينىدە قالغان بولغاچقا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى نۇرغۇن سىياسەتلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق بۇ كەسىپنى رىغبەتلەندۈرگەن، گوللاندىيەدىن ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزگەن، تېخنىك ئۇستىلارنى تەكلىپ قىلغان، شۇنداق قىلىپ بۇ سىياسەت مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بىراق، ئەينى ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى گوللاندىيەنىڭ 70%ىگىلا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زۆرۈر تەبىئىي ئامىللار پەرقى ۋە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك پەرقىنىڭ چوڭ بولمايدىغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلغان. كېيىنچە، سانائەت ئىنقىلابى پارتلاپ، ئەنگلىيە ئەينى ۋاقىتتا دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار دۆلەتكە ئايلاندى، شۇنىڭ بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ ئەنگلىيەنى قوغلاشتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئەنگلىيەنىڭ 60% ~70%ىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ، پەرق چوڭ ئەمەس ئىدى. ئاشۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان دۆلەتلەرنىڭمۇ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى ئامېرىكىنىڭ 20%ىگىمۇ يەتمىگەن، ھەتتا 10%ىگىمۇ يەتمىگەن، بەزىلىرى ئاران 5% بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئامېرىكىنى بىۋاسىتە ئۆگىنىش ۋە دوراش ئوبيېكتى قىلغان.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ تەجرىبىسى ۋە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك نەزەرىيەسىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە ئاساسەن، مەن تاللاشنى تېزلىتىدىغان ۋە ھۆكۈمەت مەسىلىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ يېتەكلەيدىغان ئالتە باسقۇچلۇق ئاساسىي رامكىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

1 ـ باسقۇچ: تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر كەسىپلەر سىياسىتىدىن پايدىلىنىپ، بايلىق تېپىدا بولمىغان ياسىمىچىلىق كەسپىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىشتە نۆۋەتتىكى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئۆزىدىن بىر ھەسسە، كۆپ بولغاندا ئىككى ھەسسە يۇقىرى بولغان، ئىقتىسادتا تېز ئېشىشنى 20~30 يىل داۋاملاشتۇرالىغان دۆلەتتىن بىرنى تېپىپ، ئۇنى تەقلىد قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلىش كېرەك. تارىختا ئومۇمەن ئۆزىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى دۆلەت پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىپ تاللىنىدىغان بولسىمۇ، بىراق ھازىر تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە كەسىپ دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشى بىرقەدەر تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، قەدەمنى چوڭراق ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دۆلەتلەردىكى سودا قىلىشقا بولىدىغان ئورۇنلارنى تېپىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭ سودا قىلىشقا بولىدىغان رايونلىرى بەلكىم سىزنىڭ يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە ئورنىڭىز بولۇشى مۇمكىن. بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بىر دۆلەت 20~30 يىل ئىقتىسادنىڭ تېز ئېشىشىنى داۋاملاشتۇرالىغان بولسا، بۇ دۆلەتتىكى سودا قىلىشقا بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ كەسىپلىرى چوقۇم ماس كېلىدۇ ۋە بىر قەدەر

ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ دۆلەتنىڭ مائاشى تېز سۈرئەتتە ئۆسۈپ كېتىپ، ئىلگىرىكى سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەر ئۇزۇن ئۆتمەيلا سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ. كىرىم سەۋىيە پەرقىنىڭ چوڭ بولماسلىقى زۆرۈر تەبىئىي ئامىللارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك پەرقىنىڭمۇ چوڭ ئەمەسلىكىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، پايدىلىنىش سىستېمىسى بولىدىغان دۆلەتلەر يوقىتىپ قويغان سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە خارابلاشقان كەسىپلەر ــ دەل تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە گۈللەنگەن كەسىپلەردۇر. سېلىشتۇرما ئەۋزەللىك سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقئارادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ.

2 ـ باسقۇچ، ئۆز دۆلىتىگە ماس كېلىش ئېھتىماللىقى بار يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە بەزى كەسىپلەرنى تاپقاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدە ئۆزلۈكىدىن ئاشۇ كەسىپلەرنى ئەكىرگەن كارخانىلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئەگەر ئەكىرگەن كارخانىلار بار بولسا، بۇ كارخانىلار نېمە ئۈچۈن مائاشى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلىدىغان ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ كارخانىلىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدۇ؟ ئادەتتە سودا چىقىمى بىرقەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن رىقابەتلىشەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، سودا چىقىمى نېمە ئۈچۈن يۇقىرى، ئۇل ئەسلىھەلەر ياخشى ئەمەسمۇ ياكى ئەشيا ئوبوروتى ياخشى ئەمەسمۇ ۋە ياكى مالىيە ئىشلىرىدىكى قوللاش يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ دېگەنلەرنى تەھلىل قىلىپ بېقىشىمىز كېرەك. بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت سودا چىقىمى يۇقىرى بولۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى كېرەك.

3 ـ باسقۇچ، بەزى كەسىپلەر پۈتۈنلەي يېڭى بولۇشى، دۆلەت ئىچىدە بۇ كەسىپكە كىرىدىغان بىرمۇ كارخانا يوق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كەسىپلەر پايدىلىنىش سىستېمىسى بولىدىغان دۆلەتلەرنىڭ خارابلاشقان كەسىپلىرى تۇرۇقلۇق مائاشى داۋاملىق ئۆسۈپ كېتىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ دۆلەتنىڭ كارخانىچىلىرى چوقۇم پائال ئۆزى بىلەن تەرەققىيات پەرقى چوڭ بولمىغان، مائاشى نىسبەتەن تۆۋەن دۆلەتنى تېپىپ، كارخانىنى شۇ يەرگە يۆتكەپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى ھەر خىل ئۇل ئەسلىھەلەرنى ۋە ئاساسلىق شارائىتلارنى ياخشىلاپ، خېرىدار چاقىرىپ مەبلەغ كىرگۈزۈپ، ئاشۇ كارخانىلارنى ئۆزىگە تارتىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، دۆلەت ئىچىدىكى كارخانىلارنى تەربىيەلەش ئارقىلىق كەسىپ كىرگۈزسىمۇ بولىدۇ.

4 ـ باسقۇچ، ھازىر تېخنىكا ئۆزگىرىش سۈرئىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، بەزى يېڭى كەسىپلەر 20 يىل بۇرۇن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، بىراق تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىلغاچقا، بۇ كەسىپلەر پەيدا بولدى. دۆلەت ئىچىدىكى يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بەزى كارخانىچىلار بۇ پۇرسەتنى بايقاپ، ئاشۇ كەسىپلەرنى كىرگۈزدى ھەمدە پايدا ئالالايدىغان قابىلىيەتنى نامايان قىلدى. مەسىلەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى ھىندىستان ئۇچۇر مۇلازىمىتى كەسپىنى باشلىغان ۋاقىتىدا، ھىندىستان كارخانىلىرى ئامېرىكىغا سىرتقى ھۆددىلىك ئۇچۇر مۇلازىمىتى قىلىشتا سۇنئىي ھەمراھلىق ئالاقىلىششقا تايانغان بولۇپ، تەننەرخى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى؛ شۇنىڭ بىلەن ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇپتىك تالالىق ئالاقە ئورنىتىپ، كارخانىلارنىڭ تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشىگە ياردەم بېرىپ، ھىندىستانىنىڭ ئۇچۇر مۇلازىمىتىنى بۇ دۆلەتنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت ئەۋزەللىكىگە ئىگە كەسىپىگە ئايلاندۇرغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، يېڭىلانغان تېخنىكا يېڭىچە پۇرسەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، ئەگەر كارخانىلار بۇ پۇرسەتنى بايقىغان چاغدا، ھۆكۈمەت كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى چەكلىمىنى تۈگىتىپ، سودا چىقىمىنى ئازايتىپ، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

5 ـ باسقۇچ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە قاتتىق ئۇل ئەسلىھەلەر ۋە يۇمشاق تۈزۈم مۇھىتى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئەمەس. شۇڭلاشقا، ھۆكۈمەت سانائەت رايونى، پىششىقلاپ ئېكسپورت قىلىش رايونى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون قاتارلىقلارنى تەسىس قىلىپ، يۇمشاق ئۇل ئەسلىھەلەرنى ياخشىلاش ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كارخانىلارنى يوشۇرۇن سېلىشتۇرما ئەۋزەللىككە ئىگە كەسىپلەرگە

مەبلەغ سېلىشقا جەلپ قىلىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەريانىدا ھۆكۈمەتنىڭ چەكلىك بايلىق مەنبەسىنىڭ پىشاڭلىق رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ، ھۆكۈمەت ئاشۇ باشلامچىلارنى بەلگىلىك تولۇقلىما بىلەن تەمىنلىشى كېرەك، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان تولۇقلىما يېتىشىۋېلىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغان بۇرۇنقى ۋاقىتتىكىگە ئوخشىمايدۇ: بۇرۇنقى يېتىشىۋېلىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ تۈرتكىسىدە تولۇقلىما كارخانىلارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدار ھازىرلىماسلىق مەسىلىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەمىنلەنگەن بولسا؛ ھازىر تولۇقلىما سىرتقى خاراكتېرلىك مەسىلە بولۇپ، كارخانىنىڭ ئۆزىدە تەبىئىي ئىقتىدارى بار بولسا، يۇمشاق ـ قاتتىق ئۇل ئەسلىھەلەرنى ياخشىلاپ، كارخانىنىڭ سودا چىقىمىنى ئازايتىشقا ياردەم بەرگەندىن كېيىن، كارخانا ئۆزىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىنى ياخشىلاشقا تايىنىپ پايدىغا ئېرىشىدۇ. ھۆكۈمەت پەقەت باجدا ئېتىبار بەرسە، پۇل مۇئامىلە ياكى كاپىتال ئىسچوتى تىزگىنلەنگەن مۇھىت ئاستىدا، كارخانىغا پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتىدىن ئالدىن بەھرىمەن بولۇپ، بەلگىلىك تاشقى پېرىۋۇت بەرسىلا بولىدۇ.

**خاتىمە**

ھازىرقى دۇنيادا تەخمىنەن 85% كىشى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ياشاۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە شۇكى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئۆزىدىكى مەسىلىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغانلار بولۇپ، تېخىمۇ چوڭ ئېھتىماللىق «چالا بىلىش» جەريانىدا تېخىمۇ كۆپنى بىلىۋېلىشتۇر. ئەكسىچە، رەھبەرلىك كۆزەينەك تاقىۋالغاندا، نۇرغۇن ئۈچۇرلار سۈزۈلۈپ قېلىپ، قىسمەن يەرلەرلا چېلىقىدۇ. يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقى بىر ئالتۇن كان، مەن كۆپچىلىكنىڭ بۇ ئالتۇن كاننى ئورتاق قېزىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۆتمۈشتىكى تەرەققىيات نەزەرىيەسىدە ئومۇمەن بىر ئەجەللىك كەمچىللىك بار، يەنى ئۇ ئىزچىل تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنى پايدىلىنىش سىستېمىسى قىلغاچقا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئۇنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىپ، نەتىجىدە يولۋاسنى سىزىمەن دەپ ئۇنى ئىتقا ئوخشىتىپ قويغان. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، بىز ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىسى، ئۆزىمىزنىڭ شارائىتى، ئۆزىمىزنىڭ پۇرسىتىنى تونۇپ يېتىشىمىز، بۇ مەسىلىلەرنى پەيدا قىلغان سەۋەبلەرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشىمىز، يەنە بىزدە قايسى شارائىتلارنىڭ بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، بۇ شارائىتلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق مەسىلىلىرىمىزنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەن يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقىنى جۇڭگولۇق ئىقتىسادشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىساد نەزەرىيەسى دەپ قارايمەن، شۇنداقلا بىزنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىمىز ئارقىلىق بىر يېڭى تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ، كەلگۈسىدە ماڭىدىغان يولنى تېپىشىمىزغا ياردەم بېرىشىنى ۋە باشقا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭمۇ گۈزەل ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىپ گۈزەل كېلەچەك يارىتىشىمىز كېرەك.

(«شىنخۇا تەرمىلىرى»نىڭ 2013 ـ يىللىق 17 ـ سانىدىن ئېلىندى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: ئابدۇرازاق تۆمۈر**

# شىنجاڭنىڭ مۇقىم، ئىناق ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

ئابابەكرى مەمەت، ئەنۋەر ھېسامىدىن

**مۇھىم مەزمۇنى:** مىللىي رايونلارنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش ئىناق شىنجاڭ قۇرۇش، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. لېكىن، نۆۋەتتە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شىنجاڭدا يەنىلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىرقىسىم ئامىللار مەۋجۇت. بۇ ئامىللار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئېغىر خىرىسقا ئۇچراتماقتا. بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ مۇھىملىقى ۋە بۇ مۇقىملىققا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق ئامىللار مۇلاھىزە قىلىنىش بىلەن بىللە، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** مىللىي مەسىلە؛ ئىجتىمائىي مۇقىملىق؛ شىنجاڭ

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە مىللەتلەرنىڭ پەرقى بىرقەدەر چوڭ بولغان رايونلارنىڭ بىرى. شىنجاڭدا جەمئىي 47 ئاز سانلىق مىللەت بار بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 60% ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ نىسبەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا سېلىشتۇرغاندا شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدىن قالسىلا 2-ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭدا نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ بولغان مىللەتلەردىن ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق 13 مىللەت بار. شىنجاڭنىڭ تېررىتورىيەسى پۈتۈن مەملىكەت تېررىتورىيەسىنىڭ 6\1 ىنى ئىگىلەيدۇ، ھازىر شىنجاڭدا يەتتە ۋىلايەت، بەش ئوبلاست، بىر ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون، ئىككى رايون دەرىجىلىك شەھەر (بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر)، 88 ناھىيە (شەھەر) بار. بۇنىڭ ئىچىدە 32 ناھىيە (شەھەر) چېگرا بويىغا جايلاشقان. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىنجاڭنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. گەرچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ، نامرات ئاھالىلەرنى ئۆزلۈكسىز ئازايتقان بولسىمۇ، ئەمما بىرقىسىم ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ تېرىلغۇ يەر بايلىقىنىڭ كەمچىل بولۇشى، جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ناچار بولۇشى، تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ قالغان مەسىلىلەرنىڭ بىرقەدەر كۆپلىكى سەۋەبىدىن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىتنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش جەھەتلەردە زور خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە.

## 1. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردە زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، جەمئىيەت قىياپىتىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدىمۇ زور ياخشىلىنىشلار بولدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسىي جەھەتتە ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم، مىللەتلەر ئىتتىپاق ۋە ئورتاق گۈللەنگەن يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈردى. كەڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقى قەددى كۆتۈرۈلگەن ھالدا زامانىۋىلىشىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. شۇنداقتىمۇ نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىرقىسىم

www.uyghurkitap.com

ئامىللار يەنىلا مەجۇت بولۇپ تۇرماقتا. نۆۋەتتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھەرخىل مەسىلىلەرنى توغرا تونۇش ۋە قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**1) شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش ــ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى**

ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشى پارتىيەنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىيات جەريانىدىكى يېڭى بۆسۈش بولۇپ، بۇ مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق. ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ماددىي ئاساسى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك سىياسىي دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ سىياسىي كاپالىتى، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، باراۋەر، ئىتتىپاق، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى.

**2) شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش ــ شىنجاڭدىكى تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى**

ئىدىيە ۋە تۈزۈم جەھەتتە كاپىتالىزمدىن ئىلغارلىقى ئاساسلىقى ئادىللىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ نىسبەتەن ئارقىدا قېلىشى، ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى ۋە ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلارنىڭ پاسسىپ تەسىرىنىڭ چوڭقۇر بولۇشى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ بازار ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە ھەمدە ئىچكىرىدىكى باشقا تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن بولغان پەرقى بارغانسېرى زورايماقتا. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنىڭ ناچار بولۇشى، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشى، بايلىقلاردىن نامۇۋاپىق پايدىلىنىش ئىقتىسادنىڭ سىجىل تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا، پايدا ـ مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش، رايونلار ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي تەرەققىيات پەرقىنى كىچىكلىتىش ۋە ئادىللىقنى نامايان قىلىش ــ ئاپتونوم رايونىمىزدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەرخىل زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ جىددىي ئېھتىياجى.

**3) شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ــ دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر چوڭ يۈزلىنىشى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك**

ئاپتونوم رايونىمىز ماددىي بايلىقى مول، يوشۇرۇن بازىرى كەڭ بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكى بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شەرقىي قىسىمدا باشلىنىپ، غەربىي قىسىمدا تاماملىنىدۇ. غەربىي رايونلار ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىم بولغاندىلا، ئاندىن شەرقىي قىسىمنىڭ تەرەققىياتىنى كەڭ بازار ۋە كۆپلىگەن بايلىق بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ. غەربىي رايونلار ئىجتىمائىي جەھەتتە مۇقىم بولغاندىلا، شەرقىي رايونلار ئاندىن ئۆزىنىڭ رايون ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى بىر گەۋدە قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

**4) شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي مۇقىملىقىغا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە**

جەمئىيەت مالىمانچىلىقى تارقىلىشچانلىق ۋە كېڭىيىشچانلىقتىن ئىبارەت ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. نۆۋەتتە، دۆلىتىمىز سىرتقا قارىتا ئىسلاھات ـ ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ھالقىلىق باسقۇچقا قەدەم قويغان بولۇپ،

مەنپەئەتلەر توپى تېز سۈرئەتتە بۆلۈنمەكتە ھەمدە ھەرقايسى مەنپەئەت توپى ئارىسىدا پايدا ـ مەنپەئەت زىددىيىتى ۋە توقۇنۇشىنىڭ كەسكىن بولۇشى ئاممىۋى خاراكتېرلىق ھادىسىلەرنى ئۈزلۈكسىز كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. ئەگەر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ياخشى بولمىسا، يۇقىرىقى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كەڭ دائىرىدىكى جەمئىيەت مالىمانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### 2. شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم ئامىللار

**1) ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي مەسىلە شىنجاڭنىڭ مۇقىمسىزلىقىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرى**

ئىسلاھات ـ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا زور يۈكسىلىشلەر بولدى. كۆپلىگەن رايونلار نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، نۇرغۇنلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيەگە يەتتى. ئەمما، بىز شۇنى ئېنىق تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئىچكىرىدىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى يەنىلا ئارقىدا بولۇپ، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئوبلاست، ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەردىكى ھاللىق جەمئىيەت پەقەتلا تۆۋەن سەۋىيەدىكى ھاللىق جەمئىيەتتۇر، خالاس. بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىنىڭ ناچار، ئىقتىسادىي ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى سەۋەبىدىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىرقەدەر ئاستا بولماقتا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى كۆپ ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى نامراتلىق ھالىتىدە تۇرماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى نامرات نوپۇس بىرقەدەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلىمەكتە. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللىي مەسىلە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ كەلمەكتە. نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئىقتىسادىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىقسادىي ھالىتى يەنىلا نىسبەتەن ئارقىدا ھەمدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە شەھەرلەر بىلەن بولغان پەرقى يەنىلا چوڭ بولماقتا.

**2) دىنىي ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرق شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۆپ خىل دىن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىق دىنلاردىن ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى قاتارلىق دىنلار بار. ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئەڭ كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىن مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقتىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇزاق تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان. سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، مىللىي مەدەنىيەتنى ساقلاش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتتىكى بىرقىسىم قالاق، پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا بولغان سەلبىي تەسىرىنى قانداق تۈگىتىش مەسىلىسى، نۆۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەگەر، دىنىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئېھتىياتچان بولمىساق، دىنغا ئىشىنىدىغان ئامminىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي ئارازلىق كېلىپ چىقىپ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ياخشى بىر تەرەپ قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**3) بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەر — شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان يوشۇرۇن ئامىللارنىڭ بىرى**

غەربىي رايوننى ئېچىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، بىر تەرەپتىن مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەنپەئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن غەربىي رايوننى ئېچىش جەريانىدىكى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەتنى تەڭشەش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەكتە. پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى تەبىئەت ۋە ئېكولوگىيەلىك بايلىقنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش جەريانىدا يەرلىك ئاممىنىڭ يوللۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە يېتەرلىك هەم هەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىگە ئەگىشىپ، ئوخشاش بولمىغان مەنپەئەت گۇرۇهلىرى ئوتتۇرىسىدا هەمدە ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدا سۈركىلىش كۆچەيمەكتە. چۈنكى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ماهىيەتتە بايلىق، ئېكولوگىيە، دىن، مەدەنىيەتكە چېتىشلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئوخشاش بولمىغان پايدا ـ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىكى گۇرۇهلار ئارىسىدىكى زىددىيەتنى ئۈزلۈكسىز كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. غەربىي رايوننى ئېچىۋېتىش شىنجاڭ ئىقتىسادىنى پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادى بىلەن بىر گەۋدە قىلىدۇ. ئەگەر، يەرلىك خەلقنىڭ هوقۇق ـ مەنپەئەتىگە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار زىددىيەتلەرنى تەڭشەش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا سەل قارىساق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ.

**4) شىنجاڭدىكى بىرقىسىم كادىرلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىكى يېتەرسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاممىا بىلەن قارشىلىشىش ـــ شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇهىم ئامىللارنىڭ بىرى**

شىنجاڭدىكى هەر دەرىجىلىك كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلغۇچىلار، پارتىيە ـ هۆكۈمەتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدىكى كۆۋرۈك. ئۇلار خەلق ئاممىسىنى يېتەكلەپ ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇهىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. شىنجاڭدىكى هەر دەرىجىلىك كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئەهۋالى ئومۇمىي جەهەتتىن ياخشى، ئەمما ئاز بىرقىسىم كادىرلارنىڭ ساپاسىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەن، سىياسىي سەۋىيەسى، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ كەمچىل بولۇشى سەۋەبىدىن، خىزمەت جەريانىدا ئاممىا بىلەن زىددىيەتلىشىپ قېلىش ۋە بەزى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىش هەم ئۇنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالماسلىق، ئاخىرىدا دۆلەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشتەك بىرقاتار مەسىلىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە.

## 3. شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئاساسلىق تەدبىرلەر

**1) ئىلمىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدىكى ئاساس.**

ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنىڭ 1 ـ تەلىپى ـــ تەرەققىيات، يادروسى ـــ ئادەمنى ئاساس قىلىش. ئاساسىي تەلىپى ـــ ئومۇمىيۈزلۈك سىجىل تەرەققىي قىلىش. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئىقتىسادىي تەرەققىيات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي تەرەققىياتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىقتىسادىي تەرەقىيات شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمىنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ـــ سىياسىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، جەمئىيەت مۇقىملىقى شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ـــ دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدە روناق تېپىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت ئەمىن بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چوقۇم ئىلمىي تەرەققىيات كۆز قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، يەرلىكنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا ئاساسەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەهەتتىكى ئالاهىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسلىق بايلىق مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زاپاس مىقدارىنىڭ كۆپلۈكى، سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، پايدىلىنىش قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشى جەهەتتە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

هازىرغىچە شىنجاڭدا بايقالغان كان بايلىقلىرىنىڭ تۈرى 138 خىل بولۇپ، زاپاس ساقلانغان كان

بايلىقلىرىنىڭ سانىمۇ 96 خىلغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىدىن بەش خىل، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى 3 ـ ئورۇندا تۇرىدىغىنىدىن 41 خىلى بار.

شىنجاڭ ـ دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ ساياھەت رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ساياھەت بايلىقى ئىنتايىن مول ھەم ياخشى ئەۋزەللىككە ئىگە. شىنجاڭدا قەدىمىي قۇرۇلۇش، دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان يادىكارلىقلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە شىنجاڭدا دۆلەت A دەرىجىلىك ساياھەت رايونىدىن 285ى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 5A دەرىجىدىن يۇقىرى ساياھەت رايونىدىن 53ى، 3A دەرىجىلىك ساياھەت رايونىدىن 94ى بار. كەسپىي قۇرۇلمىلارنى تەڭشەپ، شىنجاڭچە رايون ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولغان سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ساياھەت قاتارلىق كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ــ شىنجاڭ ئىقتىسادىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە سىجىل تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايونلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ۋە قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىللە، ئاز مەبلەغ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان سىجىل تەرەققىيات يولىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن شىنجاڭنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات قەدىمىنى تېزلىتىش ئارقىلىق، شىنجاڭدا مۇقىم، ئىناق بولغان جەمئىيەت بەرپا قىلىش كېرەك.

**2) ئىچكىرىدىكى تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولغان ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى قوللىشى ــ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى كۈچەيتىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى**

شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش نىسبەتەن تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىش بىلەن بىللە، دۆلەت ۋە تەرەققىي قىلغان ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ مالىيە ۋە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن قوللىشى ۋە ياردىمىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ نۇقتىلىق پىلان ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ مالىيە، باج كىرىمى، نامراتلارنى يۆلەش، يەر سىياسىتىنى بېكىتىش قاتارلىق تەرەپلەردە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشى ـ شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ سىجىل تەرەققىي قىلىشىدىكى تاشقى ئامىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ «قان ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەسى» ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ــ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ تېخىمۇ ئىناق، ئىتتىپاق بولۇشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**3) دىنىي مەسىلىنى مۇۋاپىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ـ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم**

دىنىي مەسىلە دائىم مىللىي مەسىلە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، دىنىي مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلمىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى شۇنداقلا دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق دىنىي ئەركىنلىكى ۋە مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، دىنىنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يېتەكچىلىك قىلىپ، دىنىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولىنى ئاكتىپلىق بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

**4) دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش ــ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنىڭ سىياسىي كاپالىتى**

دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامان بولۇشى، دېموكراتىيەنىڭ تەرەققىياتى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، قانۇن ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. قانۇن بولمىسا دۆلەتنى ئىدارە قىلغىلى

بولمايدۇ. خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكى قانۇندىن مۇستەسنا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش ـ قانۇن تۈزۈم جەھەتتە پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېنلىرىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا پايدىلىق بولۇپ، ئۇ پارتىيەنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى جارى قىلدۇرۇشىنىڭ كاپالىتى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ئىسلاھات ـ تەرەققىياتنىڭ مۇھىم باسقۇچىدا تۇرماقتا. ئاپتونوم رايونىمىزدا دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مىللەتلەر سىياستى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى سىياسىي جەھەتتە كاپالەتلەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

**5) شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش ـــ شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداشتىكى مۇھىم تەدبىر**

يېقىنقى دەۋردە شىنجاڭدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقى مەسىلىسى بارغانسېرى كەسكىنلەشمەكتە، بولۇپمۇ ئۇچىغا چىققان قانۇنسىز دىنىي ئۇنسۇرلار، مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەر ۋە خەلقئارا تېررورچىلار مىللىي مۇستەقىللىقنى تەرغىپ قىلىپ، يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق ئاشكارا ھالدا بىر تەرەپتىن ئامىنى قايمۇقتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلماقتا. كەسكىن ۋەزىيەتتە، بىز چوقۇم دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ ۋە كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، قانۇنلۇق ۋاستە بىلەن قانۇنسىز قىلمىشلارغا قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم. بۇنىڭدا، بىرىنچىدىن، قانۇننىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كۈچەيتىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ھەر بىر ئادەمگە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم كۆز قارىشى بىرقەدەر تۆۋەن، شۇڭا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىش ـ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىناق، مۇقىم بولغان ئىجتىمائىي مۇھىتىنى بەرپا قىلىشتىكى مەنىۋى بايلىق. ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى زور كۈچ بىلەن قوغدايدىغان جەمئىيەت مۇھىتى يارىتىش لازىم. نورمال كۆز قاراشلارنىڭ ئەكسىيەتچىل تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنى ئېتىراپ قىلىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى ئېتىراپ قىلىش كۆز قارىشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش لازىم.

**پايدىلانمىلار:**


1. 《江泽民文选》(第三卷)，人民出版社，2006 年。
2. 《邓小平文选》(第三卷)，人民出版社，1994 年。
3. 《科学发展观的理论与实践》，人民出版社，2010 年。


**ئاپتورلار:** شەرقىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ 2011 ـ، 2012 ـ يىللىق ئاسپىرانتلىرى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** پەرھات غاپپار

# دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەدىن يىراق تۇرۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالاردىن بولايلى

نۇرمۇھەممەد توختى كۆنەستىكىن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئەكسىيەتچىل شوئارى، ئالاھىدىلىكى، ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى، ئېغىر زىيىنى ھەم ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەن بىللە، قانداق قىلغاندا قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان ياخشى پۇقرا بولغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىسلام دىنى؛ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە؛ پۇقرا ۋە قانۇن

بۇ يىل مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ سېرىقبۇيا بازىرىدا يۈز بەرگەن «23-ئاپرېل» ۋە پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن بازىرىدا يۈز بەرگەن «26-ئىيۇن» زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. بۇ ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى قەبىھ بولۇپ، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرۈشتە مىللەت ئايرىمىدى. بۇ ئەر، ئۇ ئايال ئىكەن دەپ ئولتۇرمىدى. ئۇلارنىڭ قەبىھ ھەرىكەتلىرى ھەممىمىزنى چۆچۈتتى، زادى قانداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلى شۇ خىل ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۈرتكە بولدى؟ جاۋاب شۇكى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى نەرسە دىنىي ئەسەبىي كۈچتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدا تەسىرى زور بولۇۋاتقان دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە ـ ئىسلام دىنىنى يېپىنچا قىلىپ، تېررورلۇق ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دىن بىلەن مەمۇرىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن ئىلاھىي ھاكىمىيەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەكسىيەتچى سىياسىي ئېقىمدۇر.

## 1. شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەرنىڭ مەزمۇنى

1) «شەرىئەت ھەممىدىن ئۈستۈن» تەلىماتى. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە شەرىئەتكە بويسۇنۇشتىن باشقا، ھەممە ھەرىكەتنى «مۇشرىك»لىق، دىندىن يۈز ئۆرۈگەنلىك دەپ قارايدۇ، «بىز شەرىئەتتىن باشقا ھەر قانداق ئادەمگە بويسۇنمايمىز» دېگەننى تەرغىب قىلىدۇ.

2) «كۇپار»لىق تەلىماتى. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئىمانى يوق كىشىلەر بىلەن دوست بولۇشقا، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ، غەيرىي دىندىكىلەرگە شەپقەتسىز، دىنسىزلارغا رەھىمسىز بولۇشنى، ئۇلار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يېمەسلىكنى، «كىم ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلىرىنى (مۇقەددەس قانۇن) سۈپىتىدە ئىجرا قىلسا، شۇ كىشىنى دىنسىز دەپ قاراش»نى تەرغىب قىلىدۇ.

3) «ھارام»لىق تەلىماتى. ئۇلار «قۇرئان» ۋە «ھەدىس»نى بارلىق ئىشلارغا ھۆكۈم قىلىدىغان ئۆلچەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» ئاساسىغا قۇرۇلغان دۆلەت ھاكىمىيىتى قانۇنلۇق ھاكىمىيەت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى «ھارام» (قانۇنسىز) دېگەننى تەرغىب قىلىدۇ.

4) «ئىلاھىي ھاكىمىيەت» تەلىماتى. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار «ئىسلام ھاكىمىيىتىنى قۇرۇش كېرەك، بۇ بىزنىڭ غايىمىز» دەپ قاراپ، ئۆزلىرى نېمىنى خالىسا، شۇنى قىلالايدىغان ئىلاھىي ھاكىمىيەت قۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

5) «غازات» تەلىماتى. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەممە مەسىلىلەرنى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىپ ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ھەتتا بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋاسىتىسى بىلەن ئىجتىمائىي تەسىرنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ.

## 2. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى

1) شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى چەتكە قېقىش (يەكلەش)چانلىقتا ۋە ئۇنىڭ تەلۋىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئۇلار «شەرئىيەت»نىڭ نامى بىلەن بارلىق نەرسىلەرنى چەتكە قاقىدۇ. دىنغا ئىشىنىش بىلەن پارتىيە رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇش، دۆلەتنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە رىئايە قىلىشنى قەتئىي قارشىلاشتۇرۇپ، دىن بىلەن پارتىيەگە تەڭ ئەگەشكەنلەرنى ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەمەس، «دىندىن يۈز ئۆرۈگۈچى كاپىر» دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى، ئۇلار «ئىسلامنى ئىسلاھ قىلىش» نامى بىلەن بارلىق رىئاللىقنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇيغۇرلاردىكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتلەرنى ئىنكار قىلىدۇ. يەنى ئۇيغۇرلاردىكى خۇشال بولغاندا شادلىقتا چۆمۈپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان، مۇسىبەتلىك بولغاندا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ نەزىر بېرىدىغان ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى «غەيرى ئىسلام» (بىدئەت) دەپ قاراپ قەتئىي مەنئىي قىلىدۇ.

2) ئۇلار سىياسىي جەھەتتە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ھازىرقى ھۆكۈمىتىمىزگە قارشى تۇرۇش تۈسىنى ئالغان. ئۇلار ھەمىشە «ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن تەشكىلات ۋە دۆلەت قۇرۇش» مەقسىتىدە تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ھالدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ۋە ھۆكۈمىتىمىزگە قارىتىپ، ياشلارنى ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا قۇترىتىپ، ئۇلار «ئۆزلىرى نېمىنى ئويلىسا، شۇنى قىلالايدىغان» ھاكىمىيەت قۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

3) ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسى تېررورلۇق تۈس ئالغان. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تارقىتىشتىكى ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى — تېررورلۇق ۋاسىتىسىنى قوللىنىش ئارقىلىق ھاكىمىيەت بىلەن دىنىي ھوقۇق بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسلام دۆلىتى قۇرۇپ، ئىسلامىي تۈزۈمنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. دېمەك، دىنىي ھاكىمىيەت قۇرۇش ئۇلار كۆزلىگەن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، شىنجاڭنى دۆلىتىمىز قويىنىدىن ئايرىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇلار دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ھەر قانچە پەردازلىسىمۇ، لېكىن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىشقا ھەم مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇرۇنغان ئىكەن، بۇ مەسىلە ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز سىياسىي مەسىلە بولىدۇ. مانا بۇ شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى تەرغىپ قىلىشتىكى ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى.

## 3. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئېغىر زىيىنى

1) پاراكەندىچىلىكنىڭ مەنبەسى. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەيەردە دىنىي ئەسەبىي كۈچ بولسا شۇ يەردە ئەنسىزچىلىك بولىدۇ. 1990 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەت تەرتىپىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان بىرقاتار قاتىللىق، پارتلىتىش، ئوت قويۇش ۋەقەلىرى يۈز بەردى. مەسىلەن، 1990 ـ يىلى ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن «5 ـ ئاپرېل» ئەكسىل ئىنقىلابىي ۋەقەسى، 1992 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5 ـ فېۋرال» پارتلىتىش ۋەقەسى، 1997 ـ يىلى خوتەندە يۈز بەرگەن «7 ـ ئىيۇل» ۋەقەسى قاتارلىقلار. بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمىنلىكى ۋە مۇقىملىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، 2009 ـ يىلى ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن «5 ـ ئىيۇل» ۋەقەسىنىڭمۇ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئاستىرتتىن قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ يىل قەشقەرنىڭ مارالبېشى ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «23 ـ ئاپرېل»، تۇرپاننىڭ پىچان ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «26 ـ ئىيۇن» زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىنىمۇ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تېررورچى تەشكىلاتلارنىڭ پەيدا قىلغانلىقى ئىسپاتلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى زوراۋانلىق ۋە زوراۋانلىققا قارشى كۈرەش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قەيەردە دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولسا، شۇ يەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ، زوراۋانلىق ۋەقەلىرى شۇنچە كۆپ يۈز بەردى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدا يوقىتىلغان نەچچە يۈز مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلات ۋە گۇرۇھلارنىڭ كۆپىنچىسى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر دىنىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ تەشكىللىگەن قانۇنسىز تەشكىلاتلاردۇر. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر شۇغۇللانغان قانۇنسىز پائالىيەتلەر، بولۇپمۇ يەر ئاستى مەخپىي تەشكىلاتلاردا تەربىيەلەنگەن تالىپلار ۋە ئۇلار سۆزلىگەن «تەبلىغ»لەر مىللىي بۆلگۈنچى ۋە تېررورچى كۈچلەرنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشىدىكى ئاساسىي شەكىلگە ئايلاندى.

2) چوڭ يوشۇرۇن بالا ـ قازا. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمىنلىكىگە تەھدىت بولماقتا. شىنجاڭدا يۈز بەرگەن زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋەقەلىرىدىن قارىغاندا، مىللىي بۆلگۈنچى ۋە تېررورچى كۈچلەر دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تايانچىلىرى بولۇپ، ئۇلار تېررورلۇق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتنى پارچىلاپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ھۆكۈمەت گەرچە مىللىي بۆلگۈنچى كۈچلەرگە قارىتا ئىزچىل قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بىراق دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ تەسىرى پۈتۈنلەي تازىلانغىنى يوق.

3) دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە مىللىي ئۆچمەنلىكنى قۇترىتىپ، كۈچىنىڭ بارىچە «خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىپ»، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە داغ چۈشۈردى. ئۇلار قانۇنسىز نەشر قىلغان كىتاب، تەشۋىقات ۋاراقلىرى ۋە ئۈن ـ سىن بۇيۇملىرى ئارقىلىق قۇترىتىش ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىش خاراكتېرلىك تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

4) دىنىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنى بۇراپ، دىندا يوق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىقىغا داغ چۈشۈردى. بىز مۇلاھىزە قىلىۋاتقان دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە ماھىيەتتە بىر سىياسىي مەسىلە، بىراق ئۇ دىن سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، دىنىي شوئار تونۇلاپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆز مەيلىچە بۇرمىلاپ، ئىسلام دىنىنى كۈچىنىڭ بارىچە رادىكاللاشتۇرۇپ چۈشەندۈردى. شۇڭا، ئۇ زور دەرىجىدە ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ۋە قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىگە ئىگە. ھەتتا ئۇلار ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تۇتقۇن قىلىش ۋە قەتلە قىلىشتەك ۋەھشى ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى ئۆزلىرىگە بىۋاسىتە رەدىيە بېرەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇلار يەنە «ياشلار قۇرۇلۇشى»، «ئاياللار قۇرۇلۇشى» ھەرىكىتىنى پىلانلاپ، يىگىتلەر ۋە قىز ـ چوكانلارغا دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنى سىڭدۈرۈشكە كۈچىگەنلىكتىن، يىگىتلەر ئىچىدە ساقال قويىدىغانلار، قىز ـ چوكانلار ئىچىدە يۈزىنى ياپىدىغانلار كۆپەيدى.

ئىسلام دىنى تىنچلىقنى سۆيىدىغان دىن، «ئىسلام» ـ ئەرەبچە «ئۇرۇش»، «ئۆچمەنلىك» دېگەن سۆزلەرگە قارىمۇقارشى بولغان «تىنچلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىدى. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە: «مەرھەمەتلىك ئاللانىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: ‹سىلەرگە ئامانلىق

www.uyghurkitap.com

تىلەيمىز» دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)»① دېيىلگەن.

دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىقنى، ئۆملۈك ـ ئىتتىپاقلىقنى سۆيىدىغان دىن ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئىسمى ۋە سۈپىتىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تىنچلىق بولغان جايدا بەخت ـ سائادەت بولىدۇ. سالاملىشىش سۆزى بولغان «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام»مۇ بىر ـ بىرىگە تىنچلىق تىلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. نامازدىن كېيىنمۇ تىنچ ـ ئامانلىقنى تىلەيدىغان دۇئالار بار. شۇڭا، ئىسلام دىنىدا تىنچلىق ـــ بەخت ـ سائادەتنىڭ سىمۋولى، قالايمىقانچىلىق ـــ بالايىئاپەتنىڭ سىمۋولى. تىنچلىق ـــ ئىنسانلار دۇنياسىدىكى بارلىق ئىنسانلار ئىنتىلىدىغان نىشان. شۇڭا، دۇنيادا «تىنچلىق كۈنى» بار، مۇسۇلمانلار تىنچلىقنىڭ ئەلچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. ئىسلام دىنى ـ ئىنسانىيەتنىڭ دىنى، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنى قېرىنداش، ئاللانىڭ بەندىسى دەپ قارايدۇ. ئىسلام دىنى ـــ باراۋەرلىك دىنى، ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ باراۋەر، ئىتتىپاق ئۆتۈشىنى دەۋەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنى ـــ ئادالەتپەرۋەر دىن، ئۇ ھەممە ئىشتا ئادالەتپەرۋەر بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندا، ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا نېمىنى يەتكۈزگەن بولسا، شۇنى قوبۇل قىلغان. ئىسلام دىنى «ئوتتۇرىھال يول» تۇتۇشنى دەۋەت قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە: «بىز سىلەرنى ئوتتۇرىھال يول تۇتىدىغان ئۈممەت قىلدۇق» دېگەن ئايەت بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە: «ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ـ ئوتتۇرىھال بولغىنى» دېيىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ساھابىلىرىگە: «مەن دېگەننى دەڭلار، مەن قىلغاننى قىلىڭلار»، «يوق نەرسىنى پەيدا قىلماڭلار، يوق نەرسىنى پەيدا قىلساڭلار بىدئەت بولىدۇ»، «ئوتتۇرىھال يول تۇتۇڭلار، ئوتتۇرىھال ياشىغان كىشى ئالدى ـ كەينىگە قارايدۇ، ئوتتۇرىھال يول ـــ نورمال يول» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ يەنە: «بەك ئەسەبىيلىشىپ كەتمەڭلار، ئادەملەر ئاچچىقى كېلىپ، ئەقلىدىن ئازغاندا ئەسەبىيلىشىدۇ، جاھىل بولۇپ، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇش ـ ئەسەبىيلىك» دېگەن. شىنجاڭدىكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ۋە ئىسلام ئەقىدىسىگە تۈپتىن خىلاپ ھەم «ئادىمىيلىك» مەدەنىيىتىگە تۈپتىن قارشى ھەرىكەت.

دىن ـ بىر خىل مەدەنىيەت، يەنە كېلىپ ئەنئەنىۋىلىككە ئىگە تارىخىي مەدەنىيەت. شۇڭا، دىنىدىن ئىبارەت بۇ تارىخىي مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ياخشى كىشىلەر دىنىي ئېتىقادتىن روھىي تۈۋرۈك سۈپىتىدە، ئەخلاق ئۆلچىمى سۈپىتىدە پايدىلانسا، ئەسكى ئادەملەر ئۇنى بۇرمىلاپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» مۇقەددەس دەستۇر. ئۇنىڭدا 114 سۈرە، 6236 ئايەت بار، ئۇنىڭدىكى بىرەر ئايەتنىمۇ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئىسلام دىنى پاك دىن بولۇپ، دۇنيادا بىر مىليارد 500 مىليوندىن ئارتۇق كىشى ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئەرەب تىلى 20 نەچچە ئەرەب دۆلىتىنىڭ دۆلەت تىلى، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت تىلىدۇر. لېكىن «قۇرئان» تىلى كلاسسىك ئەرەب تىلى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن تارتىپ يېقىنقى يىللارغىچە ئىسلام ئەقىدىسىنى مەدرىس ۋە مەسچىتلەردىكى تەبلىغلەرگە تايىنىپ چۈشىنىپ كەلگەن. ئېتىقادچى ئاممىنىڭ كۆپىنچىسى ئەرەب تىلىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەرنى چۈشەندۈرۈشتە، بىرى، چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سەۋىيەسىگە باغلىق بولسا، يەنە بىرى، ئۇنىڭ سىياسىي مەيدانىغا باغلىق بولىدۇ. دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، بۇرمىلاپ، ئەسەبىيلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق، ئېتىقادچى ئاممىنىڭ ئىدىيەسىدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇۋاتىدۇ. مارالبېشى ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «23 ـ ئاپرېل» ۋەقەسى بىلەن پىچان ناھىيەسىدە يۈز بەرگەن «26 ـ ئىيۇن» ۋەقەسىنى پەيدا قىلغانلار ئاساسەن ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن، دىنىي ئەقىدە جەھەتتىكى بىلىملىرىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا. بۇ خىل ھەر جەھەتتىن ساپاسى تۆۋەن بولغان ياشلار دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ تاللاش ئوبيېكتى بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ خىل ياشلارنىڭ قانۇن ئېڭى تۆۋەن بولغاچقا،

① «قۇرئان كەرىم» (مۇھەممەد سالىھ تەرجىمىسى) 25 ـ سۈرە، 1982 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 63 ـ ئايەت.

دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە بىلەن تېز يۇقۇملىنىۋاتىدۇ.

### 4. دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەگە ئۈزلۈكسىز قارشى تۇرايلى

1) دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم قانۇن يول قويغان دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. بۇ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ زۆرۈر تەلىپى. دۆلىتىمىز قانۇن ـ تۈزۈم دۆلىتى. قانۇن دىنىي تەشكىلاتلارنى، دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنىڭ دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ. دىنىي پائالىيەتلەر چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ھەر قانداق دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ئېشىپ كېتىش ھوقۇقى يوق. دىنغا ئىشىنىشتە ئەركىن بولۇش ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرى خەلقنى قوغداپ، دۈشمەنلەرگە زەربە بېرىپ، جىنايەتچىلەرنى جازالاپ، خەلق دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم قورالدۇر. ھەر بىر پۇقرا چوقۇم قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئۈزلۈكسىز رىئايە قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغدىشى لازىم.

2) دىنىي زاتلار پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، دىنىي پائالىيەت نامىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل قانۇنسىز پائالىيەتلەردىن ئاگاھ بولۇشى كېرەك. دىنىي زاتلار «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، دىنىي پائالىيەت نامىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەر خىل قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەردىن ھوشيار بولۇشى لازىم. بۇنداق پائالىيەتلەر ئەمەلىيەتتە پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ۋە دۆلەتنى پارچىلايدىغان قىلمىش بولۇپ، دىنىي پائالىيەت نامىدا ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، زور دەرىجىدە ئالدامچىلىق ۋە قۇترىتىش خاراكتېرىگە ئىگە. كەڭ ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ئوخشاش بولمىغان زىددىيەتلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، بۇ خىل قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم.

### 5. دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەلەردىن يىراق تۇرۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالاردىن بولايلى

دۆلىتىمىز «ئاساسىي قانۇنى»دا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەلىكىدىكى ھەر قانداق كىشى يېشى، جىنسى، كېلىپ چىقىشى، كەسپى، مىللىتى، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى قانۇن ئالدىدا بىردەك باراۋەرلىككە ئىگە. ھەر قانداق پۇقرا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى چوقۇم ئادا قىلىشى كېرەك» دېيىلگەن. شۇڭا، «پۇقرا» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى «بىرەر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىگە ئىگە بولغان، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدىغان ھەم مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالغان كىشى» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

پۇقرالىق مەجبۇرىيەت (بۇرچ) ـ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن، پۇقرا چوقۇم ئادا قىلىشقا تېگىشلىك، دۆلەت، جەمئىيەت ۋە باشقا كىشىلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىز پۇقرالىرى زىممىسىگە ئالغان بۇ خىل مەجبۇرىيەت تۈزۈم ۋە قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھەر قانداق كىشى مۇناسىپ مەجبۇرىيىتى (بۇرچى)نى ئادا قىلمىسا، مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

دۆلىتىمىز «ئاساسىي قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقرالىرى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھەم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى. بۇ، دۆلىتىمىز پۇقرالىرىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى قانۇنىي بۇرچى. ھەر قانداق كىشىنىڭ ھەر خىل ئۇسۇل بىلەن دۆلەتنى پارچىلاش، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىش، زېمىن كېسىپ بېرىش،

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەمدە ئىناقلىققا تەسىر يەتكۈزۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

2) ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى. بۇ، ئەڭ ئاساسلىق بۇرچ ھەمدە دۆلىتىمىزنى قانۇن ـ تۈزۈم دۆلىتى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنىڭ زۆرۈر تەلىپى.

3) دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى، شان ـ شەرىپى ھەم مەنپەئەتىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى.

4) ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مەجبۇرىيىتى.

5) قانۇن بويىچە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى.

6) باشقا ئاساسىي مەجبۇرىيەتلەر. بۇ پىلانلىق تۇغۇش مەجبۇرىيىتى، پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەش مەجبۇرىيىتى، ئاتا ـ ئانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتى، ئەمگەك قىلىش مەجبۇرىيىتى، مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىللە يەنە جەمئىيەت ئومۇمىي ئەخلاقىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تۈرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، مەجبۇرىيەت سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتا.

پۇقرالارنىڭ ئاساسىي مەجبۇرىيىتى ـ دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىدىن كۈتىدىغان مۇھىم ۋە تۈپ ئارزۇسى. دۆلەتنىڭ ئۆز پۇقرالىرىغا نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق ھەققىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە تەلەپ قويۇش ھوقۇقى بولىدۇ. ئەگەر، قىسمەن پۇقرالار ئۆز پۇقرالىق بۇرچىنى ئادا قىلمىسا ياكى ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىسە، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلەش ھەم جازالاش ھوقۇقى بولىدۇ. قانۇن تۈزۈمگە رىئايە قىلىش ـ ۋەتەننى سۆيگەنلىك بولىدۇ، ۋەتەننى سۆيۈش بولسا ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرگە ئۆزلۈكىمىزدىن قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئارقىلىق، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېغىر زىيىنىنى تونۇپ يېتىپ، ئىدىيىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلەشتىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ، قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەرنى كۆرگەن ھامان پاش قىلىشىمىز، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ھەم ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىمىزنى قوشىشىمىز لازىم.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيە شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دۇچ كەلگەن يوشۇرۇن بالايىئاپەت ۋە خەتەرلىك «ئۆسمە»گە ئايلاندى. بىز قەتئىي بەل باغلاپ، بۇ يوشۇرۇن بالايىئاپەت ۋە پارازىت قۇرتلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىشىمىز لازىم. دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى ـ دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاپ، زور دەرىجىدە ئالدامچىلىق ۋە قۇترىتقۇلۇق قىلىشتىن ئىبارەت. دىنىي زاتلار چوقۇم زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يېتىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. ئۇلار دىنىي ئەقىدىلەرنى توغرا شەرھلەش ئارقىلىق بۇرمىلانغان دىنىي ئەقىدىلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئىسلام دىنىنىڭ پاكلىقىنى قوغداپ، توغرا دىنىي قاراش تىكلەپ، دىنىي مۇھىتنى ساپلاشتۇرۇشى لازىم.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

# شىنجاڭنىڭ قوش تىللىق مائارىپى تەرەققىياتىغا نەزەر

ئادالەت ئىمىنجان ئوزغار

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە بۇ مەسىلىلەرنى ئىلمىي ھەل قىلىپ، جەمئىيەت ئىناقلىقى ئاساسىنى تىكلەش سۆزلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قوش تىللىق مائارىپ؛ ئىناق جەمئىيەت

ئالدى بىلەن «قوش تىل ئوقۇتۇشى» بىلەن «قوش تىللىق مائارىپ» ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. قوش تىل ئوقۇتۇشى ـ پەقەت مەكتەپلەردىكى تىل ئۆگىنىش مائارىپىغا قارىتىلغان بولۇپ، ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى، ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ؛ قوش تىللىق مائارىپ ـ ئىنتايىن مۇرەككەپ مائارىپ ھادىسىسى بولۇپ، ئادەتتە مەكتەپلەردە ئانا تىل ۋە ئىككىنچى بىر تىلدىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ھەر ئىككى تىلغا ماھىر ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

قوش تىللىق مائارىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىلمىي تەرەققىي قىلىپ، ئەل رازى بولغۇدەك قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى تىكلەش ـ جەمئىيەت بىزدىن كۈتىۋاتقان تەخىرسىز تەلەپتۇر. شۇڭا، ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەپ، كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇپ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالىدە مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى

جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش، جۇڭگونىڭ بارلىق ئىنقىلاب مەسىلىلىرىنى توغرا تونۇشىمىزنىڭ ئاساسى. ئاپتونوم رايونىمىزدا مائارىپ ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈش، ئەل رازى بولغۇدەك قوش تىللىق مائارىپ ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، تاجىك، شىبە، ئۆزبېك، مانجۇ، داغۇر، تاتار، رۇس قاتارلىق 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان.

شىنجاڭ مائارىپى ـ مىللىي مائارىپنى ئاساسىي ئالاھىدىلىك قىلغان بولۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە يەتتە خىل تىلدا دەرس ئۆتۈلىدىغان، مەكتەپلەر تارقاق، مائارىپ بايلىقىنىڭ تەقسىملىنىشى تەكشىسىز، يىراق چەت ـ ياقا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش شارائىتى يېتەرسىز بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تارىختىن بۇيان ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. شىنجاڭ قەدىمدىن «يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى مۇھىم بەلباغ ۋە دۇنيادىكى توت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى ـ جۇڭگو مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، گرېك مەدەنىيىتى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن ماكان بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسىنى شەكىللەندۇرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ مائارىپى رايون ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىپ، مەملىكەت مائارىپى بىلەن بىر قەدەمدە مېڭىپ، زامانىۋىلىققا، دۇنياغا ۋە كېلەچەككە يۈزلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ئۈچۈن يارامىلىق ئىزباسارلارنى تەربىيەلەپ چىقىشتەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مۇققەددەس ۋەزىپىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان.

## 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەركەزنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى، ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە رايونىمىزدا قوش تىللىق مائارىپ يولغا قويۇلۇپ، كىچىكلىكتىن زورىيىپ، تۆت تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى.

1 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدىن 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان دەسلەپكى ئۇل سېلىش ۋە ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش باسقۇچى. جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قاتار قانۇن ـ سىياسەتلەر ئېلان قىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا سىياسىي ئاساس ۋە قانۇنىي كاپالەت مەيدانغا كەلدى ھەم مۇشۇ كاپالەت ئاساسىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بىلەن باراۋەر تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. چۈنكى، مىللىي تىل ـ يېزىق بىر مىللەتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئالاقە قورالى بولۇپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۇ شۇ مىللەت ۋە شۇ رايوننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم قورالىدۇر. شۇڭلاشقا، پارتىيەمىز ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي شەرت ـ شارائىتنى نەزەردە تۇتۇپ، مىللىي تىل ـ يېزىق بىلەن خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، مىللىي تىل ـ يېزىقنىڭ ئورنىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى ئاساس قىلىشتەك مائارىپ پرىنسىپىغا ئاساسەن، مەكتەپلەر دەرسلەر ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان، خەنزۇ تىلى قوشۇپ ئۆتۈلىدىغان (ھەپتىدە 5، 6 سائەت) مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىنى قوغداش تېپىدىكى ئەنئەنىۋى قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسى مەيدانغا كەلدى.

2 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان توختاپ قېلىش باسقۇچى. 1966 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىمۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ئوخشاش ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، يېڭىلا شەكىللەنگەن مائارىپ سىستېمىسى بۇزغۇنچىلىق تەسىرىدە بىر ئىزدا توختاپ قالدى ۋە ئارقىغا چېكىندى.

3 ـ باسقۇچ: 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن 2003 ـ يىللارغىچە بولغان ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش باسقۇچى. 1976 ـ يىلى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، بارلىق خىزمەتلەر ئەسلىگە كېلىشكە ۋە توغرا تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي مائارىپىمۇ ئەسلىگە كېلىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشكە باشلىدى. جۈملىدىن قوش تىللىق مائارىپ مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئالاقىدار تەتقىقاتلار تەدرىجىي قانات يايدى.

1978 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى مىللىيچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 3 ـ يىللىقىدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىپ، 1995 ـ يىلىغا بارغاندا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار «ئانا تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولۇش (民汉兼通)» سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم «ئانا تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق» بولۇش نىشانى ئوتتۇرىغا چىقتى. 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» ئېلان قىلىندى، بۇ قانۇندا مىللىي مائارىپ، مىللىي تىل ـ يېزىق ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى قاتارلىق تەرەپلەردە كونكرېت بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1984 ـ يىلى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يولداش بادەينىڭ «مىللىي مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى بېسىپ تارقاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندىن

قوللىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپى ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1985 ـ يىلى تارقاتقان «‹مەركىزىي كومىتېتنىڭ مائارىپ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»دا ۋە 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تارقاتقان «‹مەركىزىي كومىتېتنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى قارارى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»دا مىللىيچە مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم خىزمەت قاتارىغا قويۇپ چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش تەكىتلەندى①. 1985 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى «بەش يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك پىلانىنى قىسمەن تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 1985 ـ يىلى يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىن باشلاپ، چوقۇم خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىش ۋە دەرس سائىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى مىللىيچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرمۇ پائال شارائىت يارىتىپ، كېچىككەندىمۇ 1987 ـ يىلدىن قالماي خەنزۇ تىلى دەرسى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى② ۋە 1987 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى «مىللىي مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ئىسلاھ قىلىشنى مىللىي مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيەلىك تەدبىر قاتارىدا چىڭ تۇتۇش»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپى خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم «ئىستراتېگىيە» نۇقتىسىدا تونۇغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ھۆججەت تارقىتىپ، پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى خەنزۇ تىلى كەسپىگە قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار سانىنى كۆپەيتىش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيەلەش، ھازىر بار بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1988 ـ يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا خەنزۇ تىلى 100 نومۇر بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىغا خەنزۇ تىلى ئىمتىھانى قوشۇلدى.

2000 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتى ئاساسىي مائارىپ ئىشخانىسى «قوش تىلدا دەرس ئۆتىدىغان تەجرىبە سىنىپلىرىنى ئاچىدىغان مەكتەپلەر تىزىملىكىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» (〔2000〕 44 ـ نومۇرلۇق)نى تارقىتىپ، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 6 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق 28 ئوتتۇرا مەكتەپتە قوش تىللىق تەجرىبە سىنىپى ئېچىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى③. 1996 ـ يىلى ئېلىمىزنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانى (HSK) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئىمتىھان مەيدانى تەسىس قىلىپ، ئالىي مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي HSK ئىمتىھانى ئىگىلىدى. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ ئاساسىي فاكچىنى ۋە ئاساسىي تەلىپى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى، كونكرېتلاشتى ۋە سىستېمىلاشتى.

4 ـ باسقۇچ: 2004 ـ يىلدىن بۈگۈنگىچە بولغان تېز تەرەققىي قىلىش باسقۇچى. 2004 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «قوش تىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا قارار»نى چىقاردى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق ئاز سانلىق مىللەت مەكتەپلىرى قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، مىللىي تىلدا دەرس ئۆتىدىغان مەكتەپلەر تەبىئىي پەنگە ئائىت بىرقىسىم دەرسلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈش ياكى ئانا تىلدىن باشقا بارلىق دەرسلەرنى

① 葛丰交:《新中国成立以来新疆少数民族中小学双语教育发展述略》,《新疆文史》2012 年总第 45 期,第 83 页。

② يۇقىرىقى ئەسەر، 85 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 84 ـ بەت.

خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈش، ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق دەرسلەرنى خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈپ، ئانا تىل دەرسىنى قوشۇپ ئۆتۈش ئەندىزىسىگە يۆزلىنىش، شۇ ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە «ئانا تىلىغا ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولۇش» نىشانىغا يەتكۈزۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشنى تەلەپ قىلىدى. قوش تىلدا ئوقۇتۇش كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشى، قوش تىللىق ئوقۇتۇش تەجرىبىسىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مائارىپ سىياسىتى جەھەتتە قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشنى بىكىتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. مۇشۇ ئاساستا قوش تىلدا ئوقۇتۇش خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىلدى ۋە يولغا قويۇلدى. ھۆججەتتە ھەرقايسى جايلار «رايونلار بويىچە پىلانلاش، تۈرلەر بويىچە يېتەكچىلىك قىلىش، بۆلۈپ يولغا قويۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، تەرەققىيات پىلانى تۈزۈش، رەھبەرلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش، كاپالەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدى. بۇ باسقۇچتىكى قوش تىللىق مائارىپ تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىش مۇنداق ئىككى تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، قوش تىللىق سىنىپلارغا دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش كۈچەيتىلدى. لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولۇشى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئۈنۈملۈك بولۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا «تەربىيەلەش، يېتىشتۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش» ۋە «كۆپ خىل يوللارنى تەڭ ئېچىش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەرتىپلىك باشقۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەش تۈرلىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىن تۈرغۈزۈپ، قوش تىللىق ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلۇشىنى كۈنسېرى زورايتتى.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت يەسلى باللىرىغا قوش تىللىق تەربىيە يولغا قويۇلدى. ھازىر ئاپتونوم رايونىمىزدا قوش تىللىق ئوقۇتۇش يەسلى مائارىپى باسقۇچىدىن باشلىنىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونىمىز «تىل ئۆگىنىشنى بالىلاردىن باشلاپ چىڭ تۇتۇش» دېگەن يېتەكچى ئىدىيەنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ قوش تىللىق يەسلى مائارىپىنى مەبلەغ، ئەسلىھە، ئوقۇتقۇچى قاتارلىق تەرەپلەردىن كۈچەيتىشكە 30 مىليارد يۈەن مەبلەغ سالدى.

## 3. قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش جەريانىدا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر

بىرىنچى، قوش تىللىق مائارىپ خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مۇجمەل، نىشان ئايدىڭ ئەمەس.

«ش ئۇ ئا ر نىڭ قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارى»دا ئېنىق قىلىپ: «قوش تىللىق مائارىپنىڭ نىشانى ‹ئانا تىل ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق› ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن، يۇقىرىقى «قارار» ياكى «ش ئۇ ئار نىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ پىلان پىروگراممىسى» (2010~2020) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ھۆججەتتە بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئېنىق قوشۇمچە ئىزاھات بېرىلمىگەن. شۇڭا، «ئانا تىل ۋە خەنزۇ تىلىغا پىششىق» بولۇش دېگەننى زادى قانداق چۈشىنىمىز؟ ھەرقايسى ئوقۇتۇش بۆلەكلىرى ۋە ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا قوش تىلدا زادى قانداق نىشانغا يېتىمىز؟ تاللىغان ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىمىز ئەمەلىيەتتە ئۈنۈملۈكمۇ؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەر يەنىلا مۇجمەل بولۇپ داۋاملىق تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتمەكتە.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى تەتقىقات ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلدى. مەسىلەن، دوكتور ئەلى ئىمىننىڭ «خوتەن رايونىدىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ قوش تىللىق مائارىپىغا تەسىر قىلىدىغان ۋە تىزگىنلەيدىغان تىل مەدەنىيەتتى ئېكولوگىيە ئامىللىرى ۋە شارائىتلىرى ھەققىدە ئانالىز»①، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ

① 艾力·伊明:《影响和制约和田地区中小学双语教育的语言文化生态环境因素和条件分析》，载《新疆教育学院学报》，2010 年第 4 期，第 11 页。

ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورانتى چېن شۆجىن ۋە پىروفېسسور، دوكتۇر يېتەكچىسى تېڭ شىڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدىكى قوش تىللىق مائارىپنى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەدبىرلەر ئۈستىدە تەتقىقات»①، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىتتىپاقى شىنجاڭ شۆبىسى مائارىپ كومىتېتىنىڭ «جەنۇبىي شىنجاڭدا قوش تىللىق مائارىپنى ئەڭ ياخشى دەرىجىدە يولغا قويۇشنىڭ تەدبىرلىرى ۋە پىكىر»② ۋە پىروفېسسور لى رۇيجۇڭنىڭ «شىنجاڭنىڭ قوش تىللىق مائارىپىنىڭ دائىرىسى»③ قاتارلىق تەتقىقاتلاردا شىنجاڭدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا قوش تىللىق مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالى، قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر ۋە دۇچ كېلىۋاتقان ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەۋجۇت مەسىلىلەر، بىر تەرەپ قىلىش تەدبىرلىرى ۋە تەكلىپلەر بېرىلگەن. بىز بۇ تەتقىقاتلاردىكى ئەمەلىي تەكشۈرۈش بايانلىرىدىن شۇنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، قوش تىللىق مائارىپ خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ئايرىم رەھبەرلەر ۋە مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى چۈشەنچىسى مۇجمەل، نىشان ئايدىڭ ئەمەس. قوش تىللىق مائارىپ زادى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشنى ئاساس قىلىدىغان مائارىپمۇ ياكى مىللىي تىل ۋە خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇشنى تەڭ نىسبەتتە ئېلىپ بارىدىغان مائارىپمۇ؟ بۇ چۈشەنچىمۇ ئېنىق ئەمەس، ھەتتا بەزىلەر: «قوش تىللىق مائارىپ ـ خەنزۇ تىلى مائارىپى، ئىمكانقەدەر بالىلارنى خەنزۇ مەكتەپلەرگە بېرىش ياكى مىللىيچە مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلىنى ياخشى ئۆگىتىشلا قوش تىللىق مائارىپنىڭ ۋەزىپىسى» دەپ قاراپ، ئانا تىل مائارىپىغا، بىلىم ـ ساپا ھازىرلاشقا ۋە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تەربىيەسىگە سەل قاراۋاتىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدا مېنىڭچە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار:

(1) ئاپتونوم رايونىمىز مائارىپىنىڭ كادىرلار قوشۇنىدىكى ئايرىم كىشلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال بىلىمى كەمچىل، كەسپىي ساپاسى تۆۋەن. چۈنكى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇقىملىقنى نەزەردە تۇتۇپ، «مەكتەپنى سىياسىيونلار باشقۇرۇش» دېگەندەك بىر تەرەپلىمە يېتەكچى ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە مائارىپ تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەرگە رەھبەر تەيىنلەشتە، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئارخىپىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىپ، كەسپىي بىلىم ئىقتىدارىغا سەل قارالدى؛ (2) قوش تىللىقلىشىش ھادىسىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنى قوش تىللىقلىشىش، قوش تىللىق مائارىپ ۋە قوش تىلدا ئوقۇتۇش قاتارلىق ئۇقۇملارنى چۈشەنمەسلىك، خاتا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئاڭقىرالماسلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، قوش تىللىقلىشىش ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان تىل، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىسى بولۇپ، گەرچە نۇرغۇنلىغان تىلشۇناسلار، جەمئىيەتشۇناسلار، مائارىپچىلار ۋە پسىخولوگلار تەتقىقات خەريانىدا قوش تىللىقلىششقا ئېنىقلىما بېرىشكە تىرىشقان بولسىمۇ، تا بۈگۈنگە قەدەر ئاۋامنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشكەن بىرەر ئېنىقلىما ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. شۇڭلاشقا، بۇ ساھەنى چۈشىنىش، ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەش ھەم بۇ قانۇنىيەتلەرنى دۆلەت ئەھۋالىغا ۋە رايون ئەھۋالىغا تەدبىقلاش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە؛ (3) ئېلىمىز زىيالىيلىرىنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ھەقىقىي ئىلمىي يوسۇندا تەتقىق قىلغىنىغا تېخى ئۇزۇن بولمىغاچقا، قوش تىللىقلىششنىڭ تىل جەھەتتىكى دۆلەت ئەھۋالى ئايدىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلىتىمىزدە قوش تىللىق مائارىپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، مەدەنىيەت ۋە مائارىپىنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولۇۋاتقان يېڭى دەۋردە قوش تىللىق مائارىپ دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر ئىلىم ساھەسى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ھەل قىلىشىنى كۈتمەكتە.

ئىككىنچى، قوش تىللىق مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتە سۈرئەت زىيادە تېز بولۇپ كەتتى.

---

① 陈学金，滕星：《新疆喀什，和田地区双语教育的实地考察与对策研究》，载《新疆教育学院学报》，2012 年第 1 期，第 11 页。

② 中国民主同盟新疆区委教育委员会：《新疆南疆地区如何更好地推进双语教育的对策与建议》，载《新疆教育学院学报》2010 年第 4 期，第 23 页。

③ 李瑞忠：《新疆双语教育的界定》，载《新疆教育学院雪豹》，2010 年第 4 期，第 5 页。

www.uyghurkitap.com

قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدىكى تەتقىقاتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئايرىم ئورۇنلارنىڭ قوش تىللىق مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتى، ئۇزۇن مۇددەتلىكلىكى، جاپالىقلىقىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئالدىراقسانلىق قىلىش، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈش، خىزمەتتە سىياسىي نەتىجە قوغلىشىش (بولۇپمۇ مەسئۇل رەھبەرنىڭ ئاڭ ـ ئىدىيەسى جەھەتتە) تەك ناچار خاھىشلار تۇپەيلىدىن، ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، يەسلى مائارىپىنى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىغا ئايلاندۇرۇۋالىدىغان، ئوقۇتۇش باشقۇرۇشى قانۇنىيەتسىز، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇش، رايون ئالاھىدىلىكىگە ئىگە لاياقەتلىك ئوقۇتۇش ماتېرىيالى بولماسلىقتەك مەسىلىلەر كۆرۈلمەكتە.

2010 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر يەسلى ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر قوش تىللىق مائارىپىنىڭ (2010 ـ 2020) تەرەققىيات پىلانى پروگراممىسى»دا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىككى يىللىق يەسلى تەييارلىق مائارىپىنى 2012 ـ يىلغىچە ئومۇملاشتۇرۇش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر قوش تىللىق مائارىپىنى 2015 ـ يىلغىچە ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇش، 2020 ـ يىلغا باغاندا، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر قوش تىللىق مائارىپىنىڭ قاپلىنىش نىسبىتىنى %90 تىن ئاشۇرۇش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن، ئەمەلىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلاردىن مەلۇمكى، 2009 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا قوش تىللىق مائارىپ دائىرىسىدىكى يەسلى تەييارلىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (كەسپىي تولۇق ئوتتۇرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىي 750 مىڭ 100 نەپەر، 2010 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بۇ سان 994 مىڭ 300 نەپەرگە يەتتى. 2011 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا قوش تىلدا تەربىيەلىنىۋاتقان يەسلى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار قوشۇلۇپ، جەمئىي 1 مىليون 198 مىڭ 700 نەپەرگە يەتتى. بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يەسلى ۋە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ %48نى ئىگىلەيدۇ. بۇ سان «پىلان پروگراممىسى»دىكى 1 مىليون 64 مىڭغا يەتكۈزۈش دەيدىغان نىشانغا يېتىپلا قالماستىن، ھەتتا ئۇنىڭدىن 130 مىڭ ئوقۇغۇچى ئاشقان. ئەگەر «پىلان پروگراممىسى»نى ئىلمىي، مۇۋاپىق دەپ قارىساق، ھازىرقى ئەمەلىيەت «پىلان پروگراممىسى»نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، يولغا قويۇلۇش باسقۇچىدا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنداق «ھالقىما تەرەققىيات» ھەرقايسى رايونلار مائارىپىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنمۇ؟ قوش تىللىق مائارىپىنىڭ سۈپىتى زادى قانداق بولىۋاتىدۇ؟①

پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىدىن شەكىللەنگەن، باشلانغۇچتىن ئالىي مائارىپقىچە مىللىي تىل ـ يېزىقتا ئوقۇتىدىغان ئەنئەنىۋى مائارىپ تۈزۈلمىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ جەھەتتىكى روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئەپسۇس، رەھىمسىز رىقابەت دەۋرىدە، 21 ـ ئەسىرنى مىللىي تىل ـ يېزىقىمىزنى رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر (تىل ـ ئەدەبىياتتىن باشقا كەسپلەر) دىن تەدرىجىي چېكىندۈرۈش بىلەن كۈتۈۋالدۇق. بۇ خىل ئىسلاھاتقا ئەگىشىپ، رايونىمىز مائارىپ ساھەسىدىكى زور بىر تۈركۈم، مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە ئوقۇتقۇچىلار خەنزۇ تىلى ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئوقۇتۇش سېپىدىن ئايرىلدى ياكى مۇنبەردىن يىراقلاشتۇرۇلدى. گەرچە، يېڭى قابىل كۈچلەر تەدرىجىي تولۇقلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇتۇش مول تەجرىبە تەلەپ قىلىدىغان جەريان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى قاتارلىق تەرەپلەردە قىيىنچىلىق يەنىلا ئېغىر بولماقتا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، مەخسۇس تىل توقۇنۇشى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىنمۇ شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، تىل مەسىلىسى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىگە، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەر دۆلەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، دۆلەت تىلى ۋە ھۆكۈمەت تىلىنى تاللاش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىگە دىققەت قىلىدۇ. دۆلەت تىلىنىڭ ئابروي ـ ئىناۋىتىنى تىكلەش، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېتىراپىغا ئېرىشتۈرۈش ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا ئاندىن ئىشقا

① 陈学金、滕星：《新疆喀什，和田地区双语教育的实地考察与对策研究》，《新疆教育学院学报》2012 年第 1 期，第 11 页。

ئاشىدۇ، شۇڭلاشقا ھەرقانداق بىر دۆلەت تىلنى كېڭەيتىش جەريانىدا ھەرگىزمۇ ئالدىراقسانلىق قىلىشقا، بولۇپمۇ مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن كېڭەيتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، نەتىجە دەل كۆتكىنىمىزنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ ①. دېمەك، دۆلەت ئەھۋالىنى، مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى توغرا تونۇش، قوش تىللىق مائارىپنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپ، بۇ جەھەتتە يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچى نەزەرىيەسىنى ياخشى ئىگىلىشىمىزگە، بۇ باسقۇچتىكى دۆلەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا، بۇ باسقۇچتىكى ئاساسىي زىددىيەتنى توغرا تونۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىدە ۋە ئاساسىي قانۇن، ئاپتونومىيە قانۇنىدا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويۇش ۋە كېڭەيتىشتە ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تاللاشتا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەر.

قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ـ قوش تىللىق مائارىپنىڭ سىياسىي قانۇن- تۈزۈمى بولۇپ، ئۇ قوش تىللىق مائارىپنىڭ مەقسىتى، تىل قارىشى ۋە تىل قىممەت قارىشى يۈزلىنىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىپادىسىدۇر. مۇۋاپىق، قاراتمىلىققا ئىگە، مەشغۇلاتچانلىقى يۇقىرى بولغان قوش تىل مائارىپى ئەندىزىسى ـ ئېلىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلۇشىنىڭ ھالقىسىدۇر. ئۇ بىر تەرەپتىن ئېلىمىز مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئىپادىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزنىڭ ئورتاق تىلنى كېڭەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، دۆلەتنى، سوتسىيالىزم يولىنى، مەدەنىيەتنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىنى تىكلەيدۇ.

نۆۋەتتە، ھەر بىر دۆلەتنىڭ، بىر دۆلەتتىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي شەرت- شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، قوش تىللىق مائارىپتىمۇ بىرلىككە كەلگەن ئوقۇتۇش ئەندىزىسى مەۋجۇت ئەمەس. دۆلىتىمىز ئالىملىرى: «جۇڭگونىڭ قوش تىللىق مائارىپ سىياسىتىنى يولغا قويۇشتا، ھەرگىزمۇ ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن مائارىپ تۈزۈلمىسى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك، بۇ خىل پەرق ئوخشىمىغان تەرەققىيات سەۋىيەسىدە، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت، بولۇپمۇ تۈرلىرى مول ئېغىز تىلى ۋە يېزىق تىلى مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. گەرچە، مەركەزدىكى مائارىپ تەدبىرچىلىرى خەنزۇ ئاھالىلىرى ئارىسىدا تىل مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنىڭ ئۇزۇندىنبېرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ساقلىنالمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنسىمۇ، لېكىن ‹مىللەتلەر مەسىلىسى› نى ھەل قىلىشنىڭ ئاداققى نىشانى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ‹سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك› نى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايتتى. بۇ جۇڭگو جەمئىيىتىدە قوش تىللىق تۈزۈم ۋە قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئورنى ۋە رولىنى مۇلاھىزە قىلىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالىدۇ» ② دەپ قارايدۇ .

قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ھەققىدىكى تەتقىقاتتىن ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كۆرۈۋالىمىز. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسى گۇي شېچۈن ئەپەندى ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە يىغىنچاقلىغان: (1) مەھەللە ئەندىزىسى؛ (2) مۇستەملىكە ئەندىزىسى؛ (3) كۆپ مىللەتلىك رايون ياكى دۆلەت ئەندىزىسى؛ (4) مەكتەپ ئەندىزىسى . ۋاڭ بىنخۇا ئەپەندى «قوش تىللىق مائارىپ ۋە قوش تىلدا ئوقۇتۇش» ناملىق ئەسىرىدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەندىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان: (1) چۆكتۈرۈش ئەندىزىسى ـ بۇ خىل ئەندىزىدە مەكتەپ مائارىپى ئانا تىلدا ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي ئىككىنچى بىر تىلدا ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ (2) ۋارىسلىق قىلىش ئەندىزىسى ـ بۇ خىل ئەندىزىدە باللار مەكتەپكە كىرىشى بىلەن تەڭ ئانا تىلدا ئوقۇتۇلۇپ، بىرقىسىم دەرسلەر تەدرىجىي

① (美) 白杰瑞:《文化 · 教育与发展》, 2011 年 10 月第 1 版, 第 85 页。

② يۇقىرىقى ئەسەر، 106 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



ئىككىنچى بىر تىلدا ئۆتۈلىدۇ، يەنە بىرقىسىم دەرسلەر ئانا تىلدا ئۆتۈلىۋېرىدۇ؛ (3) ئۆتۈش ئەندىزىسى ـ بۇ خىل ئەندىزىدە باللار مەكتەپكە كىرگەن دەسلەپكى باسقۇچتا دەرسلەر قىسمەن ياكى پۈتۈنلەي ئانا تىلدا ئۆتۈلۈپ، تەدرىجىي ئىككىنچى بىر تىلدا ئوقۇتۇشقا كۆچىدۇ . يەن شۆجوڭ ئەپەندى ئېلىمىزنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىدىكى قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە يىغىنچاقلىغان: (1) يەنبيەن ئەندىزىسى؛ (2) ئىچكى موڭغۇل ئەندىزىسى؛ (3) شىنجاڭ ئەندىزىسى؛ (4) شىزاڭ ئەندىزىسى؛ (5) شىنەن ئەندىزىسى؛ (6) ئاقارتىش ئەندىزىسى .

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا مائارىپ نازارىتى ئاساسى مائارىپ باشقارمىسى تارقاتقان « ‹مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا قوش تىللىق مائارىپ دەرسىنى تەسىس قىلىش لايىھەسى› توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (ش ج م 〔2011〕 7 ـ نومۇرلۇق) ناملىق ھۆججەتتە: «شىنجاڭنىڭ قوش تىللىق مائارىپىدا تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك ئوقۇتۇش ئەندىزىسى يولغا قويۇلىدۇ، بىرىنچى ئەندىزە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا خەنزۇ تىلى، ماتېماتىكا، ئىلىم ـ پەن، ئۇچۇر تېخنىكىسى؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا خەنزۇ تىلى، چەت ئەل تىلى، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، بىيولوگىيە، ئۇچۇر تېخنىكىسى قاتارلىق بىرقىسىم دەرسلەر خەنزۇ تىلىدا، قالغان دەرسلەر ئانا تىلدا ئۆتۈلىدۇ؛ ئىككىنچى ئەندىزە بارلىق دەرسلەر خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلۈپ، ئانا تىلدا تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى تەسىس قىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى شارائىتى يار بەرمىگەن مەكتەپلەر تەنتەربىيە، مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت دەرسىنىمۇ ئانا تىلدا ئۆتسە بولىدۇ. مەكتەپلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ مۇۋاپىق ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تاللاپ، ناھىيە دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يولغا قويۇشى كېرەك. ھەرقايسى جايلاردىكى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى مەكتەپلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تاللاش خىزمىتىنى چوقۇم ياخشى ئىشلىشى لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «خەنزۇ تىلىدا ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى ئوقۇتقۇچى ئىمكانقەدەر خەنزۇ تىلىدا سۆزلىگەندىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشىنىشى قىيىن بولغان ئايرىم نۇقتىلارنى ئانا تىلدا چۈشەندۈرسىمۇ بولىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، ھۆججەتنىڭ روھىدىن مەلۇمكى، ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى تاللاش ھوقۇقى يۇقىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى قوش تىللىق مائارىپ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىدا بولسا، تۆۋەندە ھەرقايسى مەكتەپلەر ۋە ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا بېرىلگەن. «پىلان پىروگراممىسى» نىڭ قوش تىللىق مائارىپ دېگەن 4 ـ بابىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ يېزىقىدا ئوقۇتۇش قوش تىل مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ يېزىقىدا مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش، قوش تىللىق مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئانا تىلدا ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دەرس سائىتى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ قوش تىللىق مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش جەريانىدا، ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ساقلاپ قېلىپ، ئائىلە باشلىقلىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن تاللىشىغا ماسلىشىش، ھەتتا خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئانا تىل ـ يېزىقىنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، خەنزۇچە مەكتەپلەردىمۇ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئانا تىل دەرسىنى تەسىس قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلگەن. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يولغا قويۇلىۋاتقان قوش تىللىق مائارىپ ئوقۇتۇش ئەندىزىسى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ۋە رايون ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنمۇ؟ بۇ ھەقتىكى مەخسۇس تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئايرىم مەكتەپلەر يولغا قويغان ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، مائارىپ ئىدارىسى مەكتەپلەرگە قارىغۇلارچە ئەندىزە تاللاپ بېرىدىغان، ئىككىنچى خىل ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى يولغا قويۇشقا ئومۇميۈزلۈك ئالدىرايدىغان، بۇ ئەندىزىنى يولغا قويۇشقا شارائىتىمىز تېخى يار بەرمەيدۇ دەپ قارىغان مەكتەپ مۇدىرلىرىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدىغان، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» شامىلىنىڭ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپىدا لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى كەمچىل،

ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش خىزمىتىنىڭ ئۇنۇمى تۆۋەن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىر، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مۇقىم ئەمەس، دەرسلىك رايون ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئوقۇغۇچىلار دەرسنى چۈشىنەلمەيدىغان ۋە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن تەدرىجىي بىزار بولۇپ مەكتەپتىن قاچىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلمەكتە.

## 4. خۇلاسە

ئاپتونوم رايونىمىز قوش تىللىق مائارىپنى ساغلام تەرەققىيات يولىغا سېلىش ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئىلمىي ھەل قىلىش بىلەن بىللە، تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك:

بىرىنچى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ۋە مەقسىتىگە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك.

بۇ يېتەكچى ئىدىيەنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزملىق مەيدان يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ماركسىزملىق مىللەتلەر باراۋەرلىكى پرىنسىپى، پارتىيە ۋە دولەتنىڭ مىللەتلەر تىل- يېزىقى توغرىسىدىكى سىياسەت ۋە قانۇن- نىزاملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يولغا قويۇشىمىز، تەجرىبە- ساۋاقلارنى ئىلمىي يەكۈنلەپ، يېتەكچى ئىدىيەدە «سولچىل»لىققا قارشى تۇرۇپ، قوش تىللىق مائارىپنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەت ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

ئىككىنچى، قوش تىللىق مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش ئەندىزىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك.

ئوقۇتۇش ئەندىزىسى ئېلىمىز قوش تىللىق مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولغا قويۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىسى، ئۇ بىر تەرەپتىن ئېلىمىز مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئىپادىلەپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى ۋە تەرەققىيات ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئېلىمىزنىڭ ئورتاق تىلنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ، دۆلەتنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىنى تىكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىككى خىل ئوقۇتۇش ئەندىزىسى زادى ئىلمىي، مۇۋاپىق ۋە قانۇنلۇقمۇ- يوق؟ ئېچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ئەڭ ئاۋۋال قوش تىللىق مائارىپنى يولغا قويغان، ھەر خىل ئەندىزىلەرنى سىناق قىلغان رايون تۇرۇپ، ھازىر نېمە سەۋەبتىن يەنە ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى قوش تىلدا ئوقۇتۇش ئەندىزىسىگە قايتتى؟ دېگەندەك بىر قاتار مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا، كەلگۈسىگە، مىللەتلەر باراۋەرلىكىگە تەڭ ئېتىبار بېرىلگەن ئىلمىي مائارىپ باشقۇرۇش تېپىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قوش تىللىق مائارىپنىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە توغرا نەزەرىيە ئاساسى ھازىرلاش كېرەك.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى ماركسىزم ـ لېنىنىزم بۆلۈمى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

www.uygurkitap.com

# ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداش توغرىسىدا

رىشات ھەسەن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسلىنىۋاتقان قانۇن ـ تۈزۈملەر، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇنى قانۇن بويىچە قوغداشتا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تېبابىتى؛ تېبابەت ئەسەرلىرى؛ ئەسەر هوقۇقى

ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىكى 2500 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۆرلۈك ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مىنېرال بايلىقلار 2000 خىلدىن، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە قوللىنىلىۋاتقان ماتېرىياللار 1000 خىلدىن ئاشىدىكەن. يۇقىرىقىدەك ئۇزاق تارىخقا ئىگە تېبابەتچىلىك تارىخىمىز ۋە ئەۋزەل بولغان جۇغراپىيەلىك شارائىتىمىز ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان كلاسسىك ئەسەرلەر ئىچىدە تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ بىر قەدەر زور سالماقنى ئىگىلىشىگە، شۇنداقلا خېلى زور بىرقىسىم كلاسسىكلىرىمىزنىڭ بۇ تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا قەلەم تەۋرىتىشىگە تۈرتكە بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى رىقابىتىدە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ بىباھا ئەگۈشتەرلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى نوقۇل ھالدا خەلقىمىزنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ساغلاملىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەنلا نامايەن قىلىپ قالماي، يەنە تېبابەتكە ئائىت مىللىي ئىگىلىكىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش، بىزنى بۇ ھەقتىكى مەدەنىيىتىمىزدىن پەخىرلەندۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ نامايەن قىلىپ كەلمەكتە. لېكىن، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ دەۋرىمىزدىكى ساغلام تەرەققىياتى يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداش جەريانىدا كۆرۈلۈۋاتقان قانۇنىي مەسىلىلەر دەل بۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى، مىللىي تېبابەت بۈگۈنكى كۈندە بىر مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە بىرقەدەر يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش، ئىنسانىيەت ساغلاملىقىغا تۆھپە قوشۇش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكلىرى بىلەن كارخانىچىلارنىڭ بازار ئېچىشىدىكى ئالدىن تاللىشى بولۇپ قالدى. بۇ خىل رېئاللىق تەبىئىي ھالدا مىللىي تېبابىتىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قانۇنىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. بۇ مەسىلىلەر ئىچىدە ئەسەر هوقۇقىغا چېتىلىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسلىنىۋاتقان قانۇن ـ تۈزۈملەر ۋە بۇ ھەقتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى قانۇن بويىچە قوغداشتا زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىمەن.

## 1. دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسلىنىۋاتقان قانۇن ـ تۈزۈملەر

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرى جۇڭيى تېبابىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تېبابىتىنى قانۇن ـ تۈزۈم ئۇقتىسىدىن قوغداشتا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن هوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئايرىم ـ ئايرىم ۋە ماس قەدەم بىلەن نۇرغۇنلىغان قانۇن ـ قائىدە ۋە نىزاملارنى تۈزۈپ يولغا قويدى. بۇ قانۇن ـ قائىدە، نىزاملار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر هوقۇقىنى قوغداشتىمۇ قانۇنىي ئاساس بولۇپ

كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

**1) ئاساسىي قانۇن.** «ئاساسىي قانۇن»دا بۇ ھەقتە ئومۇمىي پرىنسىپ خاراكتېرلىك بەلگىلىمە بار. دۆلەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە گەرچە ئاساسىي قانۇننىڭ ئايرىم ماددىلىرىغا نۇرغۇن قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ، دۆلەت زامانىۋى تېبابەت بىلەن ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدۇ، دېگەن بۇ ماددىدا ئۆزگىرىش بولمىدى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، دۆلىتىمىز ئەنئەنىۋى تېبابىتىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلانغان ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ قوغدىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئاساسىي قانۇن تەرىپىدىن كاپالەتكە ئىگە.

**2) ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى.** دۆلىتىمىزنىڭ ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايون چىقارغان ئالاقىدار يەرلىك قانۇن ـ نىزاملاردا بۇ ھەقتە ئابستراكت بەلگىلىمىلەر بار. يەنى ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىدا ئاپتورلارنىڭ جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەرخىل مەزمۇندىكى ئەسەرلىرى مەزكۇر قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى بەلگىلىنىش بىلەن بىللە، 3 ـ ماددىسىدا قوغدىلىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۈرلىرى بايان قىلىنغان. لېكىن، تېبابەت ياكى ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ قوغدىلىشى توغرىلىق كونكرېت مەزمۇن يوق. پەقەت مەزكۇر ماددىنىڭ 7 ـ تارمىقىدا قانۇن، مەمۇرىي قانۇن ـ تۈزۈملەردە كۆرسىتىلگەن باشقا ئەسەرلەرمۇ ئەسەر ھوقۇقىنىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرىدۇ، دېگەن ئابستراكت مەزمۇن بار. مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن ئاپتونوم رايون چىقارغان نىزامىدىمۇ بۇ ھەقتىكى مەزمۇن ئانچە بەك پەرقلەنمەيدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پرىنسىپ جەھەتتىن ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابەت ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلىرى ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايون چىقارغان بۇ ھەقتىكى يەرلىك قانۇن ـ نىزاملار تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

**3) غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى.** دۆلىتىمىزنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايون چىقارغان بۇ ھەقتىكى ئالاقىدار يەرلىك قانۇن ـ نىزاملاردا بىرقەدەر كونكرېت بولغان بەلگىلىمىلەر بار. دۆلىتىمىزدە ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ 2 ـ ماددىسىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسىگە ئېنىقلىما بېرىلگەن. يەنى مەزكۇر قانۇندا كۆزدە تۇتۇلغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ــ دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان دەۋردىن ـ دەۋرگە ۋارىسلىق قىلىنىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەرخىل ئىپادىلىنىش شەكلى، شۇنداقلا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تۈرلۈك بۇيۇم ۋە سورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر قانۇننىڭ 2 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلەر ھەققىدە تېخىمۇ كونكرېت ئېنىقلىما بېرىپ، ئەنئەنىۋى ھۈنەر ـ سەنئەت، تېبابەت دورىلىرى، تەقۋىمچىلىك قاتارلىق تۈرلەرمۇ «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»نىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر قانۇنغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىز چىقارغان «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش نىزامى»نىڭ 3 ـ ماددىسىنىڭ 6 ـ تارمىقىدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئائىت قولىيازمىلار ۋە بۇ ھەقتىكى تۈرلۈك ماتېرىياللارنىڭمۇ مەزكۇر قانۇننىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تۈزۈپ ئېلان قىلغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا ئائىت قانۇن ـ نىزاملار ئەنئەنىۋى تېبابەت ئەسەرلىرىمىزنى قوغداشتا ناھايىتى ياخشى بولغان قانۇنى ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

**1) ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسلىنىدىغان قانۇن تەۋەلىكى تېخى ھازىرغىچە ئېنىق ئايرىلمىدى.** ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنى زادى «ئەسەر

www.uyghurkitap.com

هوقۇقى قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش كېرەكمۇ ياكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ھازىرغىچە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىۋاتقان قىزىق نۇقتا ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە يۇقىرىقى ئىككى خىل كۆز قاراشنى ياقىلىغۇچى ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ يوللۇق دەلىللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنى «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش كېرەك، دېگەن كۆزقاراشنى ياقىلىغۇچى ئالىملار: «تېبابەت ئەسەرلىرى ئالدى بىلەن ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنىڭ قوغداش ئوبيېكتى ھېسابلىنىدۇ. رېتسېپلارنى، داۋالاش ئۇسۇللىرىنى توپلىغۇچى، بايقىغۇچى تېۋىپلار مەيلى تارىختا نامى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ياكى نامى قالدۇرۇلغان بولسۇن، ئۇلار تەۋە بولغان دۆلەت، ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ياكى ئىجتىمائىي توپ (مىللەت) ئۇلارنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزۈشى كېرەك» دېگەن كۆز قاراشتا چىڭ تۇرسا، ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش كېرەك، دېگەن كۆز قاراشنى ياقىلىغۇچى ئالىملار: «تېبابەت ئەسەرلىرى نۇقۇل ئەسەر بولۇپلا قالماي، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەت خەلقىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ گەۋدىلىك، تېخىمۇ روشەندۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ھازىرقى ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى كۆزدە تۇتقان ئەسەرلەردىن ۋە مەزكۇر قانۇن گەۋدىلەندۈرگەن مەقسەت، پىرىنسىپلاردىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، تارىختا ئۆتكەن ھەكىملەرنىڭ نۇقۇل بۇگۈنكى كۈندىكى ئەسەر ھوقۇقىنى تەكىتلەش يۈزىسىدىنلا ئۇنى ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىنىڭ تەڭشەش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ئاقىلانە پىكىر ئەمەس» دەپ قارىماقتا. بۇنداق تالاش ـ تارتىشلار تەبىئىيكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان تېبابەت ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداش خىزمىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن نورمال يۈرگۈزۈلۈشىگە بەلگىلىك قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

**2) ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتا ئاساسلىنىدىغان ئالاقىدار قانۇن ـ تۈزۈملەر تېخى دېگەندەك مۇكەممەللىشىپ كەتمىدى.** مەيلى ھازىر تۈزۈلۈپ يولغا قويۇلۇۋاتقان «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» ياكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى نۆۋەتتىكى كونسېپى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان مۇرەككەپ دەۋردە ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان بولۇپ، مەزكۇر تېمىنى قانۇن ـ تۈزۈم نۇقتىسىدىن ھەل قىلىشنىڭ ھەر بىر ھالقىسىدا، يەنى قانۇن تۈزۈشنىڭ تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش، باشقا دۆلەتلەرنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىدىن ئىجادىي يوسۇندا پايدىلىنىش ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، تەكلىپ ـ لايىھە سۇنۇش، مۇزاكىرىگە قويۇلۇش، سىناق نۇسخىسى تۈزۈلۈش، رەسمىي نۇسخىسى تۈزۈلۈش، كونكرېت ئىجرا قىلىنىش قاتارلىق ھەر بىر باسقۇچلىرىدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا سۈپەت مەسىلىسى مەۋجۇت. ئىككىنچىدىن، بۇ جەھەتتىكى مەمۇرىي قانۇن كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان قانۇن ـ تۈزۈملەر كۆپ سالماقنى ئىگىلەپ كەتكەن. يەنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار يەرلىك قانۇن ـ نىزاملارنى مىسالغا ئالساق، ئۇلار ئاساسلىقى مەمۇرىي قانۇن كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ. تەڭشەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش ئوبيېكتى ئاساسلىقى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى مەجبۇرىيىتى ۋە ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋالدا غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلكىدە تۇتقۇچى، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھەق ـ تەلەپ ھوقۇقى ۋە ھەرىكىتىنى تەڭشەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ئالاھىدىلىك دېگەندەك گەۋدىلىنەلمەيدۇ ـ دە، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھېسابلانغان ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ قانۇن بويىچە قوغدىلىشى سەلبىي تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ تۈزۈملەر ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتا كۆرۈلۈۋاتقان ئالاھىدە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئۆز رولىنى دېگەندەك ياخشى جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. يەنى بۇ يەردە

كۆزدە تۇتۇلغان ئالاھىدە مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش دۆلەت ھالقىپ ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرگە نىسبەتەن، ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ دۆلەت تەۋەلىك مەسىلىسى بىلەن شۇ مىللەتلەرنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىر پۈتۈن ئۇقتىدىن قوغداش مۇناسىۋىتى، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن شۇ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ئىگىسى بولغان ۋە نوپۇس جەھەتتىن كۆپ دۆلەتكە تارقالغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر قانۇن تۈزۈش جەھەتتىن يېشىلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ.

**3) ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتا قانۇن-تۈزۈم ئېڭى دېگەندەك يۇقىرى ئەمەس.** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىگە بولغان تونۇشى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى قانۇن-تۈزۈم ئېڭى تەرەققىي قىلغان ئىچكىرى رايونلارنىڭكىدىن خېلى ئارقىدا قالغان. 80 ـ يىللاردىن باشلاپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكى نۇرغۇن تارماقلارنىڭ بىۋاستە قول سېلىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا، خەلق ئارىسىدىن گەرچە نۇرغۇن تېبابەتكە ئالاقىدار كىتابلار يىغنۇلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى قوغداش مۇھىتى خەلقئارا ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش ئۆلچىمىدىن كۆپ يىراق بولغاچقا، نۇرغۇن كىتابلارنىڭ يوقىلىپ كېتىش، بۇزۇلۇپ كېتىش ئەھۋاللىرى ئېغىر، شۇنداقلا يوقاپ كەتسە، بۇزۇلسا مەسئۇلىيەتنى قايسى خىل شەكىلدە، قانداق سۈرۈشتۈرۈش ۋە قانداق جازا قوللىنىش جەھەتتىكى تۈزۈم مېخانىزمى ئاساسلىنىدىغان يازما قانۇن-مىزان نۇقتىسىدىن ۋە ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش نۇقتىسىدىن يېتەرلىك دەرىجىدە مۇكەممەللەشمىگەن.

**4) ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى قېزىش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتى بىرقەدەر ئاستا بولماقتا.** گەرچە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەردىن «تېبابەت قانۇنى»، «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى»، «ئۇيغۇر تېبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلار»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تېبابىتى»، «ئۇيغۇر تېبابىتى» ۋە «تېببىي ئەكبەر» قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلار رەتلىنىپ نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىكىگە ئائىت قەدىمكى كىتاب ۋە ئەسەرلەر ناھايىتى كۆپ، يەنى ئومۇمىي قەدىمكى ئەسەرلەر ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن قالسىلا يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ خىزمەت تولۇق ئورۇنلىنىپ كېتەلمىدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى مەبلەغ كۈچى ۋە چاغاتاي يېزىقى قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلىدىغان ئىختىساسلىقلارنىڭ كۈچى يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ماتېرىياللارنى توپلاش، تەرجىمە قىلىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتى مەلۇم سەلبىي تەسىرلەرگە ئۇچرىماقتا.

## 3. ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك زۆرۈر بولغان تەدبىرلەر

**1) ئاساسلىنىدىغان قانۇن تەۋەلىكىنى ئېنىق ئايرىۋېتىش كېرەك.** بۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنى زادى «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش كېرەكمۇ ياكى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئايدىڭلىشىشى كېرەك. مېنىڭچە، ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنى «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»غا قارىغاندا «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى»غا ئاساسەن قوغداش تېخىمۇ مۇۋاپىق. چۈنكى، بىرىنچىدىن، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ئۇنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى، پاتېنت ھوقۇقىنى ۋە تاۋار ماركا ھوقۇقىنى قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، بۇ ھەقتە باشتا تىلغا ئېلىنغان ماددا ئەنئەنىۋى تېبابەت ئەسەرلىرىمىزنى قوغداشتا بىر پۈتۈنلۈك نۇقتىسىدىن ناھايىتى ياخشى ئاساس بولالايدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان بۇ تېبابەت ئەسەرلىرى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى، ھەتتا ئۇنىڭ كەلگۈسىدە

بوسوغۇسى ئېگىزلەپ خەلقئارالىق دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈپ ب د ت نىڭ ئېتىراپنامىسىگە ئېرىشىشىدىنمۇ ئۈمىد بار. بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭ غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تېخىمۇ كۆپ دىققەت ـ ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، تەبىئىيكى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن تۈزۈلىدىغان قانۇن ـ سىياسەتلەرنىڭ مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىش سۈپىتىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، بۇ قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرى ۋە ئۇنى يازغان ئۆز زامانىسىدىكى ھەكىملەرنىڭ يېڭى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»دىكى سۇبيېكتلىق سالاھىيىتىگە قارىغاندا، ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مىللەتنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ئەسەر ھوقۇقى بۈگۈنكى كۈندە تارىختا ئۆتكەن نوقۇل بىر شەخسنىڭ ئەسەر ھوقۇقى ئەمەس، بەلكى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراس ھوقۇقى بولۇپ قالدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ياشاپ ئۆتكىنىگە نەچچە ئەسىر ھەتتا نەچچە ئون ئەسىر بولغان فارابى، غازىباي، ئىمام تەجەللىگە ئوخشاش تېۋىپلارنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىممەتلىك مىراسلىرىنى نوقۇل ھالدا «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» نۇقتىسىدىنلا تەكشۈرۈپ قوغداش بىلەن چەكلىنىش ئاقىلانىلىق ئەمەس.

**2) ئاساسلىنىدىغان قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** بۈگۈنكى كۈنىسىرى ئۆزگىرىپ بېرىۋاتقان مۇرەككەپ دەۋردە، ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ مۇشكۇل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، مەزكۇر تۈرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلگەن قاراتمىلىقى كۈچلۈك قانۇن ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ قائىدىلىرىگە زىت كەلمەسلىك شەرتى ئاستىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى، جۈملىدىن تېبابەتكە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ماس كەلگەن، قاراتمىلىقى كۈچلۈك يەرلىك قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈپ يولغا قويۇشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداشتا قانۇن ـ تۈزۈم نۇقتىسىدىن ھەل قىلىشنىڭ ھەر بىر ھالقىسىغا سۈپەت جەھەتتىن ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھەرقانداق بىر ئىلمىي مەسىلە بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك، ھالقىسمان ئامىللاردىن تەشكىللەنگەن بىر ئىلمىي جاۋابنى ئۆزىگە تەقەززا قىلىدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغان ھەر بىر ھالقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ھەر بىر ماددا ياكى تارماقلىرى بىلەن ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەلۇم بىر ماددا ياكى تارماقنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى ئىجرا قىلىنىشىدا سۈپەت مەسىلىسى كۆرۈلسە، بۇ ئۇيغۇر قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرىنىڭ قانۇن جەھەتتىن قوغدىلىشىدىكى ئومۇمىي ئۈنۈمگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇناسىۋەتلىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ دائىرىسىنى مۇۋاپىق دائىرىدە كېڭەيتىش كېرەك. يەنى «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» ۋە ئالاقىدار يەرلىك قانۇنلار ئۇيغۇر قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ئائىت مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە، نوقۇل ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى مەجبۇرىيىتى ۋە ھەرىكىتىنىلا كۆزدە تۇتماي، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئىلكىدە تۇتقۇچى، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھەق ـ تەلەپ ھوقۇقى ۋە ھەرىكىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەڭشەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

**3) پۇقرالارنىڭ قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.** ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن، شەخسلەرنىڭ قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى قانۇن ـ تۈزۈم ئېڭى ۋە قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرىمىزنىڭ قىممىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈش، مۇھاكىمە سورۇنى ئۇيۇشتۇرۇش، بۇ ھەقتە نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش، دۆلەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە باشقا دەرىجىدىكى تەتقىقات تېمىلىرىنى ئىلتىماس قىلىپ ئىشلەش، ئاپتونوم رايوننىڭ مەزكۇر خىزمەتكە مەسئۇل رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا بۇ ھەقتە مەلۇماتنامە سۇنۇش ۋە باشقا ھەرخىل تەشۋىق ـ تەربىيە ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۆستۈرۈش كېرەك. خەلق ئارىسىدىن يىغىۋېلىنغان تېبابەتكە ئالاقىدار قەدىمكى

ئەسەرلەرنىڭ قوغداش مۇھىتىنى شارائىتىنىڭ يار بېرىشىچە تېخىنكا، مەبلەغ، ئادەم كۈچى قاتارلىقلارنى ئاجرىتىپ ياخشىلاش، خەلقئارالىق قەدىمكى ئەسەرلەرنى قوغداش ئۆلچىمىگە ئىمكانىقەدەر يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىمكى ئەسەرلەرنىڭ يوقىتىپ كېتىش، بۇزۇلۇپ كېتىش، يوقاپ كەتسە، بۇزۇلسا مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ئەھۋاللىرىنى مەسئۇلىيەتنى قايسى خىل شەكىلدە، قانداق سۈرۈشتۈرۈش ۋە قانداق جازا قوللىنىش جەھەتتىكى يازما قانۇن ـ مىزاننى تۇرغۇزۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش، يازما قانۇن ـ مىزاننى ئەمەلىي قوللىنىش ۋە ئۇنىڭ تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلەش قاتارلىق تۆت تەرەپتىكى خىزمەتنى بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق تۈزىتىش كېرەك.

**4) ئۇيغۇر تېبابىتى دورىگەرلىكىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى قېزىش، رەتلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.** ئۇيغۇر تېبابەت دورىگەرلىكىگە ئائىت قەدىمكى كىتاب ۋە ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇش، ئىزاھلاش، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەر قۇرۇلۇش خاراكتېرىنى ئالغان، زەنجىرسىمان ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئۇزۇن مەزگىللىك، ھەر جەھەتتىن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغان ئىلمى ئەمگەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەقسەتكە يېتىشتە ئۇزۇن مەزگىللىك، ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە قىسقا مەزگىللىك مەبلەغ، ئادەم كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئاساس قىلغان مۇكەممەل پىلان بولۇش، بۇ مۇكەممەل پىلان قەدەم ـ باسقۇچى بىلەن، ئىلمىي تەدبىرگە تويۇنغان ھالدا ئورۇندىلىنىپ مېڭىشى كېرەك. بولۇپمۇ ئۇيغۇر قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرى ئىچىدىكى بىرقەدەر مۇھىم بولغان ئەسەرلەرنى مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، قېرىنداش مىللەتلەر تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. چۈنكى، بۇ بىرقاتار خىزمەتلەرنىڭ سۈپەتلىك ئىشلىنىشى ئۇيغۇر قەدىمكى تېبابەت ئەسەرلىرىنىڭ مۇكەممەل قوغدىلىشىغا ئۇل ـ ئاساس سالالايدۇ.

پايدىلانمىلار:
1. ئابدۇۋەلى مەخپۇللا: «ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى تۈرگە لايىقلىشالامدۇ؟»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىكى سانى.
2. «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى»، «غەيرىي ماددى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلار.
3. ئىبنى سىنا: «تېبابەت قانۇنى» (ئۈچ توملۇق ئەسەر)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
4. شۈي جىخۇڭ، يەن گۇيپىڭ: «دۆلىتىمىز جۇڭيى تېبابەت دورىلىرىنىڭ بىلىم ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى مەمۇرىي جەھەتتىن قوغداش بىلەن قانۇنىي جەھەتتىن قوغداش ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش»، «كارخانا ئىقتىسادى» ژۇرنىلى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سان.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى قانۇنشۇناسلىق تەتقىقات ئىنستىتۇتى

جاۋابكار مۇھەررىرى: پەرھات غاپپار

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

www.uyghurkitap.com

# دۆلەت قانۇنى بىلەن ئادەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئادىل ئايۇپ

مۇھىم مەزمۇنى: دۆلەت قانۇنى بىلەن ئادەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە بۇرۇنقى چۈشەنچىلەردە، ئاساسلىقى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە توقۇنۇش مەسىلىسى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قانۇنشۇناسلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە قايتىدىن ئويلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ قانۇن تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تىرىشىشى ئارقىسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا «ئادەت قانۇنى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئاساسى» دەپ قارايدىغان ئورتاق تونۇش شەكىللەندى. بۇ ماقالىدە ئادەت قانۇنى بىلەن دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلاملىرىدىكى ئۆزئارا تەسىرى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: دۆلەت قانۇنى؛ ئادەت قانۇنى؛ مۇناسىۋەت

دۆلەت قانۇنى دۆلەت ياكى ئۇ ھوقۇق بەرگەن ئورگان تۈزگەن ياكى ئېتىراپ قىلغان، يولغا قويۇلۇشى دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچىگە ئاساسەن كاپالەتكە ئىگە بولىدىغان ھەرىكەت قائىدىسى. ئادەت قانۇنى «دولەت قانۇنىدىن مۇستەقىل بولغان، مەلۇم ئىجتىمائىي تەشكىلات ياكى ئىجتىمائىي نوپۇزغا تايىنىدىغان، بەلگىلىك مەجبۇرىيلىققا ئىگە بولغان ھەرىكەت قائىدىسىنىڭ يىغىندىسى» . قانۇنىنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، «ئادەت قانۇنى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئاساسى» دېگەن ھۆكۈم ناھايىتى توغرا. لېكىن، تارىخ يەنە شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، دۆلەت قانۇنى شەكىللەنگەندىن كېيىن ئادەت قانۇنىغىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر تەسىر كۆرسىتىپ تۇرغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۆلەت قانۇنى بىلەن ئادەت قانۇنى ئىزچىل ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتىدە بولۇپ كەلگەن.

## 1. ئادەت قانۇنىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا بولغان تەسىرى

ئادەت قانۇنىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا بولغان تەسىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئادەت قانۇنى دۆلەت قانۇنىنىڭ ئاساسى ياكى پەيدا بولۇشىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى. قانۇنىنىڭ تەرەققىياتىغا قارايدىغان بولساق، دۆلەت قانۇنى ئادەت قانۇنىنى ئاساس قىلغان ياكى ئادەت قانۇنىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئەھۋال دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دۆلەت قانۇنلىرى ۋە ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قانۇنلىرىدا بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۆلەت قانۇنى ھەتتا ئادەت قانۇنى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. گەرچە، ياۋروپا دۆلەتلىرىدە رىم قانۇنىنى تەتقىق قىلىش بىر مەزگىل قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان بولسىمۇ، لېكىن رىم قانۇنىنىڭ مەزمۇنى ئادەت قانۇنى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالسا، ئادەت قانۇنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تەتقىقات نەتىجىسى ئېتىراپ قىلىنمىغان. تەتقىق قىلغۇچى ئادەت قانۇنىغا ئېتىبار بىلەن قاراش ئاساسىدا رىم قانۇنىنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن رىم قانۇنىنى تەتقىق قىلىش ئۈگۈشلۈق بولغان. ھازىرمۇ ئەنگلىيە، ئامېرىكا قانۇنلىرىدا ئادەت قانۇنى يەنىلا قانۇنىنىڭ مۇھىم كېلىش مەنبەسى دەپ قارىلىدۇ. «دۆلىتىمىزدە مەيلى مەركىزىي ھۆكۈمەت ياكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بولسۇن، ئۇلار تۈزگەن يازما قانۇنلارنىڭ ھەممىسى ئادەت قانۇنىنى ئاساس قىلغان

ياكى ئادەت قانۇنى يازما قانۇننىڭ مەدەنىيەت ئاملىغا ئايلىنىپ كەتكەن»①.

ئىككىنچى، ئادەت قانۇنى بىلەن دۆلەت قانۇن چىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن چىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەت قانۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەسىلەن، 14 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى گېرمانىيەدە يولغا قويۇلغان قانۇن ــ گېرمان مىللىتىنىڭ قەبىلە تۈزۈمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن يەرلىك ئادەت قانۇنىدىن ئىبارەت. «فىرانسىيە ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى» دىمۇ نىكاھ مەسىلىسىدە ئائىلە باشلىقىنىڭ نوپۇزىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئەر ـ ئاياللار باراۋەرسىزلىكى قاتارلىق مەسىلىلەردە فېئوداللىق ئادەت ۋە يەرلىك ئادەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بەزى ئالىملارنىڭ كورسەتكىنىدەك: « ‹فىرانسىيە ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرى› دا ئادەم ئىشەنمىگۈدەك ھالدا ئەنئەنىۋى ھالەتتىكى ئادەت قانۇنى ساقلىنىپ قالغان. ئادەت قانۇنى، بولۇپمۇ پارىژ ئادەت قانۇنى كەڭ دائىرىدە قوغدالغان. دەستۇردىكى نىكاھسىز پەرزەنتلەرنى ئېتىراپ قىلىش، ئىگىدارلىق ھوقۇقىغا ياخشى نىيەتتە ئېرىشىش، مىراس قالدۇرغۇچىنىڭ يېقىن ئۇرۇق تۇغقانلىرىنىڭ قانۇنىي مىراسخورلۇق ھوقۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەت قانۇنىنى مەنبە قىلغان»②. ھەق ـ تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى پوتالسكى: «بىز ئادەت قانۇنى بىلەن يازما قانۇن ئوتتۇرىسىدا ماسلاشتۇرۇش ئېلىپ باردۇق. ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بىردەكلىك ھاسىل قىلىپ، بىرى ئارقىلىق يەنە بىرىنى بەرپا قىلدۇق، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە، تۈپ پرىنسىپىغا دەخلى يەتكۈزمىدۇق» دېگەن③. ئەنگلىيە ـ ئامېرىكا قانۇن سىستېمىسىدا ئۆرنەك، ئادەت، ئادەت قانۇنى ــ قانۇن تۈزۈشنىڭ تۈپ مەنبەسى، دۆلەت قانۇنى ئادەت قانۇنىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلغان. ئەنگلىيەدە «ئەگەر ئۆرنەك بولمىسا قانۇن چىقىرىش، ھۆكۈم قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن تەس»④. «بۇ خىل ئەھۋال 19 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئامېرىكىدىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى. ھەتتا يىرىم ئەسىر ئىلگىرىكى ئامېرىكىدا ئادەت قانۇنىنىڭ رولىنى يەنىلا سەل چاغلاشقا بولمايتى»⑤. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭكىدەك ھازىرقى زامان مەنىسىدىكى قانۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جۇڭگو ئەنئەنىۋى جەمئىيىتىدە قانۇن يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. «قەدىمكى جۇڭگودا قائىدە ۋە ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەيدىغان پرىنسىپلار يەنىلا نۇرغۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاتىلىشىمۇ ھەرخىل بولۇپ، ئادەتتە قانۇن (法)، قائىدە (律)، يوسۇن (礼) ھەمدە خەلق ئىچىدىكى ئادەت ياكى ئادەت قانۇنى (习俗或习惯法) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل قائىدە سىستېمىلىرىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئادەت قانۇنى ــ جۇڭگونىڭ يازما قانۇنى ۋە قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى ۋە ئانىسى»⑥.

ئۈچىنچى، قانۇن تەتبىقلاش جەھەتتە، ئادەت قانۇنى مەلۇم جەھەتتە دۆلەت قانۇنىدىن ئەۋزەل. ئادەت قانۇنىنىڭ دۆلەت قانۇنىغا سېلىشتۇرغاندا ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن، ھەمدە ئادەت قانۇنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ناھايىتى تېز ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئەمەلىي دېلولار بىلەن بىرىكىشچانلىقتا ھەم قاراتمىلىقتا ئىگە. قانۇن تەتبىقلاشنىڭ تۈپ پرىنسىپىدىن قارىغاندا، ئادەت قانۇنى، بولۇپمۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان ئادەت قانۇنى ئىلگىرى تۈزۈلگەن قانۇنلارغا سېلىشتۇرغاندا يېڭى قانۇن ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى قانۇن ئالدىنقى قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇش، يېڭى قانۇن كونا قانۇندىن ئۈستۈن تۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، سوت مەھكىمىسى ئادەت قانۇنىنى ئاۋۋال تەتبىقلىشى كېرەك. «قانۇن يول

① 公丕祥：《法制现代化研究》（第十卷），南京师范大学出版社，2006 年，第 233 页。

② [日] 大木雅夫：《比较法》，法律出版社，1999 年，第 182 页。

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

④ [英] 詹宁斯：《法与宪法》，三联书店，1997 年：第 51 页。

⑤ 公丕祥：《法制现代化研究》（第十卷），南京师范大学出版社，2006 年，第 234 页。

⑥ 周旺生：《法典在制度文明中的位置》《法学论坛》2002 年第 1 期。

قويغان دائىرىدىكى كېلىشىم (ئالاقىدارلارنىڭ مەقسىتى) قانۇندىن ئەۋزەل» بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندىمۇ، خۇسۇسىي قانۇن دائىرىسىدە سوت مەھكىمىسى ئادەت قانۇنىنى ئاۋۋال تەتبىقلىشى كېرەك. ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە قانۇن سىستېمىسىدا بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدىغان پرىنسىپ. چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىدىكى دۆلەتلەرمۇ قانۇن تەتبىقلاشتىكى بۇ پرىنسىپقا بارغانسېرى ئېتىبار بەرمەكتە.

تۆتىنچى، قانۇنىي ئىزاھلاش مەسىلىسىدە، ئادەت قانۇنى دۆلەت قانۇنىنى ئىزاھلاشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئاساس. دۆلەت قانۇنى ـ ئومۇملاشتۇرۇلغان، ئابستراكت، نىسپىي مۇقىم بولغان ھەرىكەت قائىدىسى. ئومۇملاشتۇرۇلغان، ئابستراكت دۆلەت قانۇنى بىلەن كونكرېت ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم دۆلەت قانۇنىنى ئىزاھلاش ئىنتايىن مۇھىم، نىسپىي مۇقىم بولغان دۆلەت قانۇنى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈنمۇ دۆلەت قانۇنىنى ئىزاھلاش زۆرۈر. قانۇننىڭ مۇكەممەل، كەم ـ كۈتىسىز بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مۇكەممەل بولمىغان قانۇنىي مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈنمۇ چوقۇم ئۈزلۈكسىز ئىزاھلاش كېرەك. ھۆكۈم ئۆرنىكى، ئادەت قانۇنى، قانۇنشۇناسلارنىڭ چۈشەندۈرۈشى قاتارلىقلار قانۇنىي ئىزاھلاشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ. «كىشىلەر ئېنىق بولمىغان، كۆپ مەنىلىك قانۇن ـ قائىدىلەرنى ئىزاھلىغاندا، قانۇنىي ھەرىكەت يۈز بەرگەن جايدىكى ياكى قانۇن چىقىرىش، ئەدلىيە ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئادەتلەرنى قانۇنىي ئىزاھلاشنىڭ ئاساسى ياكى ئۆلچىمى قىلىدۇ»①. قانۇن كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ ھەمدە بۇ خىل ئىرادىدىن شەكىللەنگەن دائىملىق ئادەت تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان داڭلىق قانۇنشۇناس توماس ئاكۋىنا: «ئادەتنىڭ قانۇنىي ئۈنۈمى بولىدۇ. ئۇ قانۇنىي بىكار قىلىۋېتەلەيدۇ ۋە يەنە قانۇنىي چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاساسى بولالايدۇ»② دەپ قارايدۇ.

## 2. دۆلەت قانۇنىنىڭ ئادەت قانۇنىغا بولغان تەسىرى

دۆلەت قانۇنىنىڭ ئادەت قانۇنىغا بولغان تەسىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، دۆلەت قانۇنى ئادەت قانۇنىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرىدۇ. ھەرىكەت قائىدىسى بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، قانۇن بىلەن ئادەتنىڭ بۇرۇنقى مەزگىللەردە ھېچقانداق پەرقى يوق. ئىجتىمائىي ئادەت ۋە ئادەت قانۇنىنى پەرقلەندۈرۈش ــ ئۇزاق مەزگىللىك تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى بولغىنىدەك، ئادەت قانۇنى بىلەن دۆلەت قانۇنىنى پەرقلەندۈرۈشمۇ ئۇزاق مەزگىللىك تەدرىجىي ئىلگىرىلەش جەريانى. بۇ مەزگىلدە بىرقىسىم ئۆلچەمگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئادەت قانۇنى دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ۋە تەدرىجىي قانۇن ـ تۈزۈملەشتۈرۈلگەن. گەرچە، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئادەت قانۇنىنىڭ تۈزۈملىنىشى ۋە قېلىپلىشىش سۈرئىتىدە مەلۇم پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت قانۇنىنىڭ ئادەت قانۇنىغا بولغان تەسىرى باشتىن ـ ئاخىر توختاپ قالمىغان ھەمدە بۇ ئىش دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرگە ئورتاق ئىشقا ئايلانغان.

ئىككىنچى، دۆلەت قانۇنى ئادەت قانۇنىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. دۆلەت قانۇنى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە، نۇرغۇنلىغان قانۇنلار ھازىرقى زامانغا لايىق ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ، بىر تەرەپتىن، ئادەت قانۇنىنىڭ زامانغا لايىق بولۇشىنى تەلەپ قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ياخشى ئادەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىدۇ. شۇڭلاشقا «كۆپ ھاللاردا ئادەت قانۇنىنىڭ بارلىققا كېلىشى دۆلەت قانۇنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ ياكى دۆلەت قانۇنىدىن پايدىلىنىدۇ، ئادەت قانۇنىڭ بارلىققا كېلىشى يەنە دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولغان نۆۋەتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كەلگۈسىدە

① 公丕祥：《法制现代化研究》，南京师范大学出版社，2006 年，第 244 页。

② ［意］阿奎那：《阿奎那政治著作选》，中国大百科全书出版社，1998 年，第 27 页。

چىقىرىلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان قارارلارنى نەزەرگە ئالىدۇ»①.

ئۈچىنچى، دۆلەت قانۇنى ئادەت قانۇنىنى يېتەكلەيدۇ ۋە ئۆزگەرتىدۇ. دۆلەت قانۇنىنىڭ ئادەت قانۇنىنى يېتەكلەش ۋە ئۆزگەرتىش رولى مەسىلىسىگە قارىتا، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىشتەك ئىككى خىل قاراش مەۋجۇت. ئالدىنقى قاراشتىكىلەر: «نۆۋەتتىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت، سىياسىي، تۇرمۇش شارائىتى يار بەرسە، ئادەت قانۇنىنى دۆلەتنىڭ نوپۇزىغا تايىنىپ ئىدراكى لايىھەلەش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، ئادەت قانۇنى يۈرگۈزۈلىۋاتقان رايونلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى دۆلەت تەرتىپلىك ھالدا ئۇنۇملۇك قايتا تەشكىللىسە بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. كېيىنكى قاراشتىكىلەر: «ئادەت قانۇنى مەلۇم بىر ئالاھىدە توپنىڭ پىسخىكىسى، تونۇشى، مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىشى، ئىقتىسادىي ـ سىياسىي تۈزۈمگە سىڭىشتۈرۈلگەندە پىسخىك تونۇش قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىشى بىرقەدەر ئاستا ھەم قىيىن، شۇڭا ئادەت قانۇنى بىر ئىجتىمائىي توپنىڭ روھىي مۇداپىئە سېپىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇزغىلى ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ»② دەپ قارايدۇ. مېنىڭ مەيدانىم ئالدىنقى قاراشتىكىلەر بىلەن بىردەك. چۈنكى، دۆلەت قانۇنى بىلەن ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى مۇشۇ خىل مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان ئادەت قانۇنىغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىدۇ. ھازىرقى زامان ئىقتىساد ئەندىزىسى، سىياسىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش شەكلى كەڭ ئازسانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئۇرغۇنلىغان ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىگە شاھىت بولماقتىمىز.

دۆلەت قانۇنى بىلەن ئادەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتىدە يۇقىرىقىدەك ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىشتىن باشقا، يەنە بىر قىسىم پاسسىپ تەسىرمۇ ساقلانماقتا. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پاسسىپ تەسىر ئاساسلىقى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچى، ئومۇمىي قانۇن ۋە خۇسۇسىي قانۇندىكى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمە دائىرىسىدە دۆلەت قانۇنى شەرتسىز ھالدا ئادەت قانۇنىنى چەتكە قاقىدۇ. ئىككىنچى، خۇسۇسىي قانۇن دائىرىسىدە، خۇسۇسىي قانۇندىكى ئۇنۇمگە مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىلەردىن باشقا، باشقۇرۇشقا، ئەنگە ئالدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىلەر ۋە ئىختىيارى خاراكتېرىدىكى بەلگىلىمىلەر دائىرىسىدە، قانۇنىي مۇناسىۋەت سۇبيېكتىنىڭ دۆلەت قانۇنىنى، ئادەت قانۇنىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەقسەت ئىپادىسىنى تاللاش ھوقۇقى بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار كېيىنكى ئىككىسىدىن بىرىنى تاللىۋالغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ تاللىشىنىڭ مەزمۇنى دۆلەت قانۇنىدا ئېنىق بېكىتىلگەن مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك بەلگىلىمىلەرگە خىلاپ بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ تاللىشىنىڭ ئەۋزەللىك ئۈنۈمى بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئادەت قانۇنى دۆلەت قانۇنىنى چەتكە قاقىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئادەت قانۇنى بىلەن دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى كۆپ قاتلاملىق مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھەم ھەمكارلىق ھەم توقۇنۇش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، شۇنداقلا بىر ـ بىرىنى ئاساس قىلىش مۇناسىۋىتىمۇ مەۋجۇت.

[بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسىتېت ـ ئىنستىتۇت بىرلەشمە تەتقىقات تۈرىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى. تۈر نومۇرى: 0702043221]

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتى
جاۋابكار مۇھەررىرى: پەرھات غاپپار

① 公丕祥：《法制现代化研究》（第十卷）南京师范大学出版社，2006 年，251 页。

② يۇقىرىقى ئەسەر، 253 ـ بەت.

# ئۆتەمىش ھاجى ۋە ئۇنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا

ئەلى غوپۇر

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە خارازىملىق تارىخشۇناس ئۆتەمىش ھاجىنىڭ 16 ـ ئەسىردە يېزىپ تاماملىغان تارىخ ئەسىرى «چىڭگىزنامە»نىڭ ئەسلىي قولىيازمىسى ئاساسىدا، مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، يېزىلىش ئۇسلۇبى، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان تارىخىي ۋەقەلىكلەر، ئەسەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى شۇنداقلا مەزكۇر ئەسەرنىڭ باشقا قولىيازمىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۆتەمىش ھاجى؛ «چىڭگىزنامە»

چىڭگىز ئىستېلاسىدىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ ئەنئەنىۋى باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە ئىستېلا قىلىنغان زېمىنلار چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلىنى ئاساس قىلغان ھالدا بىر نەچچە سۇيۇرغاللىقلارغا ئايرىلغانىدى. بۇ سۇيۇرغاللىقلار ئىچىدە چوڭ ئوغلى جۇجى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى باتۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى خارازىم، ئىران، ئىراق، ئىدىل بويلىرى ۋە دەشتى قىپچاق دالىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭرى زېمىندا ساراي شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقى (مىلادىيە 1240 ـ يىلىدىن 1502 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) بىلەن ماراغا شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئىلخانىيلار خانلىقى (مىلادىيە 1256 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)① مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا ئۆزبېكخان (مىلادىيە 1312 ـ يىلىدىن 1341 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)نىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە بۇ دىنىنىڭ خانلىق دائىرىسىدە ئومۇملىشىشى ئارقىسىدا، ئىسلام دىنى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ئاساسىي دىنغا ئايلاندى.

ئەينى دەۋردە، ئولتۇراق ۋە كۆچمەن تۇرمۇش بىر گەۋدىلەشكەن ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا بىرقىسىم شەھەرلەر ئاۋاتلىشىپ، سودا ـ تىجارەت، ئىلىم ـ پەن راۋاجلىنىپ، ساراي شەھىرىنى مەركەز قىلغان بىر ئاۋات مەنزىرە بارلىققا كەلگەنىدى. ئالتۇن ئوردا تارىخىغا دائىر شۇ دەۋرنىڭ يازمىلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى كۆپ ئەمەس. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شۇ چەكلىك مىراسلارنىڭ بىرى خارازىملىق تارىخشۇناس ئۆتەمىش ھاجىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرىدۇر.

## 1. «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى، قولىيازما نۇسخىلىرى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار

بىز ھازىرغا قەدەر ئۆتەمىش ھاجىنىڭ تۇغۇلغان يىلىغا دائىر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئەسىرىنىڭ باش قىسمىدا ئۆزى ھەققىدە قالدۇرغا قىسقىچە مەلۇماتتىن، ئۇنىڭ خارازىمدا بىر يىل (مىلادىيە 1557 ـ يىلىدىن 1558 ـ يىلىغىچە) ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇجۇغا خاننىڭ ئوغلى دوست سۇلتان ھوزۇرىدا خىزمەت قىلغان ئوردا ئەركانى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭمۇ ئوردا ئەمىيانلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز②.

ئۆتەمىش ھاجىنىڭ «چىڭگىزنامە»دىن باشقا يەنە «تارىخىي دوست سۇلتان» ناملىق ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم. بۇ ئەسەردە جۇجى ئۇلۇسىنىڭ تارىخى، يەنى 14 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۆزبېك خانغىچە بولغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان. بۇ قولىيازمىنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى داگلىق

① ھىلاكۇ 1256 ـ يىلى ماراغانى مەركەز قىلىپ ئىلخانىيلار خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئاستانىسى بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرگەن. 1256 ـ يىلىدىن 1265 ـ يىلىغىچە ماراغا، 1265 ـ يىلىدىن 1306 ـ يىلىغىچە تەبرىز، 1306 ـ يىلىدىن 1335 ـ يىلىغىچە سۇلتانىيە شەھەرلىرى ئىلخانىيلارنىڭ ئاستانىسى بولغان.

② ئۆتەمىش ھاجى: «چىڭگىزنامە»، قولىيازما، 1 ـ بەت.

تۈركولوگ، باشقىرت مىللىتىدىن بولغان زەكى ۋەلىدى توغان (1970 ـ يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە مەزكۇر قولىيازمىدىن نەقىل ئالغاندىن باشقا، بۇ قولىيازمىنى نەشر قىلدۇرمىغان①. ئەمما «چىڭگىزنامە»نى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان پىروفېسسور ئىلياس كامالوف ئەپەندى ئۆتەمىش هاجىنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشتا دوست سۇلتانىنىڭ يازمىلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ②.

«چىڭگىزنامە»نىڭ هازىرغا قەدەر تاشكەنت نۇسخىسى ۋە ئورنبېرگ نۇسخىسىدىن ئىبارەت ئىككى قولىيازما نۇسخىسى بارلىقى مەلۇم. تاشكەنت نۇسخىسى جەمئىي 59 بەت بولۇپ، هەر بىر بەتكە 18~22 قۇر خەت يېزىلغان. 1 ـ بەتنىڭ بېشىدىلا «چىڭگىزنامە» دېگەن ئەسەر نامى بار بولۇپ، بۇ نۇسخا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا s. 36a ـ 59a ، 1552/V نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنىڭ W. P. يۇدىن تەييارلىغان رۇسچە تەرجىمىسى 1992 ـ يىلى قازاقىستاندا، ياپونىيەلىك ئالىم تاكۇشى كاۋاگۇچى تەييارلىغان ياپونچە تەرجىمىسى داخې نەشرىياتى تەرىپىدىن 2008 ـ يىلى ياپونىيەدە، تۈركىيەلىك ئالىم ئىلياس كامالوف تەييارلىغان تۈركچە تەرجىمىسى 2009 ـ يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان③.

1913 ـ يىلى زەكى ۋەلىدى توغان ئورنبېرگ شەھىرىدە بۇ ئەسەرنىڭ يەنە بىر قولىيازمىسىنى تېپىپ ئۇنى تۈركىيەگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ نۇسخا هازىر زەكى ۋەلى توغاننىڭ قىزى پىروفېسسور، دوكتور ئىسېنبىكە توغاننىڭ شەخسىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بىز پەقەت M. كافالىنىڭ 1979 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە يۈكسىلىش دەۋرلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن بۇ نۇسخا توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە بولدۇق. ئەمما، بۇ نۇسخا هازىرغا قەدەر نەشر قىلىنمىدى.

تاشكەنت نۇسخىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن يەنە بىلگەخان ئاتىسىز كۆكتاغنىڭ 2006 ـ يىلى «قىرىققەلئە ئۇنىۋېرستېتى ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان «ئۆتەمىش هاجىنىڭ ‹چىڭگىزنامە› سى ۋە ئۇنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق ماقالىسى بىلەن پىروفېسسور، دوكتور تۇنجار گۈرسوينىڭ 2009 ـ يىلى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسلىي تېكىستىنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ.

## 2. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى

ئۆتەمىش هاجىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرى 1552 ـ يىلى يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئىسلام ئەللىرىدىكى ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە، ئاللاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا هەمدۇ ـ سانا ئېيتىش بىلەن باشلانغان. ئارقىدىنلا مۇئەللىپ ئۆزىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا ئازراق توختالغاندىن كېيىن، ئەرەب ـ پارس ۋە تۈركىي تىللىق قوۋملەرنىڭ تارىخشۇناسلىق مېتودىغا ئاساسەن، ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ هۆكۈمرانلىق دەۋرى تەرتىپى بويىچە ۋەقەلىكلەرنى شەجەرە ئۇسلۇبىدا «ئەغازى داستانى چىڭگىزخان»، «ئەغازى داستانى ئىچېن خان ۋە سايان خان»، «ئەغازى داستانى شىبان خان»، «ئەغازى داستانى بېركە خان»، «ئەغازى داستانى مەنگۇ تېمۇر خان»، «ئەغازى داستانى توقتاغا خان»، «ئەغازى داستانى ئۆزبېك خان»، «هىكايەتى سەۋەبى ئىسلامى ئۆزبېك خان»، «ئەغازى داستانى جانىبېك خان»، «ئەغازى داستانى بېردىبېك خان» دېگەن 10 كىچىك تېما بويىچە بىرمۇبىر بايان قىلغان.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر نۇقتا، موڭغۇل ئوردىلىرىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ خانلىقتىكى ئورنى مەسىلىسى بولۇپ، ئەسلىي تېكىستىنىڭ 12 ـ، 13 ـ بەتلىرىدە توقتاغا خاننىڭ ۋاپاتى ۋە باجىرتوك بۇغا ئاتلىق بىر ئۇيغۇرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك خانلىق هاياتى مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

«...تاڭلاسى بېگلەرنى چارلاپ قىيات ئىساتاي بىلە سىجۇد ئاتالايغا قىرىق مىڭ كىشى قوشۇپ ئۆزبېكخان

---

① Uli Schamiloglu :The Umdet ul-ahbar and the Turkic Narrative Sources for the Golden Horde and the Later Golden Horde in H. B. Paksoy (ed.), Central Asian Monuments, 1992.

② ئىلياس كامالوف نەشرگە تەييارلىغان: «چىڭگىزنامە»، تۈرك تارىخ قۇرۇمى، 2009 ـ يىلى تۈركچە نەشرى، 15 ـ بەت.

③ Ötemiš Haci , Çengiz-Nâme, nešr. V. P. Yudin, Kazakistan Bilim Akademiyasi, Alma-Ata 1992. Ilyas Kamalov, Turk Tarih Kurumu Baimevi-Ankara 2009.

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىرراخمەتنى كەلتۈرمەككە يىبەردى. بۇلار بېرىپ كەلگۈنچە، توقتاغا خان ۋاپات بولدى. باجىرتوك بۇغا تەگەن ئۇيغۇر ئوماقلى بولۇر ئىردى. قەۋمى قەبىلىسى كۆپ كۈچلۈك ئىل ئىردى ۋە تاكى خاننىڭ ئاتالىقى ئىردى. شىيتان ۋىسۋىسە بېرىپ، قارا كىشى ئىكەن، ئول خان بولدى. كېلىن بايالىننى تاكى خاننىڭ ئۆزگە زائىفەلىرىنى ھەم ئالدى. بەزىلەر ئېيتۇرلار، باجىر ئۇيغۇر ئىردى، توك بۇغا نۇتىن ئىردى. بۇ سۆز گالات ئوخشار، ئانىڭ ئۈچۈن كىم، ئىككى قەۋمدىن ئىككى ئىتتىفاق بىرلە بىر يەردە خان بولماقى مۇشكىل تۇرۇر. دۇرۇستراقى ئول تۇرۇر، ئاتى باجىر ئىردى، لەقەبى توكبۇغا ئىردى.

ئەلقىسسە، بۇ باجىرتوك بۇغا خان بولۇپ، خاننىڭ زائىفەلىرىنى ئالىپ ئىل ـ گۈننىڭ تامامىن ئۆزىگە مۇساخخار قىلىپ ئىردى. بۇ ئېسنادا ئول بارغان بېگلەر ھەزرەتى ئۆزبېك خاننى ئالىپ [ئىدىل دەرياسىنىڭ] قىرغاغىغا كەلدىلەر. خابەر تاپتىلاركى خان ئۆلدى، تاكى باجىرتوك بۇغا خان بولدى، بارچا ئىل ـ گۈننى ئۆزىگە مۇساخخار قىلدى، تىپ. بۇ خابەردىن بىسيار پەرىشان ۋە غامناك بولۇپ كېڭەش قىلدىلاركىم، نە ئىش قىلىساق بولۇر، قىيات ئىساتاي ئايدى، ‹بۇرۇندا قەۋمى قەبىلىسى كۆپ كۈچلۈك كىشى ئىردى. ھالا خود تامام خالايىق ئاڭا يۈز كەلتۈرۈپ تۇرۇر. ھالا بۇ يەردىن تۇرۇپ دۈشمەنلىك زاھىر قىلساق ئىشىمىز راست كەلمىگەي. بىر ھىلە بىرلە ئۆزۈمىزنى ئاڭا يېتكۈرە كۆرەلى. ئاندىن سوڭ ھەر ئىش خاتىرىمىزغا تىلەسە قىلۇر بىز› تىدى ئىرسە، بارچالارى بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ ئەلچى يىبەردىلەر. ئايدىلار، ‹ئىيەمىز خان يۇمۇشىغا يىبەرىپ ئىردى. ئول كىشىنى ئالىپ كېلە تۇرۇر[مىز]. بۇ كىشى ھەم ئاتا ـ ئاتادىن ئىيەلەرىڭىز ئوغلى ئىردى. كېرەك ئىردى، ئانداغ قىلماسىڭىز. ئەمدى ئۆزىڭىزگە ئوخشاتىپ خان بولۇپ تۇرۇرسىز. بارچە خالايىق سىزگە مۇتى ۋە فەرمان بەردار بولۇپ تۇرۇر. بىزلەر ھەم سىزگە ئۇشۇنداغ مۇتى ۋە فەرمان بەردار تۇرۇر بىز. سەركەش قىلۇرىمىز يوق تۇرۇر، قىلالى تىسەك ھەم كۈچىمىز يەتمەس. بۇ بىر ياش ئوغلاندۇر. ئەلتىپ قولۇڭىزغا بېرەلى. كۆڭلىڭىز نە تىلىسە ئانى قىلۇرسىز بولغاي› تىدىلەر. ‹مۇنىڭ ئۈچۈن ئېۋ ئېلىمىزدىن جىلايى ۋەتەن بولۇرىمىز يوق تۇرۇر› تىپ يىبەردىلەر.

بۇلارنىڭ ئەلچىسى كى كەلدى، بىسيار شادىمان بولۇپ كۆرە ئالىپ سىلادى. تاكى فىلھال كىشى قوشۇپ قايتۇرۇپ يىبەردى. ئايدىكى، ‹ئۇلار كەلگۈنچە ئۆزگە كىشى باش كۆتەرىپ خانلىق تىلەگەي› تىپ، بۇ ئىشنى قىلدىم. رەۋا بولغايمۇكىم، ئۆز ئىيەم ئوغلى تۇرغاندا مەن خان بولايىن تىگەي مەن. پادىشاھ كەلسۇنلەر. ئوشتا خانلىق، ئوشتا ئىل ـ گۈن بارچاسى ئۇلارنىڭ تۇرۇر› تىپ، يىبەردى. بۇ سۆزكى ئۇلارغا يېتىشدى، فىلھال كۆچدىلەر. بۇلار كەلمەستىن بۇرۇنراق باجىرتوك بۇغا بېگلەرى [بىرلە] كېڭەشىپ ئىتتىفاق قىلدىلار. ئۇلاركى تۈل ئوردانىڭ ئىشىكىگە تۈشۈپ ياش تۇتارلار، ئىككى كېررات ‹جېۋ ـ جېۋ› تىپ ياش تۇتغاندىن سوڭ قول تېبرەتەلى تىرلەر.

باسا، قالماقنىڭ قائىدەسى ئول تۇرۇركىم پادىشاھلارى يا ئۇلۇغلارى ئۆتكەندە گۇرۇخ ـ گۇرۇخ قەۋملەرى بىرلە كېلىپ ئۈچ كېررەت ‹جېۋ جېۋ› تىپ قەرياد قىلىپ ياش تۇتالار ئىردىلەر. ئۇلۇغ تاغدا ئۇلارنىڭ ئاراسىندا ئول رەسىم ھەم خەنۇز بار ئىردى. بىر كۈن ئۆزبېك خان بېگلەرى بىرلە تاڭ ئاتماسدىن بۇرۇنراق كۆچۈپ ئىردىلەر. بىر ئوق سۈرەن كىشى بۇلارنىڭ ئالىندىن كېلىپ ئۆتەر ئىردى. تاكى ئايتۇركىم، ‹جېۋ› تەگىل تاكى ‹جې› تېگىل تىپ بىر كېررەت ئايتىپ ئۆتتى. پەرۋاي قىلمادىلار. ئىككىنچى كېررەت يىنە ئايتىپ قىيات ئىساتاي ئايدىكىم، ‹ئول نە تىگەنىڭ بولۇر› . ئول كىشى ئايدى، ‹مېنىڭ ئاتىم ساڭگىسۇن. ئاڭلاغايسەن سوڭگۇسۇن› تىدى. قىيات ئىساتاي ئايدى، ‹بىر سۆز بار› تىپ. بۇ كىشىنىڭ ئارتىنچا باردى تاكى ئايدىكىم، ‹ماڭا بۇ سۆزنى ئايتىگىل، نە سۆز تۇرۇر› . ئول ئايدىكىم، ‹باجىرتوك بۇغا بېگلەرى بىرلە ئىتتىفاق قىلىپ كېڭەشدىلەركىم، سىزلەر بارىپ ئوردالار ئىشىكىگە تۈشۈپ ئىككى كېررەت جېۋ ـ جېۋ تىپ ياشلاغاندىن سوڭ ئۇلار قول تەبرەتىپ سىزلەرنى قىرماق بولدىلار. ئەگەر سىزلەر بىر كېررەت جېۋ تىگىچ ئۈستىگە يۈرۈپ قول تەبرەتمىسىڭىز، بارچا ھەلاك بولدىڭىزلار. بۇ سۆزۈمنىڭ كەيفىياتى بۇ ئىردىكى، ساڭا ئايتىدىم› تىدى. ئىساتاي بۇ خەبەرنى بېگلەرگە ئايدىلار ئىرسە، ئىتتىفاق قىلدىلاركى، ‹جېۋ› تىگەچ قول تەبرەتمەك بولدىلار. تاڭلاسى يۈرۈپ ئوردا ئولتۇرغان يەرگە يەتتىلەر. باجىرتوك بۇغا ئوردا [ئىچىندە] تەخت ئۈستۈندە ئولتۇرۇپ ئىردى. بېگلەرى ۋە نەۋكەرلەرى ئىشىكدە تۈشدىلەر تاكى بىر كېررەت ‹جېۋ ـ

جىۋ› تىپ ياشلاغاندىن سوڭ ‹جى› تىگىبچ باجىرتوك بۇغانىڭ ئۈستىگە قويۇلدىلار. تا قەددىن رۇس قىلغانچە ئىساتاي يىتىپ بوينۇنغا چاپتى. باشى بىر قەدەم يىرگە بارىپ تۈشدى. ئالاتاي بۆيدە بىلە سانجىپ يوقارۇ كۆتەرگەچ فەرياد قىلدىكىم ‹مۇنا ئىيىگىزنىڭ باشى، يىرلىغ يىرىڭىزدىن تەۋرەنمەڭىز› تىدىلەر ئىرسە، بارچاسى سۇست بولۇپ ئولتۇرا قالدىلار. ئاندىن سوڭ بۇ باشنى قور قورغا كەزدۇرۇپ فەرياد قىلۇر ئىردىلەر، ‹قارا كىشى خان بولماق مۇندىن كىبسلسۇن› تىپ. چۇن باجىرتوك بۇغانىكى ئۆلتۈردىلەر، ھەزرەتى ئۆزبېك خاننى خان كۆتەرىپ تەختتا ئولتۇردىلار»①.

تەرجىمىسى:

«... ئەتىسى بەگلەرنى چاقىرىپ، قىيات ئىساتاي بىلەن سىجۇت ئالاتايغا قىرىق مىڭ كىشى قوشۇپ ئۆزبېك خان ئەلەيھى راخمەتنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بۇلار بېرىپ كەلگىچە، توقتاغاخان ۋاپات بولدى.

باجىرتوك بۇغانىڭ تەكتى ئۇيغۇر ئىدى. قوۋمى ۋە قەبىلىسى كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى، شۇنداقلا ئۇ خاننىڭ ئاتالىقى② ئىدى. شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن قارا كىشى③ تۇرۇپ خان بولدى. كېلىن بايالىن ۋە خاننىڭ باشقا ئاياللىرىنى ئەمرىگە ئالدى. بەزىلەر باجىر ئۇيغۇر ئىدى، توك بۇغا نۇتىن ئىدى دېيىشىدۇ. ئەمما بۇ سۆز ئاساسسىزدۇر، چۈنكى ئىككى قوۋمدىن ئىككى كىشىنىڭ بىرلىشىپ بىر خانلىق ئورنىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. توغرىسى شۇكى، ‹باجىر› ئۇنىڭ ئىسمى، ‹توك بۇغا› لەقىمى ئىدى.

ئەلقىسسە، باجىرتوك بۇغا خان بولۇپ، خاننىڭ خاتۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمرىگە ئېلىپ، پۇقرالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قاراتتى. بۇ ئەسنادا، خان تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەگلەر ھەزرىتى ئۆزبېك خاننى ئېلىپ [ئىدىل دەرياسىنىڭ] قىرغىقىغا كەلدى. ھەم خاننىڭ ئۆلۈپ باجىرتوك بۇغانىڭ خان بولغانلىقى، بارچە ئەلنىڭ ئۇنىڭغا ئەل بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. بۇ خەۋەردىن ئىنتايىن پەرىشان ۋە غەمكىن بولۇپ، نېمە ئىش قىلىش ۋەجىدىن كېڭەش ئۆتكۈزدى. قىيات ئىساتاي ئېيتتىلەركى: ‹ئۇ بۇرۇندا قوۋمى قەبىلىسى كۆپ كۈچلۈك كىشى ئىدى. ھالا بۇگۈنكى كۈندە ھەممە خالايىق ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارشى چىقساق ئىشىمىز ئوڭغا تارتماسلىقى مۇمكىن. بىر ھىيلە بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرەيلى، ئاندىن نېمە ئىش بولسا شۇنىڭغا يارىشا ئىش تۇتايلى› . ھەممە كىشى ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەرگە مۇنۇ سۆزنى ئېيتىشنى جېكىلىدى: ‹خوجىمىز بىزنى خاننىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنىدى. بىز ئۇنى ئېلىپ كېلىپ تۇرۇپتىمىز. بۇ كىشى ھەم ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ خوجىمىزنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. سىز ئۆزىڭىزنى ئوخشتىپ خانلىق ئورنىغا چىقمىسىڭىز توغرا بولار ئىدى، ئەمما ھازىر سىز خان بولۇپ تۇرۇپسىز. ھەممە خالايىق سىزگە پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇپتۇ. بىزمۇ ئوخشاشلا سىزگە پەرمانبەردار بولماقچىمىز. قارشىلىق قىلىش نىيىتىمىز يوق. قىلايلى دېسەكمۇ كۈچىمىز يەتمەيدۇ. ئۇ بىر ياش ئوغلاندۇر، ئەكىلىپ قولىڭىزغا تاپشۇرايلى، كۆڭلىڭىز نېمىنى خالىسا شۇنى قىلارسىز، بۇ سەۋەبتىن ئۆي ـ ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ ۋەتەنسىز بولغىمىز يوق› .

بۇلارنىڭ ئەلچىسى كەلدى، خان چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە ئۇلارنى قارشى ئالدى. كېتەر ۋاقتىدا ئۇلارغا

---

① ئۆتمىش ھاجى: «چىڭگىزنامە» قوليازما نۇسخىسى، 12 ـ ، 13 ـ بەتلەر. قوليازمىنىڭ تىل ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىشقا قۇلاي بولۇشى ئۈچۈن، بۇ يەردە ئەسلىي تېكىستىنىڭ مەتىنى بېرىلدى.

② «ئاتالىق» تۈزۈمى دەسلەپ سالجۇق تۈركلىرى، چاغاتاي ئۇلۇسى ۋە جۇجى ئۇلۇسىدا يولغا قويۇلغان بىر خىل تۈزۈم بولۇپ، سالجۇقلاردا «ئاتابەگ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل كىشىلەر يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خانلار تەرىپىدىن مەخسۇس شاھزادىلەرنى تەربىيەلەش ئىشىغا مەسئۇل بولاتتى. ئۇلار شاھزادىلەرگە ھەر خىل بىلىملەر، جەڭ ماھارەتلىرىنى ئۆگەتكەندىن سىرت، يەنە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئىشلىرىدىن ساۋاق بېرەتتى. شاھزادىلەر خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، ئاتالىقلارنىڭ خانلىقتىكى نوپۇزى ناھايىتى يۇقىرى بولاتتى. ئاتالىقلار كۆپىنچە شاھزادىلەرگە قىزلىرىنى ياتلىق قىلىش ياكى ئۇلارنىڭ تۇل ئانىلىرىغا ئۆيلىنىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتەتتى.

③ بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قارا كىشى» دېگەن سۆز «چىڭگىزخاننىڭ ئالتۇن ئۇرۇقىدىن بولمىغان ئاددىي خەلق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسى ئىچىدە، ئالتۇن ئۇرۇقتىن بولمىغانلارنىڭ خان بولۇشى چەكلىنەتتى. شۇڭا، ئۆزىنى چىڭگىز نەسلىگە باغلاش شۇ دەۋرلەردىكى ئىچكىي ئاسىيا ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىدى. 1370 ـ يىلى ئەمىر تۆمۈر (1336~1405) «ئالتۇن ئۇرۇقتىكىلەرنىڭلا خان بولۇش تارىخى»غا خاتىمە بېرىپ، ئۆزىنى «ئەمىر» دەپ جاكارلاپ، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيەسىگە ئاساس سالغان.

www.uyghurkitap.com

كىشى قوشۇپ ئەۋەتتى ۋە ئېيتتىلاركى: «ئۇلار كەلگىچە باشقا كىشى خانلىق قىلىپ تۇرسۇن دەپ بۇ ئىشنى قىلدىم. ئۆز خوجايىنىمنىڭ ئوغلى تۇرغان يەردە مېنىڭ خان بولۇشۇم راۋا بولماس. پادىشاھ كەلسۇن، خانلىق ۋە بارچە خەلق ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغۇسى» . بۇ سۆز ئۇلارغا يەتكۈزۈلىشى بىلەن تەڭلا ئۇلار سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار كەلمەستىن بۇرۇنراق باجىرتوك بۇغا بەگلەرى [بىلەن] كېڭىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇلار ئوردىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يىغا ـ زارە قىلدىغان، ئىككى قېتىم «جىبۇ ـ جىبۇ» دەپ يىغلىغاندىن كېيىن قول سالىدىغانغا پۈتۈشتى.

قالماقلارنىڭ قائىدىسى شۇكى، پادىشاھلىرى ياكى ئۇلۇغلىرى ئۆلگەندە ھەرقايسى قەۋملىرى توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ ئۈچ قېتىم «جىبۇ ـ جىبۇ» دەپ پەرياد قىلىپ ياش تۆكەر ئىدى. ئۇلۇغ تاغدا ئۇلارنىڭ بۇ قائىدىسى ھازىرمۇ يەنىلا مەۋجۇت. بىر كۈنى ئۆزبېك خان بەگلىرى بىلەن بىرگە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن يولغا چىقتى. بىر ئاق كېيىملىك كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىپ كېتىۋېتىپ «جىبۇ» سۆزىنىڭ بېشىدىكى «جى»نى بىر قېتىم ئېيتتى. ئۇلار پەرۋا قىلمىدى. 2 ـ قېتىم يەنە ئېيتىپ ئۆتكەندى، قىيات ئىساتاي: «بۇ نېمە دېگىنىڭ» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى: «مېنىڭ ئېيتىم ساڭغىسۇن، سەن ئاڭلىغىن سوڭغۇسۇن» . قىيات ئىستاي بۇنىڭدا بىر گەپ بار دەپ ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن باردى ۋە «بۇ سۆزۈڭنىڭ مەنىسى نېمىدۇر؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى ئېيتتىكى: باجىرتوك بۇغا بەگلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ كېڭەشتىلەر، سىزلەر بېرىپ ئوردا ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ئىككى قېتىم «جىبۇ ـ جىبۇ» دەپ ياش تۆككەندىن كېيىن ئۇلار سىلەرگە قول سالماقچى بولدى. ئەگەر سىلەر بىر قېتىم «جىبۇ» دېگەچ ئۇنىڭغا قول سالمىسىڭىزلار ھەممىڭلار ھالاك بولىسىلەر. يۇقىرىقى سۆزۈمنىڭ مەنىسى شۇ ئىدى، بۇنى ساڭا ئېيتتىم، دېدى. ئىساتاي بۇ خەۋەرنى بەگلەرگە ئېيتتى ۋە «جىبۇ» دېگەچ قول سېلىشقا پۈتۈشتى. تاڭ ئېتىش بىلەن يولغا چىقىپ ئوردىغا يېتىپ كەلدى. باجىرتوك بۇغا ئوردىدا تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. بەگلىرى ۋە نەۋكەرلىرى ئىشىكتە قورۇقداپ تۇرار ئىدى. كەلگەنلەر ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بىر قېتىم «جىبۇ» دەپ يىغلاپ «جى» دېگەنچە باجىرتوك بۇغانىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ بولغىچە ئىساتاي بېرىپ ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇردى، بېشى بىر قەدەم نېرىگە بېرىپ چۈشتى. ئالاتاي خەنجەر بىلەن سانجىپ يۇقىرى كۆتەرگەچ «مانا بۇ خوجاڭلارنىڭ بېشى، تۇرغان يېرىڭلاردىن مىدىرلىماڭلار!» دەپ ۋاقىرىدى. ھەممە كىشى پەسكويغا چۈشتى. شۇندا ئۇ بۇ باشنى سازايى قىلىپ «قارا كىشىنىڭ خان بولۇشى شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشسۇن!» دەپ جارسالدى. باجىرتوك بۇغانى ئۆلتۈردىلەر، ھەزرىتى ئۆزبېك خاننى خانلىققا كۆتۈرۈپ تەختتە ئولتۇرغۇزدى ...» .

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىپايان زېمىنلاردا، يەنى شەرقتە يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاستانىسى بېيجىڭدىن غەربتە ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ساراي شەھىرىگىچە بولغان بۇ بىپايان زېمىنلاردا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر زىيالىلىرى ھاكىمىيەت ئىشلىرى، كاتىبات ۋە ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ساھەلەردە خىزمەت قىلغان. موڭغۇل ئىستېلاسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىچكى ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە 14 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقى ھەرقايسى ئۇلۇسلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خان يارلىقلىرى ۋە بىتىكلىرى تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، 15 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن يارلىقلارنىڭ بىر قۇرىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، يەنە بىر قۇرىغا چاغاتاي يېزىقى بىلەن بىتىك يېزىش بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان①. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىستېمالدىن قېلىپ، چاغاتاي يېزىقى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان. ئۆتەمىش ھاجىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرىمۇ دەل خارازىمدا گۈللەنگەن چاغاتاي يېزىقىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدا خارازىم شېۋىسىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان. ئەمما، بۇ يازمىنى تۈركچە نەشرگە

① A. N. Kurat, Topkapi Sarayi Muzeyi Arşivindeki Altin Ordu, Kirim ve Türkistan Hanlarina Ait Yarlik ve Bitikler, Burhaneddin Matbaasi, İstanbul 1940, s. 6-60; A. M. Özyetkin, Altin Ordu, Kirim ve Kazan Saasina Ait Yarlik ve Bitiklerin Dil Üslup Incelemesi, s. 108-136, Ankara, 2000.

تەييارلىغان ئىلياس كامالوف ئۇنىڭ مەتىنىنى ئوغۇز ـ قىپچاق شېۋىسىگە تارتىپراق ئوقۇغان.

### 3. ئۆتمىش ھاجىنىڭ «چىڭگىزنامە»سى بىلەن موللا مىر سالىھ كاشغەرىي كۆچۈرگەن «چىڭگىزنامە»نىڭ مۇناسىۋەت مەسلىسى

1986 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى مەرھۇم ھاجى نۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان موللا مىر سالىھ كاشغەرى ئاپتورلۇقىدىكى «چىڭگىزنامە» ناملىق قوليازمىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى نەشر قىلغانىدى. كېيىنكى تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە، بۇ ئەسەرنىڭ نامى «چىڭگىزنامە» بولماستىن، بەلكى مىلادىيە 17 ـ ئەسىردە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن قەشقەردە يېزىلغان، ئىلىم ساھەسىدە «تارىخىي كاشغەر» دەپ ئاتالغان ئەسەر ئىكەنلىكى، موللا مىر سالىھ كاشغەرىنىڭ بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى ئەمەس، بەلكى كۆچۈرگۈچىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى①. دېمەك، بۇ ئىككى قوليازما ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى يوق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئىككى ئەسەر توغرىسىدا ناتوغرا چۈشەنچىگە كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي كاشغەر» ناملىق ئەسەرنىڭ «چىڭگىزنامە» دېگەن كىتاب نامى بىلەن نەشر قىلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۇچۇرلارنى كۆپچىلىككە بىلدۈرۈپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق.

مەن نامەلۇم ئاپتورنىڭ «تارىخىي كاشغەر» ناملىق ئەسىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ۋاقتىتا، مەزكۇر ئەسەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئاكا بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغانىدىم. مىر سۇلتان ئاكا مەرھۇم ھاجى نۇر ھاجىنىڭ ئۇزاق يىللىق خىزمەتدىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەزكۇر ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشنىڭ باش ـ ئاخىرىدىكى بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەنىدى:

«1981 ـ يىلى قادىر بۇلاق ئەپەندى بۇ قوليازمىنى قەشقەردە قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قوليازمىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىگە تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھاجى نۇر ھاجى ئەپەندى ھېچقانداق كىتاب نامى يېزىلمىغان، باشلىنىشىدىلا چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشقا كىرىشىپ، كىتابنىڭ نامى توغرىسىدا شۇ ۋاقىتتا ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› نى نەشرگە تەييارلاش ئىشىغا ئىشتىراك قىلغان ئالىملاردىن بىرى بولغان ئابدۇرېشىت داموللامدىن بۇ ئەسەر نامى توغرىسىدا مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇ كىشى بۇ ئەسەر بەلكىم ‹چىڭگىزنامە› بولۇشى مۇمكىن دېگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوليازما شۇ دەۋر شارائىتىنىڭ تەتقىقات ۋە ئۇچۇر چەكلىمىلىكى سەۋەبىدىن ‹چىڭگىزنامە› دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان».

دېمەك، بىزنىڭ ئالىملىرىمىز «چىڭگىزنامە» دېگەن بىر ئەسەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن خېلى بۇرۇنلا خەۋەردار ئىدى. ئەمما، ئۇلار ھازىرقىدەك ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇھىتى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا يۇقىرىقى قوليازمىغا قارىتا ۋەسىقىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا توغرا نام بېرىشكە ئامالسىز قالغان. شۇڭا، ئۆتمىش ھاجىنىڭ «چىڭگىزنامە»سى بىلەن ھاجى نۇر ھاجى نەشرگە تەييارلىغان «چىڭگىزنامە»نىڭ ھېچقانداق مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى يوق، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئالدىنقىسى 13~16 ـ ئەسىرلەردىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك تارىخىي ئەسەر بولغىنىغا ئوخشاش، كېيىنكىسى موگۇل ئىستېلاسى شۇنداقلا يەكەن خانلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى

جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇھەممەدجان مۆمىن

① ئەلى غوپۇر: «قەشقەر تارىخىنىڭ باش ئاخىرى»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 6 ـ سان؛ «نامەلۇم ئاپتورنىڭ ‹كاشغەر تارىخى› ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا تەتقىقات»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) 2009 ـ يىللىق 3 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# سوپىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭغا تارقىلىشى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

جۇ شىيفەن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە سوپىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقالغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى تارىخى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ، يەنى 16 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى سوپىلار ھەرىكىتىدە ئاساسلىقى ئەرشىدىن جەمەتى مۇھىم ئورۇندا تۇرغان بولسا، 16 ـ ئەسىردە مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، سوپىلارنىڭ ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن مەنىۋى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىنىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ سىياسىي مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىنىڭ قاينىمىغا كىرىپ كەتكەنلىكى، خوجىلار جەمەتىدىكى ھەرقايسى تارماقلارنىڭ دىنىي مەرتىۋە تالىشىشىنىڭ سىياسىي ھوقۇقنى كونترول قىلىش ئىستىكىدىكى مەزھەپلەر كۈرىشىگە ئايلىنىپ كەتكەنلىكى، ئاقىۋەت بۇ كۈرەش پۈتكۈل يەكەن خانلىقىنى قاپلاپ، جۇڭغارلارنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا سەۋەب بولغانلىقى، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ بىر تۈركۈم خوجىلارنىڭ خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كۇچا دىن تارقىتىش ئۆمىكى؛ نەقشبەندىيە تەرىقىتى؛ ئىسھاقىيە؛ ئافاق خوجا؛ شىنجاڭدىكى ئىشانلار

## 1

ماتېرىيال چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن سوپىلارنىڭ جۇڭگودىكى ئىسلام دىنىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان كونكرېت يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە ئامالسىزمىز. مەشھۇر سوپىست، شەھىد مەنسۇر ھەللاج 905~912 ـ يىللىرى دىن تارقىتىش ئۈچۈن ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاتلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا دۆلىتىمىزدىكى تۇرپان (ئىدىقۇت) رايونىغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆيىدىكىلىرىگە يازغان خېتىدە، بۇ قېتىملىق سەپىرىنىڭ مەقسىتى دىنسىزلارنى دىنغا ئېتىقاد قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بىراق ئۇنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيىتى ھېچقانداق ئۇنۇم يارىتالمىغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ جۇڭگو قەغىزىنى توشۇپ ساتىدىغان بىر كارۋانغا ئەگىشىپ باغدادقا قايتقاندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، سەككىز يىل قامالغان ۋە 922 ـ يىلى ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن. ئۇنىڭ خۇراساندىكى مۇرىتلىرىنى پارس دىناۋارى ئەتراپىغا يىغىشى، كېيىنچە يەسسەۋىي (ئەھمەد يەسسەۋىي، 1166 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ۋە نەسىمىي (ئىمادۇددىن نەسىمىي , 1417 ـ يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ تۈركىي تىلدىكى مىستىتسىزملىق شېئىرلىرىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن①.

ئىسلام دۇنياسىدا شەخسلەرنىڭ دىن تارقىتىشى مەيلى ئىچكى قىسىم ياكى چېگرا رايونلاردا بولسۇن، دائىم تەسەۋۋۇپقا كىرىش ھادىسىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. مەنسۇر ھەللاج ۋەقەسى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇكى، سوپىلارنىڭ دىن تارقىتىش ھەرىكىتى ئەڭ كېچىككەندىمۇ 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن دۆلىتىمىزنىڭ غەربىدىكى چېگرا رايونلارغا كىرىپ بولغان بولۇپ، ھەللاج تارىخىي ئورنى يۇقىرى بولغان تۇنجى كىشىدۇر. بارتولدىنىڭ دېيىشىچە: «بۇ سوپىلار ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يايلاقلارنى ئارىلاپ تۈركلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇلارنىڭ خىزمىتى كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا زور ئۇتۇق قازانغان.

① Annemarie Schimmel, Mystical Dimensions of Islam, The University of North Carolina Prees, 1975, pp. 62-77.

ئۇلارنىڭ دىن تەشۋىقاتى كىتابقا قاراپ دىن تەرغىب قىلغۇچىلارغا قارىغاندا ئۇتۇقلۇق بولغان. تەرغىباتچى سوپىلار يايلاقلارنى ئارىلىغاندا غازات ۋە جەننەتنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرى ئۈستىدە گەپ قىلماي، بەلكى گۇناھلار ئۈچۈن دوزاختا بېرىلىدىغان ئازابلار ھەققىدە توختالغان... مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئىسلام دىنى تۈركلەرگە ھېچقانداق يېڭى نەرسە بېرەلمىگەن. چۈنكى، تۈركلەر بۇرۇن بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە خىرىستىيان دىنى تەشۋىقاتچىلىرىدىن بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى كۆپ ئاڭلىغان. شۇنداق بولسىمۇ، ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى بۇرۇن شۇ يۇقىرىقى دىنلارنىڭ بىرەرسىدىنلا خەۋىرى بولغانلارنىڭ ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان»①. ھەللاجدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغان ساتۇق نىشاپۇرلۇق سوپى ئەبۇ ھەسەن مۇھەممەد كارامىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، 915 ـ يىلى بۇغراخان دەپ ئاتىلىپ، تاكى 943 ـ يىلىغا قەدەر خانىدانلىقنىڭ خانى بولغان. ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ئارسلانخان (بايتاش) سوپىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز ئېلىدە ئىسلاملىشىشنى يۈرگۈزگەن. 960 ـ يىلى 200 مىڭ چېدىرلىق (ئۆيلۈك) تۈركىي تىللىق قوۋملەر دىنىنى ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاراخانىيلار خانىدانلىقى بىر تۈركىي ئىسلام خانىدانلىقىغا ئايلانغان ھەمدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇدۇن پادىشاھلىقى ۋە قوچۇ پادىشاھلىقىغا قارىتا نەچچە ئون يىلغا سوزۇلغان «غازات ئۇرۇشى» قوزغىغان.

قارا قىتانلار دەۋرىدە، يۈسۈف ھەمەدانى (1048~1140) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرۋىگە يېتىپ كېلىپ، تۈركىي سوپىلار مەزھىپىنىڭ شەيخىگە ئايلانغان ۋە «ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىمامى، ئەرۋاھلارنىڭ مەخپىيىتى ۋە ھەرىكەتلىرىنى پىششىق بىلىدىغان كىشى»② دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەراگانى ۋە بىستامىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇقادىر جىلانىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا تەبلىغ قىلىشقىمۇ ئۇ رىغبەتلەندۈرگەن ئىكەن. گەرچە، ئۇ تۈركىي تىلنى قىلچە چۈشەنمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ مۇرىتى تۈركىي تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ ئاساس سالغۇچىسىغا ئايلانغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان يەسسەۋى شامان دىنىدىكى مۇراسىملارنى قوللىنىپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا زىكىر قىلىش (ئوقۇش)نى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن جەھرىيە (ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇغۇچىلار)نىڭ پىرى دەپ ئاتالغان. يەسسەۋى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر «دانىشمەن» بولۇپ، ئاتا يەسسەۋى دەپ ئاتالغان ۋە سوپىزمنىڭ تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا تارقىلىشىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. كېيىنچە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى يەسسەۋى تەرىقىتىنى قۇرغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى سۇلايمان باقىرغانى ــ ھاكىم ئاتا (1186 ـ يىلى ۋاپات بولغان) چۈشىدە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بەھائۇددىن نەقشىبەندى (1318~1389)گە يېتەكچىلىك قىلغان. ھەمەدانىنىڭ يەنە غىژداۋانى (ئابدۇخالىق غىژداۋانى، 1220 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئىسىملىك مەشھۇر ئىنىسى بولۇپ، ئۇ تارقاتقان سوپىزم «خوجىلار تەرىقىتى» (تەرىقەتى ئەل خوجىگان) ياكى «خوجىلار مەزھىپى» دەپ ئاتالغان. بەھائۇددىن نەقشىبەندى بابا سەمماسى (1340 ـ يىلى ۋاپات بولغان) بىلەن ئەمىر كۇلالى (1371 ـ يىلى ۋاپات بولغان)نى بىۋاستە ئۇستاز تۇتۇپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا زىكىر قىلىشنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ، بىراق غىژداۋانىنىڭ پەقەت ئۆزىلا ئاڭلىيالىغۇدەك تۆۋەن ئاۋازدىكى ئوقۇش ئۇسۇلىغا بەكرەك مايىل بولغان. غىژداۋانى ئورناتقان بۇ سەككىز تۈرلۈك پىرىنسىپ كېيىنچە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى قۇرۇشتىكى ئاساسقا ئايلانغان③.

قارا قىتانلار دەۋرىدە، يەسسەۋى تەرىقىتى ھەر قايسى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا، بولۇپمۇ كۆچمەن قەبىلىلەر ئارىسىدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «خوجىلار تەرىقىتى»نىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى ئەڭ بالدۇر بولسا كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەشقەرنىڭ بىر

---

① ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 72 ـ ، 73 ـ بەتلەر.

② Annemarie Schimmel, Mystical Dimensions of Islam, pp. 339, 364

③ J. Spencer Trimingham, The Sufi Orders in Islam, Oxford, 1974, pp. 66－65

www.uyghurkitap.com



هۆكۈمرانىمۇ غىزداۋاننىڭ مۈرىتى بولغان. 1220 ـ يىلى، چىڭگىزخان بۇخارا شەھىرىنى ئىشغال قىلغان چاغدا، ئىمام ھافىزۇددىننى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىنىسى شۇجائىددىن مەھمۇدنى قاراقورۇمغا سۈرگۈن قىلغان. 1256 ـ يىلدىن كېيىن، بۇ جەمەتتىكىلەر شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى لوپ كېتىك بازىرىغا كېلىپ، مۇشۇ جايدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شەيخۇلئىسلامىغا ئايلانغان. شەيخۇلئىسلام جامالىددىن ئىماملىق قىلىۋاتقان چاغلاردا كېتىك بازىرى قۇمنىڭ ئاستىدا قالغاچقا، جالالىددىن جەمەتىدىكىلەر ئاقسۇدىكى ئايكۆلگە كۆچۈپ كەتكەن ھەمدە ئاشۇ يەردە شىكار قىلىۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. 1347 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى خانلىق تۇرنىغا رەسمىي ئولتۇرغاندىن كېيىن، جالالىددىننىڭ ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئالمالىققا بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. 1354 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا قاراشلىق قەبىلىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. «تارىخى رەشىدىي» دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، شۇ كۈنلا 160 مىڭ كىشى ئىسلام دىنىغا كىرگەن. شىنجاڭنىڭ كۇچادىكى مەۋلانە ئەرشىدىن مازىرىدىكى تىلاۋەتخانا ئىچىدە ھازىرمۇ «ئىسلام ئەنبىيالىرى» نامىدىكى ياغاچ تاختا بار بولۇپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان بېغىشلىمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «سۈك لىزۈك دەۋرىدە، مەۋلانە ئەرشىدىن ئىسمىلىك ئەۋلىيا كىشى ئىسلام تەلىماتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتتىن نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىگە كېلىپ، تۇغلۇق تۆمۈرگە قاراشلىق موغۇل قەبىلىلىرىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئاممىنى ئىسلاھ قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەھمىيىتى ئاجايىپ زور بولغان»①. بۇنىڭ ئىچىدىكى «موغۇل قەبىلىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي پاكىتقا قارىتىلغان، بۇنىڭ ئىچىدىكى «土胡鲁库» بىلەن «秃黑鲁» ئەمەلىيەتتە بىر ئىسىمنىڭ ئوخشىمىغان تەرجىمىلىرى بولۇپ، مەۋلانە بولسا داموللا دېگەن مەنىدە. خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، كۇچاغا ئەڭ بۇرۇن دىن تارقاتقىلى كەلگەن كىشى ھىندىستانلىق سوپىست، دەرۋىش شەيخ نىزامىددىن دېھلىۋى بولۇپ، ئۇ 1267 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېتىپ كەلگەن، كۇچادا ھازىرمۇ ئۇنىڭ مازىرى بار. مەۋلانە ئەرشىدىن نەۋرە قىزىنى ئەمرىگە ئالغان ۋە كۇچا خەلقىنىڭ دىنىنى بۇددا دىنىدىن ئىسلام دىنىغا ئۆزگەرتىشكە باشچىلىق قىلغان. شۇڭا، «سۈك لىزۈك دەۋرى» نى نىزامىددىن دىن تارقاتقان يىللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھېسابلىساق، ئۇنىڭ تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ۋە خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

مەۋلانە ئەرشىدىن «موغۇل قەبىلىلىرىنى ئىسلاھ قىلىش» نى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئەۋلادمۇئەۋلاد مىراس قالدۇرغان (سۇيۇرغاللىق) شەيخۇلئىسلاملىق ئالاھىدە مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ خانلىقتىكى ئورنى موغۇللارنىڭ دىنىي مۆتىۋەرلىرى ۋە ئىشەنچلىك ئەمىرلىرىنىڭ ئارقىسىدىلا تۇرغان. شەكىل جەھەتتە، يىگى خان تەختكە چىققاندىن كېيىن مۇھىم مەنسەپ ئورۇنلىرىنى ئۇلارنىڭ خالىغىنىچە بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىجازىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، شەكسىز ھالدىكى دىنىي مەرتىۋىگە مۇيەسسەر قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى ئاستىدا، مەۋلانە ئەرشىدىن ئۆز جەمەتىدىكىلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان موللا، شەيخلەر ئاساسىدا كۇچا دىن تارقىتىش ئۆمىكىنى قۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان.

كۇچا مىلادىيەدىن بۇرۇن كۇسەن دەپ ئاتالغان. بۇددا دىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ھىندىستاندىن شىنجاڭغا كىرگەندىن تارتىپ تاكى تاڭ سۇلالىسىغا قەدەر مىسلىسىز گۈللىنىپ، كۇسەن، ئۇدۇن ۋە قوچۇ غەربىي يۇرتتىكى ئۈچ بۇددا دىنى مەركىزى دەپ ئاتالغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرتتىكى بۇددا دىنى گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەن بولسىمۇ، بىراق بۇددا دىنى مەدەنىيىتى يەنىلا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويمىغان. 10 ـ

① خۇاڭ ۋېنبى: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك خاتىرىسى»، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى نەشرى، 31 ـ بەت.

ئەسىرلەردە، قاراخانىيلار خاندانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، سوپىلار كاشغەرنى مەركەز قىلغان ئاساستا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇب، شىمال ئىككى بۆلىكىدىكى سودا يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز شەرققە قاراپ مېڭىپ ئىسلام دىنىنى تارقاتقان. تاكى 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، ئىسلام دىنى ئالدى بىلەن جەنۇپتا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، 40 يىلغا سوزۇلغان «غازات ئۇرۇشى» ئارقىلىق قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇدۇندىكى بۇددا دىنى ھاكىمىيىتىنى ئىستىلا قىلغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا تارقىلىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، «غازات ئۇرۇشى» دولقۇنىنىڭ شىمالىي بۆلەكنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان كۇچاغا تېخى تەسىرى يېتىپ بارمىغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ شەرقىي چېگراسى ئاقسۇ بىلەن باي ئارىلىقىدا بولۇپ، قاقاس تاغ ۋە دەشتى چۆل ئارقىلىق چېگرالىناتتى ۋە كۇچا بىلەن بولغان ئارىلىقى 200 كىلومېتىردىن ئاشاتتى. قاراخانىيلار خاندانلىقى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تىركىشىشى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر داۋاملاشقانىدى. بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «ئەينى ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى نىسبەتەن قىيىن بولۇپ، ئۇ يەردىكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار خۇددى بىر سېپىلدەك بۇ دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى»①. كۇچا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ كېڭىيىشىگە قەيسەرلىك بىلەن قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇستەھكەم توساق ئىدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى چىڭگىزخانغا قاراشلىق بولغاچقا، ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان زېمىنلارنىمۇ مۇھاپىزەت قىلاتتى. بىراق، 1284 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ يەر «قايدۇ ـ دۇۋا توپىلىڭى»دا چاغاتاي خانلىقى زېمىنىغا قوشۇۋېتىلگەنىدى. موڭغۇل ئىستېلاچىلىرى ھەرخىل دىنلارغا ئوخشاش قاراپ، دىنىي ئۇرۇش قىلىش ياكى دىنغا كىرىشكە زورلاشنى چەكلىگەنىدى. شۇڭا، بۇددا دىنى، نېستورى دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىقلار قارشى تەرەپلەرنىڭ زېمىنى ئىچىدىمۇ تارقىلىۋەرگەن. ئىسلام دىنى شەرققە قاراپ سىڭىپ كىرىپ، يىراقتا قومۇلغىچە يېتىپ بارغان بولسىمۇ، بىراق دائىرىسى چەكلىك بولۇپ قالغان. 14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئىلگىرى بۇددا دىنى كۇچا ۋە شەرق تەرەپلەردە يەنىلا ئەڭ مۇھىم دىنىي تەسىرگە ئىگە بولغان. تۇغلۇق تۆمۈر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى مۇھىم بۇددا دىنى ئورۇنلىرى ئويلىغاندىنمۇ تېز قولدىن كەتكەن بولغاچقا، كۇچا تەبىئىيلا ئەڭ ئالدىدا ھۇجۇم قىلىنىدىغان نىشان بولۇپ قالغان. مەۋلانە ئەرشىدىننىڭ كۇچادىكى دىن تارقىتىش ئۆمىكى مانا مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا قۇرۇلغان.

مەۋلانە ئەرشىدىن خاننىڭ قوللىشى ئاستىدا، كۇچادا ئۆز جەمەتىدىكىلەر ئۈچۈن «خانىقا»، مەدرىسە ۋە مەسچىت سالدۇرۇپ، قازى ئاخۇنۇملارنى بېكىتىپ، «قۇرئان كەرىم»، «سەھىھۇلبۇخارى» ۋە باشقا سوپىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان كىتابلارنى تارقاتقان ھەمدە كۇچانى مەركەز قىلغان ھالدا ئاقسۇ، شايار، چالىش (قاراشەھەر)، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تۇغلۇق تۆمۈرخان يارلىق چۈشۈرۈپ، ئاممىنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا چاقىرىق قىلغانىدى. سىياسىي كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى مەجبۇرىي چېقىۋېتىلىپ، قەدىمىي بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ۋە راھىبلارمۇ ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانىدى. 1359 ـ يىلدىن 1361 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي ئومۇملاشتۇرۇشقا قارشى ئەمىر بەگلەر تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالمالىقتا ئەسكەر توپلاپ خاندىن يۈز ئۆرىدى. بۇ خەۋەر كۇچا، شايارلارغا تارقالغاندىن كېيىن، 10 مىڭدىن كۆپرەك بۇددىست دەرھال بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ، كۇچا دىن تارقىتىش ئۆمىكىنى تۇيۇق يولغا كىرگۈزۈپ قويدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېزدىن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىپ، ئىككى جايدىكى ئىسيانچىلارنى تازىلاپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق بۇددا دىنى مۇرىتىنى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي چېگراسى ۋە دەشتىئاتا (دۇنخۇاڭ)نىڭ شەرقىگە پالىدى ۋە

① ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى توغرىسىدا ئون ئىككى لېكسىيە»، 87 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كۇچادىكى بۇددا دىنى كۈچلىرى تالاپەتكە ئۇچراپ، يەرلىك ئاھالىلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، كۇچا ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ دىنى خوجىلىق زېمىنى ۋە دىن تارقىتىش سورۇنىغا ئايلىنىپ، بۇ رايوندىن يىغىلىدىغان بارلىق زاكات مۇشۇ جەمەتتىكىلەرگە تەۋە بولۇپ، خانلىق ھۆكۈمرانلىرى يەنە ھەر يىلى دىنىي تەشۋىقات خىراجىتى قىلىشى ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرخىل شەكىلدىكى ۋەخپىلەر ئارقىلىق بۇ جەمەتتىكىلەرگە يەنە تېرىلغۇ يەر، ئېرىق، دۇكان قاتارلىقلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

1389 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوغلى خىزىر خوجا تەختكە چىقتى. «تارىخى رەشىدىي»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، «خان ئۆزى جىھاد ئېلىپ بېرىپ، خىتايلار (قىتانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)غا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ئۆزى يۈرۈش قىلىپ، خىتايلارنىڭ ئىككى مۇھىم بازىرى ــ قارا خوجا بىلەن تۇرپاننى ئىشغال قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى»①. مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ 2 ـ ئوغلى ئەبۇ ناسىر خىزىر خوجىنىڭ «جىھاد ئۇرۇشى»غا بىۋاستە قاتنىشىپ، قارا خوجىدىكى مۇسۇلمانلارنى مەخپىي ھالدا قوزغىلاڭ قىلىشقا تەشكىللەپ، خىزىر خوجىنىڭ ھۇجۇم قىلىشىغا ماسلاشتى. كېيىن تۇرپاندا شېھىد بولۇپ، شۇ يەردە مازىرى قالدى. كۇچا دىن تارقىتىش ئۆمىكىنىڭ ماسلىشىشى ئاستىدا، خىزىر خوجا قوچۇدىكى بۇددا دىنى مۇرىتلىرىنىڭ قوراللىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مەجبۇرىي ھالدا ئىسلاملىشىشنى يولغا قويدى. بۇددا دىنىنىڭ تەسىر كۈچى شۇنىڭدىن باشلاپ ئىنتايىن تېز زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ، بىراق يەنىلا يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشتى. «مىڭ سۇلالىسى تارىخى. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلىنىشىچە: «يۇڭلېنىڭ 6 ـ يىلى (1408) بۇ ئەلدىكى غەربىي يۇرت راھىبلىرىدىن چىڭلەي ئۆزىنىڭ شاگىرتلىرى فاچۈەن قاتارلىقلارنى باشلاپ كېلىپ ئولپان تاپشۇردى. پادىشاھ ئۇنى غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى بۇيرۇدى ۋە چىڭلەيىنى دۆلەت ئۇستازى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭ يەتتە شاگىرتى تۇرپان راھىبكالان مەھكىمىسىنىڭ بېگى بولدى»②. 1420 ـ يىلى شاھرۇخنىڭ ئەلچىلىرى تۇرپاندىن ئۆتكەن ۋاقىتدا مۇنداق دېگەن: «ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىبادەتخانا بەك كۆپ، شۇنداقلا ھەممىسى دېگۈدەك ئاجايىپ ھەشەمەتلىك»③. بۇ شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، گەرچە خىزىر خوجا بىر مەھەل بۇ رايونلارنى بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، بىراق يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزەلمىگەن. تەخمىنەن 70 يىلدىن كېيىن، «چېڭخۇانىڭ تۇنجى يىلى (1465)، بۇ قەبىلىدىكى ئەلى (كېبەك) ئۆزىنى سۇلتان دەپ جاكارلىغان. ئەلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ سۇلتان بولغان»④. شۇڭا، بۇ چاغدا تۇرپان ئاللىبۇرۇن ئىسلاملىشىپ بولغان ھەمدە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ بولغان دەپ قارايمىز.

ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەر تارىختا «خوجىگان» دەپ ئاتالغان بولۇپ، غىژداۋانى قۇرغان سوپىلار تەرىقىتىدۇر. ئىلگىرى بەھائۇددىن نەقشىبەندى ئۆزىنى غىژداۋانىنىڭ شەخسەن ئىنىسى ھېسابلىغان ھەم بۇخارا خوجىگانلىرى ئىچىدىكى بىر مۇھىم شەخسكە ئايلانغان. شۇنداقلا غىژداۋانى بىلەن ھەمەدانى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ نەسەبىدە يۇكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. شۇڭا، 16 ـ ئەسىرلەردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، كۇچا دىن تارقىتىش ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ تەرىقىتىگە ئۆزىنى ئاتىشىنىڭ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

مەۋلانە ئەرشىدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ فاتىخ، ئەھمەد، فەخرىدىن، سەدرىدىن

---

① مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 225 ـ بەت.
② خوجا غىياسىددىن: «شاھرۇخ ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى»، «ھايتۇن ساياھەتنامىسى ئودورىكنىڭ شەرققە قىلغان ساياھىتىدىن خاتىرىلەر» (قوشما سان)، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
③ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن، 5597 ـ بەت.
④ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 329 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى تۈزگەن، 4894 ـ بەت.

قاتارلىق ھەر قايسى ئەۋلادلار، جۈملىدىن بۇ خوجىلار جەمەتى ئىزچىل خانلىقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كەلگەن. 16 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى، جەنۇبىي شىنجاڭدا يېيىلغان شەكىللەنگەن چوڭ تەرىقەتلەر تېخى تەسىر شەكىللەندۈرمىگەچكە، سوفىيلارنىڭ ھەرىكىتى ئاساسلىقى ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ تەرىقىتى ئاساسىدا بولغان. بۇ خوجىلار جەمەتى كۈچيا، ئاقسۇنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەر قايسى جايلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشىدا، بولۇپمۇ شەرقىي قىسمىغا تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

## 2

14 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان نەقشبەندىيە تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تېمۇرىيلەر سۇلالىسىدە يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئەمەلىيەتتە بۇ تەرىقەت تەرىقەتنىڭ 3 ـ ئەۋلادى، ئىمام خوجا ئەھرار (نەسىردىن خوجا ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار، 1404~1490)دىن ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىگە بولۇپ بولغان. خوجا ئەھرار تۆمۈر سۇلتان ھۆسەيىن بىلەن ئۆزبېك شەيبانىخاننىڭ مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي ئۇرۇشلاردا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانىدى. ئۇ «بۇ دۇنيا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا سىياسىي كۈچلەردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈر» بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى؛ ھۆكۈمرانلارنى كونترول قىلغاندىلا تۇرمۇشنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئومۇملاشتۇرغىلى بولاتتى. ئۇ ئىلگىرى يەنە شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچكى ماجىرالىرىغا قول تىقىپ، شىنجاڭدىكى دىنىي تەسىرىنى كېڭەيتكەنىدى. ئۇۋەيسخان (1418~1428 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، كونا قائىدە بويىچە ئەرشىدىن جەمەتىدىكى خوجىلارنى ئۇستاز تۇتماستىن، بەلكى نەقشبەندىيەنىڭ 2 ـ ئەۋلاد مۇرىتى ــ بۇخارالىق داموللا مەۋلانە مۇھەممەد كاسانىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. مەۋلانە ئەرشىدىنىڭ نەۋرىسى ئەھمەد خوجا مۇرىتلىرىنى باشلاپ ئۇدۇن، كاشغەرلەرگە بېرىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدا تايانچ پونكىت قۇرۇش غەرىزىدە بولغان بولسىمۇ، لېكىن يەرلىك فېئودال كۈچلەر ۋە دىنىي تۆرىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، ھېچقانداق نەتىجە يارىتالمىدى. ئۇۋەيسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى پارچىلىنىش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ، 2 ـ ئوغلى ئېسەن بۇقا خانلىق تەخت (1429~1462 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)نى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئاقسۇدىن موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمى تۇرپانغىچە بولغان رايونلىرىنى ئىگىلىدى. چوڭ ئوغلى ئۇۋەيسخان ئۆز ئالدىغا خان (1456~1487 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) بولۇپ، ئىلى دەريا ۋادىسىدىن تارتىپ موغۇلىستاننىڭ غەربىي قىسمى تاشكەنتكىچە بولغان جايلارنى ئىشغال قىلدى. 1468 ـ يىلى كاشغەرنىڭ بەگلىك ۋارىسلىرى بولغان دوغلات قەبىلىسى ئەمىرلىرىدىن مىرزا ئابابەكرى بۆلۈنۈپ تۇرۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئالدىغا خان بولۇۋالدى. لېكىن، فەخرىددىن خوجا مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئاتىشىغا قارشى تۇرغاچقا، مىرزا ئابابەكرى ئەرشىدىن جەمەتىنى بىتچىت قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە تارتىپ ئىشلەتكۈزمەكچى ۋە خوجا ئەھرارغا قول بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ قىينچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەكچى بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ خوجا ئەھرارنىڭ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ، يەكەن رايونىدىكى تەسىر كۈچىنى كېڭەيتمەكچى بولغاندا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. يەكەنلىكلەر ئۇنىڭغا: «بۇ دۆلەت ئىلال ۋەلى (خوجا ئەھرار)غا قارىمايدۇ، خوجا مۇھەممەد فەخرىددىنگە قارايدۇ، يەكەن نەزەر مىرزا خوجا مۇھەممەد فەخرىددىننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن قۇرۇلغان ۋە گۈللەنگەن شەھەر»① دېگەن. كېيىنچە، يۇنۇسخان ۋە مەھمۇدخان ئاتا ـ بالا ئىككەيلەنمۇ خوجا ئەھرارغا قول بېرىپ، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئاقسۇ، كۈچانىڭ شەرقىگە چېكىنىپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا تايىنىپ تۇرۇشىغا مەجبۇر قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا فەخرىددىننىڭ نەۋرىسى

① ليۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» 1 ـ قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 415 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

www.uygherkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاجىدىننىمۇ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە كىرىپ، ئۇزاق مەزگىلگىچە «خوجىلار سەردارى» خوجا ئەھرارنىڭ ھوزۇرىدا تەلىم ئالغان. كېيىنچە، تۇرپاننىڭ سۇلتانى ئەھمەدخان (1485~1504 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) ۋە مەنسۇرخان (1502~1544 ـ يىللىرى تۇرپاندا تەختتە ئولتۇرۇپ، موغۇلىستاننىڭ شەرقىي قىسمىنى باشقۇرغان)نىڭ 50 يىلغا يېقىن دىنىي ئۇستازى بولۇشتىن سىرت، يەنە مەنسۇرخان بىلەن سەئىدخان (1514~1533 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان، موغۇلىستاننىڭ مەركىزىي قىسمىدا ئۆز ئالدىغا «يەركەن خانلىقى»نى قۇرغان) ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەچى بولغان. ئۇ قومۇلغا يۈرگۈزۈلگەن «غازات ئۇرۇشى»دا ئاۋانگارتلىق رول ئوينىغان بولۇپ، «مىڭ سۇلالىسى تارىخى»دىمۇ ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ. 1513 ـ يىلى «مەنسۇر (قومۇل) سۇلتانى بايياجى ھوزۇرىدا مەخپىي تەربىيە ئېلىپ، خانلىق تەختىنى قايتا قولغا ئالغاندىن كېيىن خوجا تاجىدىننى بۇ دۆلەتنى ھىمايە قىلىشقا قويۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق بۇ يەرنى زىيانغا ئۇچراتتى. بىراق خوجا تاجىدىن تەكرار ئىنئام تەلەپ قىلىپ تولىمۇ ھەددىدىن ئاشتى»①. كېيىنچە «ئۇ خىتاي (قىتان) ئۇرۇشىدا مەنسۇرخاننىڭ كۆز ئالدىدا شېھىت بولدى»②. 1514 ـ يىلى سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، يەكەننى مەركەز قىلىپ ئۆز ئالدىغا خانلىق قۇردى. بۇ يېڭى خان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ سوپىلىرىنى ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلىپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ تەسىر كۈچىگە زەربە بەردى. يېڭى سوپىلارنىڭ تەسىرى شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغاندىن ئېتىبارەن، ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ يالغۇز كۈچادىلا تەسىر كۈچى ساقلىنىپ قېلىپ، ھېسابتا شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىدىكى تەرەققىياتىدا ئۆز تەسىرىنى يوقىتىپ قويدى.

15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسەتلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان نەقشبەندىيە تەرىقىتى شىنجاڭغا بولغان تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشكە باشلىدى. 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، خوجا ئەھرارنىڭ نەۋرىلىرىدىن مەخدۇم نۇرى ۋە مۇھەممەد يۈسۈپنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۇرپان ۋە يەكەنگە كەلگەن بولۇپ، مەخدۇم نۇرى مەنسۇرخاننىڭ ھۆرمەتلىشىگە سازاۋەر بولدى، مۇھەممەد يۈسۈپنى بولسا سەئىدخان تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەتتى. مەخدۇم نۇرى تۇرپاندا ئۈچ يىل دىن تارقىتىپ، مۇھەممەد يۈسۈپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەكەنگە يېتىپ كېلىپ، سەئىدخاننىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى مەنىۋى ئۇستازىغا ئايلاندى. 1533 ـ يىلى ئابدۇرەشىدخان (1533~1566 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) سەئىدخاننىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنتتىن كەلگەن مۇھەممەد شېرىفنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىگەن بولغاچقا، بۇ جەمەت ناھايىتى تېزلا يەكەن خانلىقىدىكى مۇھىم خوجىلار جەمەتىگە ئايلاندى. بۇ ئارىلىقتا، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد داھىيسى مەخدۇم ئەزەم «ئەۋلىيا»لىق سالاھىيىتىدە كاشغەرگە يېتىپ كېلىپ، يەكەن خانلىقى بىلەن ئۆزبېك ـ قازاق قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى ياراشتۇرۇپ قويغان. ئۇ كاشغەر ھۆكۈمرانىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغاچقا، ئۇنىڭغا كەڭ زېمىن ھەدىيە قىلىنغان ۋە تۇرمۇشلۇق بولغان. گەرچە ئۇ ياراشتۇرۇپ قويۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كېيىنچە شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي كۈچلەرگە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىككى ئەسىرلىك دىنىي تۇرمۇشى ۋە سىياسىي تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەھمەد كاسانى بولۇپ، 1461 ـ يىلى سەمەرقەنتكە يېقىن دىبېيد كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد داھىيسىغا ئايلانغان مەۋلانە مۇھەممەد غازىنىڭ ئىنىسى بولغان ۋە 1516 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ تەرىقەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇ تەركىدۇنياچىلىق ۋە يەككە ـ يېگانە زاھىدلىققا

① «مىڭ شۆەنزۇڭ دەۋرىدىكى ئۇردا خاتىرىلىرى» 122 ـ جىلد، تەيۋەن تارىخ ـ تىل مەكتىپى باستۇرغان نۇسخىسى، 7 ـ بەت؛ يەن سۇڭجيەن: «ياقا يۇرت خاتىرىلىرى» (14 ـ جىلد)، «تۇرپان»، گۇگۇڭ مۇزېي كۇتۇپخانىسى باستۇرغان نۇسخىسى.
② مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى، 347 ـ بەت.

قارشى تۇرسىمۇ، بىراق سوپىلار دائىم خانىقادىلا تۇرۇشى، تالا ـ تۇزلەرگە ئىستىقامەت قىلىش ۋە دىنى ئەھكاملارنى تارقىتىش ئۇچۇنلا چىقىش كېرەك دەپ قارىغان. ئىستىقامەت شەكلى جەھەتتە، ئۇ پىچىرلاپ ئوقۇيدىغان ئەنئەنىۋى شەكىلنى قۇۋۋەتلىگەن، ئۈنلۈك زىكىر قىلىشقا ۋە نەغمە ـ ساماغىمۇ يول قويغان. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەھلى سۈننەتتە چىڭ تۇرىدىغان، لېكىن ئاددىي ئېتىقادقىمۇ يول قويىدىغان مۆتىدىل پوزىتسىيەسى بۇ تەرىقەتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئارىسىدا زور ئۇتۇق قازىنىشىغا تۈرتكە بولغان. 1542 ـ يىلى مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى تەرىقەتنىڭ داھىيلىقىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىپ، تەرىقەتنىڭ بىر قىسىم تارماق سۇلۇكلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سەۋەبچى بولغان. «تەزكىرەئى خوجىگان»① دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مەخدۇم ئەزەم تۇنجى ئايالىدىن بولغان تۆت ئوغلىغا ئوخشاش ۋەدىلەرنى بەرگەن بولسىمۇ، بىراق 2 ـ ئوغلى خوجا دوست «باش خەلىپىلىك»نى ئۈستىگە ئالغان. «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى»② ۋە «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»③ دە ئېيتىلىشىچە، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرىلا ئورنىنى ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى، يەنى «چوڭ خوجا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغان ھەمدە رەسمىي شەكىلدىكى دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۈچ تارماق نەسەب ئەۋلادلىرى 16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭغا كىرىپ، تارىخ كىتابلىرىدىكى ئاتالمىش «كاشغەر خوجىلار جەمەتى»نى شەكىللەندۈرگەن.

## 3

ئەڭ بۇرۇن شىنجاڭغا كىرگەنلەر مەخدۇم ئەزەم بىلەن ئۇنىڭ كاشغەرلىك خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىسھاقتۇر. «ئۇنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا دىنىي سىستېمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بەرمىگەن»④، بىراق ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى مەۋلانە لۇتپۇللا ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىش بېرىش توغرىسىدىكى «رۇخسەت ۋە تاپشۇرۇق»قا ئېرىشكەن. ئىسھاقنىڭ تارماق تەرىقىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى سەمەرقەنتلىك قاسىم شەيخ «بىدئەت» دەپ ئەيىبلىگەن ھەمدە يەرلىك ھۆكۈمران ئابدۇللاخان تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان. 1580 ـ يىلى ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇكېرىمخاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئانىسىنىڭ يۇرتىغا كەلگەن ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كاشغەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن قاتارلىق جايلاردا 12 يىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1592 ـ يىلى ئۇ چۈشىدە ئابدۇكېرىمخانغا ئابدۇللاخاننىڭ كاشغەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەنمىش. بۇ ئىشتىن كېيىن، كاشغەر ئۇنىڭ تەرغىبات ئېلىپ بېرىشى ئۇچۇن دىنىي زېمىن قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن ھەمدە يېڭىسار، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تەرىقەت يولباشچىلىرىنى تەيىنلەش ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇۋالغان. ئىسھاق نەقشىبەندىيە تەرىقىتىدىكى پىچىرلاپ ئوقۇيدىغان ئەنئەنىدىن ۋاز كېچىپ، تۈركىيلەرنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۈنلۈك زىكىر قىلىدىغان ۋە نەغمە ـ ساما سالىدىغان ئەنئەنىنى قوللانغان. ئۇ بۇرۇنقى خوجىلار جەمەتىدىكىلەرنىڭ

① مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان، «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» 8 ـ توپلام، 1980 ـ يىلى نەشرى؛ چېن خۇيشېڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» 1 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى، 326 ـ بەت.

② «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان: «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 12 ـ توپلام، 1986 ـ يىلى نەشرى، 5 ـ، 6 ـ بەتلەر.

③ شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان: «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»، ئاپتورى نامەلۇم، شافىگراف نۇسخا؛ خەن جۇڭيى: «غەربىي يۇرت سوپىزمى ئۈستىدە تەتقىقات»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى، 98 ـ بەت.

④ مۇھەممەد سادىق كاشغەرى: «تەزكىرەئى خوجىگان»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان: «مىللەتلەر تارىخىغا دائىر تەرجىمە ماقالىلەر توپلىمى» 8 ـ توپلام، 97 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

دىنىي مۇراسىملارغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقى ۋە دەھرىي ئەمەلدارلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا زىت ھالدا، دىنىي ئېتىقادىنى پاكلاش، چىن ئېتىقاد ۋە ئىستىقامەت قىلىش كۆز قارىشىنى تەشەببۇس قىلغان بولىسمۇ، بىراق كوچا كېزىپ يۈرۈش ۋە ئاشلىق تىلەشتەك چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلارغا قارشى تۇرۇپ، يېڭىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى قۇرغان. «جالالىدىن كېتىكى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە قىسسە»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئىسھاق ۋەلى ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆلدە مەۋلانە جالالىدىننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ، چۈشىدە جالالىدىندىن بېشارەت تاپتى. جالالىدىن: ‹ئەي ئىسھاق، ئاقسۇ، كۇچا، چالىش، تۇرپاننىڭ خوجىلىقىنى سىزگە بەردىم. بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىز ئىشانلىقنى تاشلاپ ئەمەل تۇتۇشنى، بەگلىكنى ئارزۇ قىلدى. بەگلىك ئۇلارغا بولسۇن› دېدى①. ئۇ يەنە بۇ جەمەتتىكىلەرنىڭ ۋەكىلى، ئاقسۇنىڭ شەيخۇلئىسلامى ئابدۇرەھىمنى يوقلىدى. كېيىن قازى ئابدۇرەھىم ئىسھاق خوجىغا بەيئەت قىلىپ، خەلقنى مۇرىت بولۇشقا ئۈندىدى. خەلق قوبۇل قىلمىغاندا قازى ئابدۇرەھىم: ‹ئىشانلىق يولىنى قازىلىق ـ بەگلىك بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماس بولدۇق، بوۋام جالالىددىننىڭ تەلپى شۇنداق. ئەمدى خوجىلىق تەرىقىتىگە پىرلىق بىزدىن بۇ ئەزىزگە قالدى› »②.

بۇ رىۋايەت شۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇكى، ئىسھاق يالغۇز يەكەن خانلىقى ھۆكۈمرانىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئەرشىدىن جەمەتى قاتارلىق دىنىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئەل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان رايونىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىكى دىنىي تايانچقا ئايلانغان. 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ئىسھاقنىڭ مۇرىتى ئۈشتۈر خەلىپە ۋە ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خوجا شادى ئىلگىر ـ كېيىن بولۇپ خانلىق ئوردىسىنىڭ دىنىي ئۇستازلىقىنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە كاشىغەرگە يېقىن فەيزىئاباد (ھازىرقى پەيزاۋات)، يەكەندىكى توققۇزكەنت، خوتەندىكى ئاقساراي، ئاقسۇدىكى ئاقيار (ھازىر ئۇچتۇرپانغا قاراشلىق) قاتارلىق زېمىنلارغا ئىگە بولۇپ، يېتەرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، كاشىغەر خوجىلار جەمەتىدىكى ئۈچ چوڭ تارماق نەسەبلەر ئىچىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان.

مۇھەممەد ئىمىن 1570 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ۋاپات بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆت ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسىنى بۆلۈشكەن. بۇ ھەقتە شۈي سۇڭنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلار خاتىرىسى»دە مۇنداق قىممەتلىك مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان: «ھەزرىتى ئەلىنىڭ 25 ـ ئەۋلادى مۇھەممەد ئىمىن ئىدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلى قاسىم بۇخاراغا كەتكەن؛ 2 ـ ئوغلى مۇسا بەلخقا كەتكەن؛ 3 ـ ئوغلى مۆمىن ئۆز يۇرتىدا قالغان؛ 4 ـ ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپ كاشىغەرگە كەتكەن»③. مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ تەسىر كۈچ دائىرىسى موغۇلىستان بولغاچقا، ئۇ 1605 ـ يىلى قومۇلغا يېتىپ كېلىپ، شۇ يەردىكى سوپىلار يولباشچىسى، كاشىغەرلىك مىرسەئىد جېلىلنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن ھىدايىتۇللا (ئاپاق خوجىمۇ دېيىلىدۇ) ئىسىملىك ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن. 1617 ـ يىلى مۇھەممەد يۈسۈپ كاشىغەرگە كەلگەندىن كېيىن، «سىرلىق ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، يوشۇرۇن ئىستىقامەت قىلغان ۋە مىرسەئىد جېلىل قالدۇرۇپ كەتكەن تۇرار جاي قاراساقالدا ئولتۇراقلاشقان»④. ئۇ داۋاملىق ھەر جۈمە كۈنى شەھەرگە كىرىپ جۈمەئە نامىزى ئوقۇغان». ئېيتىشلارغا

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان: «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 16 ـ توپلام، 1988 ـ يىلى نەشرى؛ ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيەن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى، 120 ـ بەت.

② شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان: «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 16 ـ توپلام؛ ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيەن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، 120 ـ بەت.

③ [چىڭ سۇلالىسى] شۈسۇڭ: «غەربىي يۇرتتىكى دەريا ـ ئېقىنلار خاتىرىسى» 1 ـ جىلد، قەشقەر ماددىسى، گۇاڭ شۈي مىخ مەتبەئە نۇسخىسى.

④ «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرگە تەييارلىغان: «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى» 12 ـ توپلام.

قارىغانــدا، ئــۇ «قــوقەنتتىكى بەزى تەســىرى بــار خــوجىلاردىن يــاردەم تەلەپ قىلغــان ھەمــدە بــۇ ئىتتىپاقداشلار يەتكۈزۈپ بەرگەن قورال كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن غەلىبىلىك ھالدا كاشغەرنى ئىشغال قىلغان»، بىراق شۇئانلا ئابدۇلېتىپخاننىڭ قايتۇرما زەربىسگە دۇچ كەلگەن ھەمدە 1622 ـ يىلى يەكەن بىلەن كاشغەر ئارىلىقىدىكى توخۇلۇقتا ۋاپات بولغان. «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، «ئەينى چاغدا سەئىد ئافاق ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ»①، قومۇل، تۇرپان، لەنجۇ ۋە «سالار شەھىرى» قاتارلىق جايلاردا قېچىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. 1638 ـ يىلى، ئۇ ئابدۇلېتىپخاننىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كاشغەرگە قايتىپ، 20 نەچچە يىللىق جاپا ـ مۇشەققەتنى باشتىن كەچۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ تارماق تەرىقىتىنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ يەكەن خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇللاخاننىڭ چوڭ ئوغلى يولۋاسخان (كاشغەر ھاكىمى) بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئىسھاقىيە بىلەن دىنىي زېمىن تالىشىشنى سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ئىمتىيازىنى كونترول قىلىشقا راۋاجلاندۇرغان. 1662 ـ يىلى ئۇ خانلىقنىڭ چېك سۇلالىسى ئوردىسىغا ئۇلپان تاپشۇرىشىغا قارشى تۇرۇشقا باشلىغان ھەمدە 1669 ـ يىلى ئابدۇللاخاننى تەختتىن يولۋاسخانغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشكە مەجبۇرلىغان ۋە ھوقۇقنى كونترول قىلىۋېلىپ، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىغا بولغان زۇلۇمنى كۈچەيتكەن. 1670 ـ يىلى يولۋاسخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمايىلخان تەختكە چىقىپ، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا ئافاق خوجىنى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي رايونىغا قوغلاپ چىقارغان. ئافاق خوجا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، كەشمىر، شىمالىي شىنجاڭ رايونى، گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈپ، سىرتقى مۇھارىبىيە كۈچلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشقان. بۇ ئارىلىقتا (1671~1673 ـ يىللىرى) ئۇ چىڭخەي شىنىڭ ۋە خۇاڭجۇڭدا سوپىزم تەرىقىتىنى تارقاتقان. «ئافاق خوجا تەزكىرىسى»دە مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «سالارلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلماندۇر. ئۇ سالار شەھىرىدە ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن كىشىلەرگە مەدرىسە سالدۇرۇپ، مەخسۇس تىلاۋەت ۋە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللاندى. سالارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ قول بېرىپ، بەزى كىشىلەر سوپىزمچىلارنىڭ ۋاستىسى (تەرىقىتى) بىلەن ئاللاغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرگە، يەنە بەزى كىشىلەر بەگكە ئايلاندى. ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئادەم تەيىنلەپ خەلىپە قىلدى، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ۋىقايىتۇللا بولۇپ، لەقىمى ئالتۇنباش ئاخۇن ئىدى»②.

بۇ ئىش توغرىسىدا «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى»دىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەلۇمات بار. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇ شىزاڭغا بېرىپ دالاي لاما V (بەزىلەر دىباساڭ جى جياسۇ دەپ قارايدۇ)نىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن جۇڭغار قىسىملىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ۋە 1678 ـ يىلى يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئافاق خوجا شىمالدىكى جۇڭغار قىسىملىرىغا قۇللۇق بىلدۈرۈپ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى ھۆكۈمرانغا ئايلاندى ۋە ئۇلارغا ئولپان تاپشۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئىشانلارنىڭ دىنىي فېئوداللىق ھاكىمىيىتىنى قۇرۇپ چىقتى. تاكى 1695 ـ يىلى ئافاق خوجا كېسەل بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر، بۇ تارماق تەرىقەتنىڭ تەسىر كۈچى گۈللىنىش باسقۇچىغا بېرىپ يەتتى.

ئافاق خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرقى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى تايانچ دەپ بىلىدىغان ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، ھەر قايسى نەسەبتىكى خوجىلارنىڭ تەسىر كۈچى ۋە يەرلىك فېئوداللار ئاساسلىقى سىياسىي ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئاقىۋەتتە ئىككى مەزھەپنىڭ

① ما تۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 63 ـ بەت.

② ما تۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى»، 66 ـ بەت.

بۆلۈپ تىزگىنلەش (1696~1713) ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى. بۇ خىل بۆلۈنۈپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شىمالدىكى قىسىملارغا تاپشۇرۇلىدىغان سېلىقنى ئۈزۈپ قويغاچقا، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتتى. 1713 ـ يىلى جۇڭغار قىسىملىرى قايتىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بېسىپ كىرىپ، ئىككى جەمەتتىكى خوجىلارنى ئىلىغا نەزەربەنت قىلدى. لېكىن، جەنۇبىي شىنجاڭدا «كىشىلەر قايتىدىن سەردار تىكلەپ، ئىككى خوجا دەپ ئاتىدى»، ئەمەلىيەتتە بۇلار جۇڭغار مەنسەپدارلىرىنىڭ بىۋاستە كونتروللۇقى ئاستىدىكى قورچاق ھاكىمىيەت ئىدى. ئىككى خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ 2 ـ ئوغلى دوست خوجا جەمەتىنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدۇر. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، دوست خوجا ئەسلىدە دىنىي ھوقۇقنىڭ ھەقىقىي مىراسخورى بولۇپ، كېيىنچە ئاكا ـ ئۇكىلىرىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەچكە، خەلىپىلىك مەرتىۋىسى نامدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالغان. كېيىنچە، ئۇنىڭ ھەر قايسى ئەۋلادلىرىدىن جەمەتلەر يەككە تارقالغان بولغاچقا، شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى ئىلگىرىكى ئىككى تارماقتىكىلەرگە قارىغاندا كېيىنرەك بولغان. ئىككى خوجا يەنە ئوش خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە «بۇرھانىدىن خوجا» دېگەن ناممۇ بار بولۇپ، سىياسىي كۈرەشلەر جەريانىدا ئىلگىرىكى ئىككى تارماقتىن چىقىپ كەتكەن ۋە تەرىقەت ئىستىقامەتلىرىدە روشەن بولغان ئەھلى رىيازەتلىك ئالاھىدىلىكى بولغاچقا، داۋانىيە سۇلۇكى دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا قادىرىيەنىڭ ئىستىقامەت شەكلىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. ئىككى خوجىدىن ئىبارەت بۇ تارماقنىڭ تەسىر كۈچى بەكلا ئاجىز بولۇپ، ئۇلار مۇقىم ھالەتتىكى ئالۋان ـ ياساقلارغا كاپالەتلىك قىلالمىغاچقا، 1720 ـ يىلى جۇڭغار قىسىملىرى تەرىپىدىن ئىمتىيازى بىكار قىلىنىپ، ھوقۇقى ئىسھاقىيە گۇرۇھىدىكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ جەمەتتىكى خوجىلار جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى 35 يىلغا يېقىن (1720~1755) چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى، دىنىي فېئوداللارنىڭ ئاساسلىق مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان سىياسىي قورال ۋە دىنىي تايانچقا ئايلانغانىدى. چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن چاغدا (1722~1759)، ئىسھاقىيە خوجىلار جەمەتىدىكىلەر بۇرھانىدىن باشچىلىقىدىكى ئىشقىيە گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ قىرغىن قىلىشىغا ئۇچراپ، ھايات قالغانلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەرغىلانغا بېرىپ پاناھلاندى. ئىككى خوجا چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىغا قارشى تۇرغاچقا، بۇرھانىدىنىنىڭ ئىنىسى خوجا جاھان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چوڭ ـ كىچىك خوجىلار ئۇرۇشتا ھالاك بولۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇرھانىدىنىنىڭ كەنجى ئوغلى ئابدۇخالىق بېيجىڭدا تۇرغاق قىلىنغاچقا، چوڭ ئوغلى سامساق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقەنت خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن. ئافاق خوجىنىڭ ئىنىسى كارامەت خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى چىڭ سۇلالىسىغا ئەل بولغاندىن كېيىن، ئىززەت ـ ئىكراملارغا نائىل بولغان. ئىككى خوجىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراخمانمۇ توپىلاڭچى قوشۇن تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغاندا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن بېيجىڭغا ئاپىرىلىپ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىدىكىلەرنىڭ ئېتىبارىغا مۇيەسسەر بولغان.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئىككى جەمەتتىكىلەرنىڭ كۈرىشى توختاپ قالماستىن زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، ھەر قايسى قاتلام ۋە ھەر قايسى مىللەتلەرگە كېڭىيىپ، «قارا تەقىيەلىكلەر»، «ئاق تەقىيەلىكلەر»، «قارا تۇغلۇقلار»، «ئاق تۇغلۇقلار»، «قارا تاللىقلار»، «ئاق تاللىقلار» قاتارلىق نامالارنى شەكىللەندۈرگەن. ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرى ئەتىۋارلايدىغان قىرغىزلارنىڭ ئولتۇرۇشلۇق رايونلىرىغا ئاساسەن، ئۆزلىرىنى «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» دەپ ئاتاشقان. ئاق تاغلىق (ئافاق خوجا نەسەبىدىكىلەر) خوجىلار ئۆز تەسىر كۈچى بىلەن جاھىللارچە دىنىي ھوقۇقچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك مەيدانىنى ساقلاپ، قوقەنتنىڭ دىنىي ۋە ھەربىي كۈچىنىڭ ياردىمى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جاھانگىر توپىلىڭى (1820~1828)، كۆرۈنۈشتە يۈسۈپ باشچىلىق قىلغان قوقەنت تاجاۋۇزچىلىقى (1830)، يەتتە خوجا توپىلىڭى (1847)، ۋەلىخان تۆرە توپىلىڭى (1852~1857)، بۇزرۇك خوجا دەۋەتچىلىكىدىكى ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىقى (1865) قاتارلىقلارنى قوزغىشى ئۈزلۈكسىز ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىيەت قالايمىقانچىلىقى ۋە ئىقتىسادىي بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىپ، خەلقنى زور كۈلپەتكە

دۇچار قىلدى. ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۆرتكىسىدە، قارا تاغلىقلار بىلەن باشقا دىنىي مۆتىۋەر زاتلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى بىلەن ھەمكارلىشىپ توپىلاڭنى تىنچىتىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتە يەنىلا ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە پايدا ئېلىپ كەلدى.

## 4

16 ـ ئەسىردە مەخدۇم ئەزەم قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭغا كىرگەندىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ئاساسلىقى ئىشانلار، جۈملىدىن سوپىلار تەرىقىتىنىڭ تارقىلىش تارىخى بولۇپ قالغان. «ئىشان» پارسچە 3 ـ شەخس كىشىلىك ئالماش، يەنى «ئۇلار» دېگەن سۆز بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سوپىلار تەرىقىتى يولباشچىسىنىڭ ھۆرمەت نامىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ يولباشچىسىمۇ ئىزچىل ھالدا ئىشان دەپ ئاتالغان، شۇنداقلا بۇ تەرىقەت 15 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن بولۇپ، بارلىق جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە شىنجاڭغا كىرگەن سوپىلار تەرىقىتى پىرلىرىنىڭمۇ ئىشان دەپ نامى بولغان. كېيىنچە ئاق تاغلىقلار ياكى قارا تاغلىقلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يولباشچىلىرى ئىشان دەپ ئاتىلىپ، شىنجاڭدىكى باشقا سوپىلار تەرىقىتىنىڭ يولباشچىلىرىمۇ ئىشان دەپ ئاتالغان. ئىشان — سوپىلارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرىراق پىرلىرى ياكى تارماق سۇلۇكلەرنىڭ تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، شىنجاڭدىكى سوپىلار كۆپىنچە ئىشانلار دەپمۇ ئاتالغان. 17 ـ ئەسىرلەردە، شىنجاڭدىكى ئىشانلار تۆت سۇلۇك شەكىللەندۈرگەن. سۇلۇكنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى «يول» دېگەنلىك بولۇپ، سوپىلار تەرىقىتىنىڭ ئىستىقامەتلىرىدىكى مىستىتسىزملىق جەريانىدۇر. سوپىلار بىر مەنىۋى ئۇستاز، جۈملىدىن سۇلۇك يولباشچىلىرىنىڭ يېتەكلىشىدە، ئاللاغا يېقىنلىشىش يولىغا كىرىشكە باشلاپ بىر قاتار «داۋالغۇش» ۋە «روھىي ھالەت»لەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىلا، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى مۇكەممەل ۋە يۇقىرى دەرىجىگە يەتتىم دەپ ھېسابلايدۇ، شۇنداقلا ئاخىرىدا ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارالايدۇ. ئىستىقامەت ئۇسۇلى ۋە شەكلى جەھەتتە ھەر قايسى سۇلۇكلەردە ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. بۇلار سوپىلارنىڭ تەرىقەت تەلىماتلىرىدىكى كونكرېت ۋە ئەمەلىي كەچۈرمىشلەر جەريانىدا پەيدا بولغان پەرقلەر بولۇپ، شىنجاڭدىكى سىياسىي ـ دىنىي كۈرەشلەر جەريانىدا «مەزھەپلەر»دە يەنىلا ئۆزگىچىلىكلەر (ئورتۇدوكساللىق)نىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشى بىلەن، سوپىلار تەرىقىتى تارماقلىرىنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى بولۇپ قالغان. تۆت سۇلۇكنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە: ئىنەكىيە ئاساسلىقى تەرىقەتنىڭ خاتىرە كۈنلىرى ياكى پۈتۈشكەن چاغلىرىدا، «مۇرىتلار كېچىدە ئىبادەت سورۇنلىرى (ئادەتتە سوپى، خەلپەلەرنىڭ ئۆيىدە)غا يىغىلىپ، ئاۋازىنى چىقارماستىن دىمىقىدا كەلىمە سانا ئوقۇپ، ئەھد ئەل فەجر (تاڭ سەھەر)گە قەدەر ئىبادەت ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئىسھاقىيە ئاساسلىقى «سوپىلار كۈندۈزى ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇرۇپ ‹قۇرئان› ئوقۇيدۇ، ئاندىن مۇناجات ئوقۇيدۇ، شۇنىڭغا ئۇلاپ ساماغا چۈشۈپ، ئاي ـ ھاي... دەپ يىغلاپ، ئۆتكەن مازايى ـ ماشايىقلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ»①. داۋانىيە ئاساسلىقى «ھەر جۈمە كۈنى كېچىدە بۈيۈك مازايى ـ ماشايىقلارغا يىغىلىپ، تاكى ئەتىسى سۈبھىگىچە توختىماستىن ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئىبادەت ۋە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدۇ. ئىسكىيە «مۇرىت قوبۇل قىلغاندا، ئاۋۋال قول بەرگۈچىلەرگە تۆۋەنامە يازدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ شەرتسىز ئۆزلىرىگە بويسۇنۇشىنى، ھەر ۋاقىت پىر ـ ئۇستازلارنى ئويلاپ تۇرۇش تەرىقەت يولى دېگەن قائىدىنى ئۆگىتىدۇ. تەرىقەت ئەقىدىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ياخشىراق ئىبادەت قىلغانلارنى ئۆزلىرىگە ئىزباسار قىلىپ ئۆستۈرۈپ، جايلاردا مۇرىت توپلاپ، تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قايتۇرىدۇ»②.

---

① ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1983 ـ يىللىق 7 ـ سان.

② ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»؛ ما تۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى»دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 25 ـ بەت.

بۇ سۇلۇكلەرنىڭ ھەممىسى نەقشبەندىيە تەرىقىتىدىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق تەرىقەتلەر بولۇپ، ئىستىقامەت شەكلى ۋە مۇراسىم ئالاھىدىلىكلىرىدە پەرق بولۇپلا قالماستىن، پرىنسىپلىرىدىمۇ ئىختىلاپ مەۋجۇت. ھەر قايسى سۇلۇكلەر ئارىسىدا، ھەتتا نەقشبەندىيە تەرىقىتى بىلەن باشقا تەرىقەتلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، سىغىشىش خاھىشى بار بولۇپ، زادىلا چىقىشالمايدىغان ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ پەقەت قۇرئاننى تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇش ياكى يۇقىرى ئاۋازدا ئوقۇشتىن ئىبارەت ئوخشىماسلىقى، ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوقۇق تالىشىشى تۈپەيلىدىن، ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدىغان دىنىي ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. خوجىلار جەمەتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ سىياسىي كۈرەشلىرىمۇ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىپ، ئىككى مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئادەتتىكى ناملىرى ۋە سۇلۇك ناملىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا قىممىتىنى يوقىتىپ، جەھرىيە، قادىرىيە، خۇفىيە قاتارلىقلارنىڭ دىنىي مۇراسىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بەلگە ناملىرىغا ئورۇن بوشاتقان. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھىندىستان نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەيخى ئەھمەد سىرھىندى (1564~1642) جەمەتىدىن بولغان ئىشان غالى ئاخۇن (تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇب ئەلفىل ئوسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد غالى ئاخۇن شەيخ رەخمىتۇل ئەلى) شىنجاڭغا كىرىپ، ئاقسۇدا ئايكۆل خانىقاسىنى سالغان. كېيىنچە، شەيخ ئەۋلىيا دېگەن كىشى بەدەخشان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىپ، يەكەن خانىقاسىنى سالغان. 19 ـ ئەسىرلەردە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فەرغانە، نەمەنگان ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئابدۇراخمان، مىيانى مەھمۇدخان، قايانى ناسىرخان ۋە قەمىرخان قاتارلىق ئىشانلار ئۆزلىرىنى ئىمام رەببانىنىڭ ئەۋلادى دېيىشىپ، قاغىلىق، يەكەن قاتارلىق جايلاردا ئىمام رەببانىنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنى تارقىتىپ، ئىشانلار پائالىيەتلىرىنى يولغا قويغان»①. سىرھىندى جەنۇبىي ئاسىيا 2 ـ چوڭ قۇرۇلۇقىدا موغۇل پادىشاھى ئەكبەرنىڭ ئېتىقادنى كېلىشتۈرۈش ئىدىيەسىگە قارشى تۇرۇشقا باشچىلىق قىلىپ، سوپىلارنىڭ سەۋدايىلىق بىلەن ۋاپات بولۇشى ۋە پان ئىلاھچىلىق خاھىشىنى تەنقىدلەپ، چىن ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىشنى ۋە مۇستەقىللىقنى قەتئىي قوغدىغاچقا، «مۇجەددىدى ئەلف سانى» (2 ـ ئىرانىڭ ئىسلاھاتچىسى) ۋە «بۇ قۇرۇقلۇقنىڭ مەنىۋى ھامىيسى» دەپ تەرىپلەنگەن. جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلار ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئىمام رەببانى (ۋەھىيگە مۇيەسسەر بولغان ئىمام) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ ئىسلاھ قىلغان تەرىقەت تەلىماتلىرى ۋە سوپىلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەۋقەسى ئاق تاغلىقلارنىڭ كۆپ قېتىملىق تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، ئابرويى يەر بىلەن يەكسان بولغان شارائىتتىمۇ شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن ھەمدە غەربىي شىمالدىكى بەزى رايونلارغىمۇ تارقالغان.

شىنجاڭدىكى ئىشانلار سوپىلار تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىرگەندىن كېيىنكى نام بولۇپ، كۆنىمىزدىكى شىنجاڭ سوپىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەرىقەت يولباشچىلىرىنى پىرىم دەپ ئاتايدۇ، لېكىن باشقىلار يەنىلا ئىشان دەپ ئاتىشىدۇ. ئىشانلارنىڭ ھەر قايسى سۇلۇكلىرىنىڭ ھەممىسى نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تارماق سۇلۇكلىرىدىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى ئىشانلار ــ بىر تەرەپتىن، تەرىقەت مۇراسىملىرىدا مۆتىدىل، ئاددىي ـ ساددا ۋە كەڭ قورساق بولۇش خاھىشىغا ئىگە بولۇپ، باشقا تەرىقەتلەرنىڭ مۇراسىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ھەر قايسى سۇلۇكلەرنىڭ خىلمۇخىل يۆنىلىشلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، يېڭىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ئىسھاقىيەنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىشقىيە قاتارلىقلارغىمۇ بىر قاتار ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەرنى قوشتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۇزاق مەزگىللىك سىياسىي مالىمانچىلىقى ۋە بۆلۈنمە ھالىتى، سوپىلار رەھبەرلىرىنىڭ دائىم سىياسىي قايناملارغا شۇڭغۇپ كىرىشى نەتىجىسىدە، نەقشبەندىيە تەرىقىتى سىياسىي ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى

---

① ھاجى نۇرھاجى: «ئىسلام دىنىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق (سوپىزم) نىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا»؛ ما تۇڭ: «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى مەزھەپلىرىنىڭ مەنبەسى»دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 25 ـ بەت.

شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزلىرىنى ھەر قايسى ئىشانلار، يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنىۋى ئۇستازى ھېسابلاپ، ھوقۇق كۈرەشلىرىگە كىرىشىپ دىنىي تەسىرىنى كېڭەيتىشكە بېرىلدى. «كاشغەر خوجىلار جەمەتى»دىكى ھەر قايسى نەسەبلەر دىنىي ھوقۇق تالىشىشنى ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى كونترول قىلىشقا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئاخىرى يەكەن خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغار قىسمىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە سىياسىي ـ دىنىي ھوقۇققا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا سەۋەبچى بولدى. ئىشانلار گۈللەنگەن مەزگىلدە ھەر قايسى تارماقلار كۈچلۈك سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان بۇ بىر قىسىم ئىشانلار ئەڭ ئاخىرىدا خەلقنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىدى.

شىنجاڭ ئىشانلىرىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سىڭىپ كىرىشىدە، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردىكى تەرىقەت نەسەبدىكىلەر تارقىلىش مەنبەسى بولغان بولۇپ، تۆت تەرىقەت ئىچىدىكى ئۈچ چوڭ تەرىقەت بىلەن ھەر قايسى سۇلۇكلەر ئوتتۇرىسىدا نەسەبكە ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. خۇفىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ مۇفتى، بىجياچاڭ، شيەنمېن قاتارلىق مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەزھەپلىرىنى بىۋاستە ئافاق خوجا تەرىپىدىن تارقىتىلغان دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ. خۇاسى مەزھىپىدىكى ما لەيچى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئافاق خوجىنىڭ دۇئاسى بىلەن تۇغۇلغان پەرزەنتى تايبابا باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئافاق خوجىدىن تەرىقەت ئۆگەنگەن، ھەتتا ئۇ «كىيىم كىيىش»كە قەدەر ئۆگىنىپ، ئون يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغان ۋە ياقا يۇرتلاردا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئاساسلىقى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ خۇفىيە مەزھىپىنى ئۆگەنگەن. كېيىنچە قۇرۇلغان بېيجۇاڭ، دىڭمېن، خۇڭمېن قاتارلىق مەزھەپلەرمۇ شىنجاڭ ئىشانلىرى ئىچىدىكى ئىمام رەببانى قان سىستېمىسىدىكىلەر تەرىپىدىن تارقىتىلغان. جەھرىيەنىڭ قۇرغۇچىسى ما مىڭشىن «ئۆزىگە قايتىپ سىرت بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەن» ۋە «يېڭى دىن قۇرۇشقا باشلامچىلىق قىلغان». جەھرىيەنىڭ نىسبەھ (شەجەرە) سى ۋە ئىستىقامەت شەكلىگە ئاساسلانساق، ما مىڭشىن يەمەنگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ھەج قىلىش سەپىرىدە بۇخارا، يەكەن، كاشغەر قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، تەرىقەت دەپ ئاتىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسھاقىيە، يەنى قارا تاغلىق ئىشانلار تەرىپىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلگەن. قادىرىيە مەزھىپىگە مەنسۇپ شياڭ يۈەنتاڭنى ئىككى خوجىنىڭ نەۋرىسى ئابدۇراخمان بېيجىڭغا ئاپىرىلىش يولىدا لەنجۇنىڭ گاۋلەن ناھىيەسىدىكى گۇندىپاي خەي كوغا ئۆگەتكەن. لىڭ مىڭتاڭ مەزھىپىمۇ شىنجاڭدىكى داشياڭ (مۇشۇ مەزھەپ مۆتىۋەرلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى بولۇپ، پىرىم بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى نامدۇر) بابا ھەبىبۇللا تارقاتقان قادىرىيەنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، نەسەبى ۋە دىن تارقىتىش ئىسپاتلىرىنىڭ ھەممىسى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە مەنسۇپتۇر. بۇنىڭدىن شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدىكى ئىشانلارغا تارقالغىنى يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇش ۋە ئىستىقامەت شەكلى بولۇپلا قالماستىن، يەنە تۈزۈملەشكەن تەشكىلىي شەكىل ۋە پىرىم ئىلاھلاشقان تەرىقەت يولباشچىلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلار تەرىقەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سوپىلار تەرىقىتىنىڭ تارماق تەرىقەتلىرىدىمۇ بىرقاتار جۇڭگولىشىش ۋە مىللىيلىشىشتەك ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، ئىشانلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

(«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن ئېلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەتئېلى ئەنۋەر

تەرجىمە مۇھەررىرى: مۇھەممەدجان مۆمىن

# ئىسلامىي نۇقتىدىن ھىزبۇت تەھرىرگە نەزەر

ئەخمەتجان ھەسەن

مۇھىم مەزمۇنى: ھىزبۇت تەھرىر ــ ئىسلامنى يېپىنچا قىلىپ دىنىي ئەسەبىيلىكنى ئۆزىگە مەنىۋى قورال قىلغان، ئىسلامنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا، تەشكىلىي ئاپپاراتلاشتۇرۇشقا، دىنىي ئەقىدىلەرنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقان، زوراۋانلىق، تېرورلۇقنى مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى بىردىنبىر تاللىشى قىلغان دىنىي ئەسەبىي تەشكىلاتتۇر. مەزكۇر ماقالىدە ئىسلامىي مەنبەلەر ئارقىلىق ھىزبۇت تەھرىرنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىلدۇ ھەم ئۇنىڭ ماھىيىتى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ئىسلام دىنى؛ ھىزبۇت تەھرىر

ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئېيتقان بەزى سۆزلىرى ۋە چىقارغان پەتىۋالىرى مۇسۇلمان دۇنياسىدىكى بارچە ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ تەنقىتىگە ئۇچراپ كەلگەن. بۇنىڭ ئاددىي مىسالى شۇكى، دۆلەت ھالقىغان خەلقئارالىق دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات ــ ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچىسى تەقىيۇددىن نەبھانىي (1909~1979)نى ناھايىتى ماختاپ كۆكتە ئۇچۇرۇپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئۇلار: «نەبھانىينىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپلا ئىمانىمىز كامىل بولدى»① دېيىشكەن. ئەگەر نەبھانىينىڭ كىتابىنى ئوقۇپلا ئىمان كامىل بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىسلامنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر سۈننەتلىرىنىڭ توپلانمىسى بولغان سەھىھ ھەدىسلەرنى ئوقۇغان كىشىنىڭ ئىمانى نېمە بولىدۇ؟ نەبھانىينىڭ كىتابى ئاۋۋال ۋە ئەۋزەلمۇ ياكى «قۇرئان» ۋە ھەدىس شەرىفمۇ؟ نەبھانىيدىن بۇرۇن ئۆتكەن مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن مۇجتەھىد ئالىم ـ ئۆلىمالار كىم، نەبھانىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى كىم؟ دېگەن سوئالنى چۆرىدەپ، ئالىم ـ ئۆلىمالار ۋە تەتقىقاتچىلار نەبھانىي ۋە ئۇ بازارغا سالغان سەپسەتىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى خەلق ـ ئالەمگە ئاشكارىلاپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىغان.

يۇقىرىقى سۆزدىن تەقىيۇددىن نەبھانىينىڭ كىتابىنى ئوقۇمىغان، ئۇنىڭغا ئەگەشمىگەن ئادەمنىڭ ئىمانى پۈتۈن، مۇكەممەل بولامدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. تەقىيۇددىن نەبھانىي مىلادىيە 1909 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە ياشىغان ئادەم، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 610 ـ يىلىدىن باشلاپ دىنىي دەۋەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئەڭ تولۇق ئادا قىلغان مەشھۇر شەخس. ئۇنداق بولسا، ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن 7 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن تاكى ھىزبۇت تەھرىرنىڭ سەپسەتىلىرى باش كۆتۈرۈپ چىققان 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ياشىغان تامام مۇسۇلمانلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر، تابىئىنلەر، مۇفەسسىرلەر، مۇھەددىسلەر ۋە مەزھەپ بېشى بولغان فىقھشۇناس مۇجتەھىد ئالىم ـ ئۆلىمالار باشلىق بارلىق مۇسۇلمانلار)نىڭ ئىمانى كەمتۈكمىدۇ؟ بىرىنچىدە، ھىزبۇتچىلار ناھايىتى چوڭ خاتالىققا يول قويغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ خاتا پىكرىگە ئېسىلۋېلىپ بارلىق ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان. ھىزبۇت تەھرىر سەپسەتىلىرىنى بازارغا سالغۇچىلار قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغۇچى بۆرىلەر بولۇپ، ئىسلامىي تونغا ئورۇنۇۋېلىپ، ئىسلامىي ئەقىدە ـ ئەھكاملارنى ۋە ھەقىقەتنى ئىنكار قىلماقتا. تۆۋەندە، بىز ئەنە شۇ قوي تېرىسىگە ئورۇنۇۋالغۇچى بۆرىلەرنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دەلىل ـ پاكىتلار بىلەن ئېچىپ بەرمەكچى.

① «ھىدايەت» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە) 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان.

## 1. ھىزبۇت تەھرىر توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

ھىزبۇت تەھرىر ــ تەلۋىلىك ۋە ئەسەبىيلىكتە چېكىگە يەتكەن دىنىي گۇرۇھ بىلەن بىللە قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، پارتلىتىش، تۇتقۇن قىلىش ۋە بۇلاڭچىلىق قاتارلىق تېررورلۇق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دۆلەت ھالقىغان دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلىي كېلىش مەنبەسى دۆلەت ھالقىغان دىنىي سىياسىي تەشكىلات ــ مىسىر مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىدى. بۇ تەشكىلاتنى ھەسەن بەننا 1928 ـ يىلى قۇرغان①. ئۇنىڭ ئاداققى نىشانى ـ «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» ئاساسىدا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەزەلىي ئەقىدىسى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رولىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، خەلىپىلىك تۈزۈمىنى قايتا ئورنىتىپ، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام ئەللىرى بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىدى②. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى بىرقىسىم ئىسلام ئەللىرىدە راۋاجلىنىپ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلار قۇرۇلدى؛ ئۇلار ئارىسىدىكى بىرقىسىم سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتپەرەسلەر، تەمەخورلار ۋە قارانىيەتلەر 20 ـ ئەسىرنىڭ 50~60 ـ يىللىرىدىن كېيىن قۇرۇلغان خىلمۇخىل گۇرۇھلاردا مۇھىم روللارنى ئويناپ، ئاشۇ گۇرۇھلارنىڭ ئاتامانلىرى ياكى تايانچلىرىغا ئايلاندى. بىز تىلغا ئېلىۋاتقان ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئاساسچىسى تەقىيۇددىن نەبھانى دەل شۇلار جۈملىسىدىن ئىدى.

تەقىيۇددىن نەبھانى پەلەستىننىڭ شىمالىي رايونىغا تەۋە ھەيفەنىڭ ئىجزىم يېزىسىدا تۇغۇلغان. دەسلەپكى تەلىمنى ئۆز يېزىسىدا ئالغان. 1928 ـ يىلى قاھىرەگە بېرىپ ئوقۇغان. كېيىن ۋەتىنىگە قايتىپ پەلەستىننىڭ بىرقانچە شەھىرىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1948 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋەتىنى پەلەستىننى تەرك ئېتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بېيرۇتقا كەتكەن. ئاشۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مىسىر، سۇرىيە، ئىئوردانىيە ۋە ئىراق قاتارلىق ئەللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەرەب تەرەپ مەغلۇب بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسرائىلىيە پەلەستىننىڭ %80 زېمىنىنى ئىشغال قىلىپ، 725 مىڭ پەلەستىنلىكنى يۇرت ـ ماكانىدىن قوغلاپ چىقارغان. بۇنىڭ بىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەلەستىن دۆلىتىنى قۇرۇش تەشەببۇسى كۆپۈككە ئايلانغان③. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، تەقىيۇددىن نەبھانى بەيتۇل مۇقەددەستىكى شەرئىي ئىستىناف مەھكىمىسىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغان. كېيىن ئوممانىدىكى ئىسلام دىنى مەكتىپىدە مۇدەررىس بولۇپ ئىشلىگەن. 1952 ـ يىلى ئۇ دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات ھىزبۇت تەھرىرنى قۇرغاندىن باشقا، كىتاب ۋە باشقا نەشر بۇيۇملىرىنى چىقىرىش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان. بۇ نەشر بۇيۇملىرى ھىزبۇت تەھرىرنىڭ باش ئىدىيەۋى مەنبەسى بولغان. ئۇ كېيىن ئۆز ۋاپاتىغا قەدەر ئىئوردانىيە، سۇرىيە ۋە لىۋان ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈرۈپ، بېيرۇتتا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھىزبۇت تەھرىرنىڭ قۇرغۇچىسى تەقىيۇددىن نەبھانىينىڭ ھاياتى ئاددىي بىر ئىنسانىنىڭ ھاياتىغا ئوخشاش ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ پەقەت ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئىدىيەۋى تەلىماتىغا ئائىت بىر نەچچە كىتابنى يازغان، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، مەھكىمىنىڭ ئاددىي خىزمەتكارى بولغان، خالاس. ئۇنىڭ ئالاھىدە كۆزگە چېلىققۇدەك بىرەر نەرسىسى يوق، يەنى ئۇ ئىسلامىي ئىلىملەر بويىچە كاتتا ئالىممۇ ئەمەس، بىرەر ئىلمىي تەتقىقات ئورنىغىمۇ ئەزا بولمىغان ياكى كاتتا ئالىم سۈپىتىدە بىرەر تەرەپتىن ئېتىراپمۇ قىلىنمىغان. نەبھانىينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەزكۇر تەشكىلاتقا باش بولغان پەلەستىنلىك ئابدۇلقەييۇم زەللۇم ياكى ھىزبۇت تەھرىرنىڭ لىۋان شۆبىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئەل فەخرىددىن، تەلال ئەل بەسسات، مۇستافا سالىھ، مۇستافا ئەل نەھھاس، مەنسۇر ھەيدەر قاتارلىقلار ۋە ياكى ئىئوردانىيە شۆبىسىنىڭ باشلىقى ئەھمەد داغۇر ياكى مىسىر شۆبىسىنىڭ باشلىقى ئىنجىنىر ئابدۇراھمان جابىر سۇلايمان، سالاھىددىن مۇھەممەد

---

① روھنى يېڭىلاش ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش مەقسىتىدىكى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ كۈچ تەسىرىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن مىسىر ھۆكۈمرانلار سىنىپى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىغا قارشى چىقتى. بۇنىڭ بىلەن 1948 ـ يىلى مىسىرنىڭ باش ۋەزىرى مەزكۇر ئۇيۇشمىنى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ھەسەن بەننا شۇ يىلى 12 ـ ئايدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

② جىن يىجيۇ: «دەۋرىمىزدىكى ئىسلامىيەت مەسىلىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 ـ يىلى نەشرى، 16 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 22 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ھەسەنلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھەقىقىي ئىسلامىي ئالىم-ئۆلىما ئەمەس ياكى شەرئىي ئىلىم ساھىبلىرى ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئاساسچىلىرى ياكى ئەگەشكۈچىلىرى بولسۇن، شەرئىي مەسىلىلەردە ناھايىتى كۆپ خاتالىقلارغا يول قويغان ۋە شۇ خاتالىقلارغا ئەگەشكەن.

## 2. ھىزبۇت تەھرىرنىڭ سەپسەتىلىرىگە ئىسلامىي نۇقتىدىن رەددىيە

بىلىشىمىزچە، ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئىسلام ئەقىدە-ئەھكاملىرى بىلەن ناتونۇش بولسا كېرەك. ئەگەر، بىرئاز تونۇشلۇقى بولغان بولسا، ئۇلار تەقىيۇددىن نەبھانىي ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرى ھەققىدىكى ئاشۇرۇۋېتىلگەن، كۆپتۈرۈلگەن ماختاش سۆزلىرىنى ئويلىنىپ قىلاتتى. ھىزبۇت تەھرىرنىڭ «ھىزبۇت تەھرىردىن باشقا ھېچكىم ئىسلامنى توغرا چۈشەنمەيدۇ»، «ھېچكىم دىن ئۈچۈن بىزدەك قايغۇرمايدۇ»① دېگەندەك بىرقاتار سۆزلىرىنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ھەممە ياخشى بىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىشىلەرنى خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»② دېيىلگەن. ئەمما، ھىزبۇتچىلار نومۇس قىلماستىن، ئاشۇ جامائە بىزدۇرمىز، دەيدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى غول ئېقىمغا ۋەكىللىك قىلغۇچى ئالىملار بولسا «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەن جامائەنىڭ ساھابىلەر، مۇجاھىدلار ۋە ئالىملار ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىكەنلىكىنى دەلىل پاكىت بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. ھىزبۇتچىلار يەنە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹يەھۇدىيلار يەتمىش بىر پىرقىگە، نەسارالار يەتمىش ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى، مېنىڭ ئۈممىتىم بولسا يەتمىش ئۈچ پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، ئۇلارنىڭ يەتمىش ئىككىسى دوزاختا، بىرسىلا جەننەتتە› دېگەن، ئاشۇ جەننەتكە كىرىدىغان جامائە بىزدۇرمىز»③ دەيدۇ.

ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ ھىزبۇت تەھرىرگە ئەزا بولمىغان بارلىق مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى ئايەت- ھەدىستە سۆزلەنگەنلەردىنمۇ؟ ھىزبۇت تەھرىرگە ئەزا بولمىغانلارنىڭ ھەممىسى دوزاخقا چۈشەمدۇ؟ ياق، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئايەت، ھەدىس ھەم ئۇلارنىڭ مەنىسىدىكى بارچە شەرئىي مەتىنلەردە زىكىر قىلىنغان جامائەنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەل جامائە ئىكەنلىكىنى ئاددىي مۇسۇلمانلارمۇ ياخشى بىلىدۇ.

## 3. ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئېتىقادى

ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئەسلىي غايىسى ــ ئاۋۋال ئەرەب، كېيىن غەيرىي ئەرەب ئىسلام زېمىنلىرىدا ئىسلام خەلىپىلىكىنى بەرپا قىلىپ، ئىسلام ئۈممەتلىرى ئارقىلىق ئىسلامىي دەۋەتنى غەيرىي ئىسلام زېمىنلىرىدا ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت④. قارايدىغان بولساق، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ غايىسى پۈتۈنلەي ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن. يەنى ھىزبۇت تەھرىرنىڭ «ئاۋۋال ئەرەب، كېيىن غەيرىي ئەرەب زېمىنلىرىدا ئىسلام خەلىپىلىكى بەرپا قىلىش» ئارزۇسى ئەرەب زېمىنىدا، يەنى ئىئوردانىيە، سۈرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىدا، ھەتتا ئۆزى بارلىققا كەلگەن يەر ــ پەلەستىندىمۇ ئىشقا ئاشمىدى. ئەرەب زېمىنىغا تەۋە بىرەر غېرىچ يەردىمۇ خەلىپىلىكنى ئورنىتالمىدى. چۈنكى، ھىزبۇت تەھرىرنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر تەشكىلات شۇ دۆلەتلەرنىڭ قەتئىي چەكلىشىگە، زەربە بېرىشىگە ۋە باستۇرۇشىغا ئۇچراپ كەلدى. ئاقىۋەت، ئەرەب زېمىنلىرىدا بازار تاپالمىغان ھىزبۇت تەھرىر باشقا دۆلەت ۋە رايونلارغا ئېقىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇ يەرلەردىمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ھىزبۇت تەھرىر دەسلەپ ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دۆلەتلەردىكى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، ئۆزى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 13 يىل مۇددەتنى ئاشۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋاقتى قىلىپ بېكىتكەن. كېيىن تۈرلۈك شارائىت ۋە توسالغۇلارنى ھېسابقا ئېلىپ، 13 يىللىق مۇددەتنى 30 يىلغا سۈرگەن.

---

① www. Dini. infowww. islom

② «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە ئال ئىمران» 104 ـ ئايەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

③ ۋاڭ خۇەيدې: «ئىسلام مەزھەپلىرى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ بەت.

④ «ھىدايەت» ژۇرنىلى (ئۆزبېكچە) 2012 ـ يىللىق 3 ـ سان.

ئەمما ئىككىلا مۇددەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرۈۋەرگەن①. بۇ، ئۆزىنى ھىزبۇت تەھرىر ئاساسچىلىرى دەپ ئاتىۋالغان «سىياسىي يانچۇقچى»لارنىڭ نە ۋەزىيەتتىن، نە سىياسىيدىن بىخەۋەر، دۆلەت ئېڭى يوق، تېزراق ھاكىمىيەت ئورنىغا چىقىشنىلا كۆزلىگەن قارانىيەتلەر ئىكەنلىكىنىڭ پولاتتەك دەلىلى. ئەگەر، ھىزبۇت تەھرىرنى قۇرغان ياكى شۇ تەشكىلاتقا باشچىلىق قىلىۋاتقان ئادەم ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ؟ بۇنى ھەممە ئادەم ئويلىشى كېرەك. ھازىر ئۇلارنىڭ «ئىسلام خەلىپىلىكى» قۇرۇشتەك خام خىيالى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپمۇ، ئۆزى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەت ۋە رايون خەلقلىرىگە ئېلىپ كېلىۋاتقان جەبر ـ جاپالىرى، بالايىئاپەتلىرى يېتىپ ئاشقىدەك بولۇۋاتىدىغۇ!

ھىزبۇت تەھرىر: «ئىنساندا روھىي خۇشاللىق ھەمدە جىسمانىي خاھىش مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى ئىنساندا ھاجەت ۋە موھتاجلىقلا بولۇپ، ئۇلارنى قاندۇرۇش زۆرۈر»② دەپ قارايدۇ. بۇنداق گەپلەرنى ئىنساننىڭ تەن ۋە روھتىن تەشكىل تاپقانلىقىغا ئىشىنىدىغان ھەرقانداق مۇسۇلمان دېمەيدۇ. چۈنكى، «قۇرئان كەرىم» دە: «ئۇ ھەممە نەرسىنى چىرايلىق ياراتتى، دەسلەپتە ئىنسان (ئادەم ئەلەيھىسسالام)نى لايدىن ياراتتى»③، «ئاندىن ئۇنى راۋۇرۇس قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆز ئىلكىدىكى روھنى كىرگۈزدى، يەنە سىلەر ئۈچۈن قۇلاقلارنى، كۆزلەرنى ۋە يۈرەكلەرنى ياراتتى...»④ دېيىلگەن. شۇنىڭغا بىنائەن، ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىنساننى تەن ۋە روھنىڭ بىرىكىشىدىن يارىتىلغان دەپ قارايدۇ.

ھىزبۇت تەھرىر قەبرە ئازابى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى ۋە دەججالنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلغان بولۇپ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىم بۇنىڭغا ئىشەنسە گۇناھكار بولىدۇ⑤. بۇ خىل قاراش ھىزبۇت تەھرىرنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ خەتەرلىك خاتالىقلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا قەبرە ئازابى، قىيامەت يېقىنلاشقاندا ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى ۋە دەججالنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە ئېنىق ئايەت ـ ھەدىسلەر بار. ئەھلى سۈننى ۋەل جامىئە مەزھىپىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. قەبرە ئازابى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە ئاللا ـ تائالانىڭ پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەددىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىنى قانداق جازالىغانلىقىغا ئائىت: «ئاللا ئۇنى پىرئەۋن جامىئەسىنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلىدى. پىرئەۋن جامىئەسىگە ئەڭ يامان ئازاب چۈشتى. ئۇلار ئەتىگىنى ـ ئاخشىمى دوزاخقا قاقلىنىپ تۇرىدۇ، قىيامەت قايىم بولغان كۈندە: ‹(ئى پەرىشتىلەر) پىرئەۋن جامىئەسىنى ئەڭ قاتتىق ئازاب (يەنى دوزاخ) قا كىرگۈزۈڭلار!› (دېيىلىدۇ)»⑥ دېگەن مەلۇمات بار. ئىسلام دۇنياسىدىكى كاتتا ئالىم ئىبنى كەسىر (تولۇق ئىسمى ئەبۇلفىدا ئىمادۇددىن ئىسمائىل ئىبنى ئۆمەر ئىبنى كەسىر قۇرەيشى) ئىسلام دۇنياسىدا ئەڭ نوپۇزلۇق ۋە مۆتىۋەر تەپسىر دەپ شۆھرەت قازانغان «قۇرئان كەرىم تەپسىرى» ناملىق ئالتە توملۇق تەپسىرىدە: «پىرئەۋن جامىئەسىگە چۈشۈرۈلگەن ئازاب ئۇلارنىڭ دېڭىزغا چۆكتۈرۈۋېتىلىشى، ئاندىن كېيىن دوزاخقا تاشلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. تاكى قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ جانلىرى ئەتىگەن ـ ئاخشىمى ئوتقا توغرىلىنىپ تۇرىدۇ. قىيامەت بولغاندا ئۇلارنىڭ جانلىرى بىلەن تەنلىرى دوزاختا جەم قىلىنىدۇ. سۈننىي ئەقىدىسىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ ئايەتنى قەبرە ئازابىنىڭ بولىدىغانلىقىغا دەلىل قىلدى»⑦ دەپ يازىدۇ.

قەبرە ئازابىنى كۆرسىتىدىغان ھەدىسلەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىگەن: «بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىمنى يېپىنغان، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ھالدا كەلدى ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: ‹قەبرە قاراڭغۇ كېچىنىڭ بىر پارچىسىغا ئوخشاشتۇر، ئى ئىنسانلار! ...

① www. Dini. infowww. islom

② يۇقىرىقى تور بېكىتى.

③ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە سەجدە» 7 ـ ئايەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

④ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە سەجدە» 9 ـ ئايەت.

⑤ www. Dini. infowww. islom

⑥ «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە غافىر» 45~46 ـ ئايەتلەر.

⑦ ئىبنى كەسىر: «قۇرئان كەرىم تەپسىرى».

ئاللاغا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، قەبرە ئازابى بەرھەقتۇر› دېدى»①.

قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ھەدىسلەر كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئىتى بويىچە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن چۈشىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئاللا بىلەن قەسەمكى، مەريەم ئوغلىنىڭ سىلەرگە ئادىل ھۆكۈمدار بولۇپ چۈشىدىغانلىقىغا ئازلا قالدى. ئۇ كرېستلارنى سۇندۇرىدۇ، چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ. مۇشرىكلاردىن خىراجنى بىكار قىلىدۇ (ئۇلاردىن پەقەت مۇسۇلمان بولۇشلا تەلەپ قىلىنىدۇ). (ئادالەت سەۋەبىدىن) ئىقتىساد ئاۋۇپ، ئادەملەر زاكات قوبۇل قىلماس بولىدۇ»②.

دەججالنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ زېمىندا تۇرۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «دەججال پەقەت مەككە ۋە مەدىنىدىن باشقا ھەممە جايغا ئاياغ باسىدۇ، چۈنكى ئۇ يەرنىڭ ھەر بىر كوچىلىرىنى پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ قوغدايدۇ. كېيىن مەدىنە ئۇ يەردىكى كىشىلەرنى ئۈچ قېتىم تەۋرىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللا بارلىق دىنسىز ۋە مۇناپىقلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ»③.

دەججال ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ جامائەتكە يۈزلىنىپ مەسىھ دەججال توغرىسىدا مۇنداق دېدى: ‹ئاللا يەكچەشمە ئەمەس، بەلكى مەن دەججال مەسىھنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ ئەما (قارىغۇ)لىقىنى، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئۈزۈم ئۈنچىلىرىدەك تومپىيىپ قالغانلىقىنى بىلىمەن› »④.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر پەيغەمبەرگە ئۆز قوۋمىنى يەكچەشمە دەججالنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قاتتىق پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدا ۋەھيي كەلگەن. بىلىڭلاركى، دەججالنىڭ بىر كۆزى يەكچەشمىدۇر. بىراق، سىلەرنىڭ ئىگەڭلار ئۇنداق ئەمەس، دەججالنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ‹كاپىر› دەپ يېزىلغان بولىدۇ»⑤.

يۇقىرىقى ئايەت ـ ھەدىسلەر قەبرە ئازابى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى ۋە دەججالنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئىسلامىي مەنبە بولۇپ، ئەھلى سۈننىي تۇپىدىكى بارچە مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. ئەمما، ھىزبۇت تەھرىرچىلەرنىڭ قەبرە ئازابى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاسماندىن چۈشىشى ۋە دەججالنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، «كىم بۇنىڭغا ئىشەنسە، گۇناھكار بولىدۇ» دېيىشى، ئىسلام ئەقىدىسىنى بۇرمىلاش، بۇزۇش ئۈچۈن قىلىنغان مەككارلارچە ھەرىكەتتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۇلارنىڭ دىنىي ئىلىملەردىن مۇتلەق بىخەۋەر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھىزبۇت تەھرىر رەھبەرلىرىنىڭ « ‹ئەمرى ـ مەرۇپ› (كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ھەققىدىكى ۋەز ـ تەبلىغ) ئېلىپ بارماسلىق كېرەك، بۇ ئىش ھازىرقى باسقۇچتا ئىشلىرىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئەمرى ـ مەرۇپ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ئىشى»⑥ دېيىشى شەرىئەتكە خىلاپ، مەنتىقسىز، ئەقىلسىزلىق بىلەن ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ئەقلى ھوشى جايىدا، دىنىدىن خەۋىرى بار ھەرقانداق مۇسۇلمان يۇقىرىقى سۆزنىڭ خاتالىقىنى، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ھېچقاچان، ھېچكىمگە، ھەرقانداق يەردە ئىشلىرىغا توسالغۇ بولمىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ھىزبۇت تەھرىر باشلىقلىرىنىڭ «ئەمرى ـ مەرۇپ قىلىش ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىشى» دېيىشىدىن، بۇ سۆزنىڭ

---

① [مىسىر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىپتىن ئۈنچە ـ مارجانلار — سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىم ھەدىس شەرىپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 137 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب، 33 ـ ، 34 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى كىتاب، 721 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب، 720 ـ بەت.

⑤ [مىسىر] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىپتىن ئۈنچە ـ مارجانلار — سەھىھۇلبۇخارى، سەھىھۇلمۇسلىم ھەدىس شەرىپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 720 ـ بەت.

⑥ «ھىدايەت» (ئۆزبېكچە) ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 4 ـ سان، 37 ـ بەت.

ھىزبۇتچىلارنىڭ ھاكىمىيەتنى تېزراق قولغا ئېلىش ئىشتىياقىدا ئېيتقان سۆزى ئىكەنلىكى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم. شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ھىزبۇت تەھرىرچىلەر ئەمرى- مەرۇپىنىڭ نېمىلىكىنى، ئۇ ھەقتە قانداق قىلىش، قانداق سۆزلەشنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېپىشۋالغان ھەتتا بەزىلىرى ئۇنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋېلىپ، «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغان «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان بىر جامىئە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»① دېگەن ئايەتتىكى ئاشۇ «جامىئە»نى بىز شۇ دەيدۇ.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ جامىئەنىڭ كۆپى ھىزبۇت تەھرىرنىڭ بۇرمىلانغان پىكىرلىرىنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپكە سېلىشتۇرۇپ كۆرەلمەيدىغان، دىنىي ئىلىملاردىن خەۋىرى يوق، شۇنىڭدەك ھىزبۇت تەھرىر تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى ۋە ئېنىق مەقستىنى بىلمەيدىغان ئاداشقان ياشلاردۇر. ئەمما، ئۇلار شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئالدانغانكى، ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت پىكىرلەرنى تارقىتىپ، ئۆزلىرىنى «ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئىي قىلىدىغان جامىئە» دەپ بىلىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، ھىزبۇت تەھرىر سىياسىي قارانىيتى ناھايىتى كۈچلۈك دىنىي ئەسەبىي تەشكىلات بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋاقتى ۋە زېھنىنى سىياسىي ساھەگە قاراتقانلىقى بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئىسلام دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئاساسلىق مەۋقەنى روھىي-مەنىۋى تەربىيەگە قاراتقان. شۇ ۋەجىدىن، 23 يىلدا تاماملانغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەسلەپ مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلىرى پۈتۈنلەي روھىي-مەنىۋى تەربىيەگە ئائىت بولۇپ، كېيىن مەدىنىدە نازىل بولغانلىرى شەرئىي ئەھكاملارنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئايەتلەر بولسىمۇ، بۇمۇ ئوخشاشلا مۇسۇلمانلارنى روھىي-مەنىۋى جەھەتتىن تەربىيەلەشنى ئاساس قىلغانىدى.

ھىزبۇت تەھرىر يەنە ئۆزىدىن باشقا بارچە مۇسۇلمانلار توپى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۆزگىلەرنىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان. يەنى باشقىلارنىڭ ۋاقتى، زېھنى، ھاياتى ۋە مال-مۈلكىگە ئېغىر زىيان سېلىپ، ئىختىلاپنى كۈچەيتكەن، مالىمانچىلىق پەيدا قىلغان. ئاددىي بىر مىسال، ھىزبۇت تەھرىرچىلەر «ئەقىدە مەسىلىسىدە ئەقىل ھەممىدىن ئەلا ۋە كۈچلۈك»② دەپ قارىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە 8-ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن مۇئتەزىلىلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما، ھىزبۇتچىلاردىن باشقا كەڭ مۇسۇلمانلار ئايەت، ھەدىسلەردە كەلگەن ئېنىق دەلىللەرنى ئەقىلدىن ئۈستۈن قويۇپ شۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ كەلگەن.

يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە ھىزبۇت تەھرىرنىڭ مەقسەتكە يېتىش يولىدا ئۆزىنى چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ قوينىغا ئېتىشى، ئۇلاردىن ياردەم سورىشى «ئۆزۈمنى يە، ساپىقىنى سورىما» دېگەنگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ — ھاكىمىيەتنى كىمنىڭ ياردىمىدە ئېلىشلىك، كىمگە خىزمەت قىلىشلىك مۇھىم ئەمەس دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بۇ يەنە ھىزبۇت تەھرىرنىڭ پۈتۈن ئەس ھوشىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دېمەك، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز ھىزبۇت تەھرىرنىڭ يېتەكچىلىرى ياكى ئەگەشكۈچىلىرى بولسۇن، ئومۇمەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز، بىلىمسىز، نادان، جاھىل، ساختىپەز، سىياسىي قارانىيەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** مۇھەممەدجان مۆمىن

① «قۇرئان كەرىم»، «سۈرە ئال ئىمران» 104-ئايەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2012-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

② «ھىدايەت» ژۇرنىلى 2011-يىللىق 4-سان، 37-بەت.

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىكى ئىمىلداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئابدۇقەييۇم مىجىت

**مۇھىم مەزمۇنى:** ئىمىلداشلىق ــ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن ئالاھىدە بىر خىل تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، بىر ئانىنى بىللە ئەمگەن بالىلار «ئىمىلداش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىمىلداشلىق ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ئىشلىرىدىكى جورا تاللاش دائىرىسىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدا مەلۇم روللارنى ئوينايدۇ. بۇ ماقالىدە ئىمىلداشلىقنىڭ شەكىللىنىشى، شەكىللىنىش سەۋەبى، رولى ۋە ئىجتىمائىي تەسىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر؛ تۇغقاندارچىلىق؛ ئىمىلداشلىق؛ ئىسلام دىنى

تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى ــ مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتىدىكى كىلاسسىك تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسانشۇناسلار مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شۇ جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا، ئىشنى ئالدى بىلەن تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىن باشلايدۇ. تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى كىشىلەرنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ بىر خىل ئۇزۇن مەزگىللىك تۈزۈم ئەنئەنىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بارلىق ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى ۋە مۇناسىۋىتى ئاساسىدا پەيدا بولغان تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىمۇ ھەرگىز ئاددىي پەخرىي نام ـ ئاتاقلار بولماستىن، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلاردۇر. بۇ مەجبۇرىيەتلەر يىغىندىسى بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ ماھىيەتلىك قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۇغقاندارچىلىق ــ مىللەتنىڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىدۇر. تۇغقاندارچىلىق سىستېمىسى ھەر خىل ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار سىستېمىسى ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە بەلگىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇشىغا ئۇچرىغان ھۆرمەتلەش ياكى ئامراقلىق، ھوقۇق ياكى مەجبۇرىيەت، دوستلۇق ياكى دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسى سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىنسانشۇناسلار، ھەر قانداق بىر خىل تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى چوقۇم تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئامىلنى ھازىرلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلار قانداش تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى، نىكاھ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ۋارىسلىق تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئىجتىمائىي قۇرۇلما مۇھىتى بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي قۇرۇلما «مۇئەييەن گەۋدە ۋە توپلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، مەلۇم ئىجتىمائىي سىستېمىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان يۈرۈش ـ تۇرۇش شەكىللىرىنى ياكى پائالىيەت قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان تۈزۈملەشكەن قېلىپ ۋە تونۇش رامكىسىنى كۆرسىتىدۇ»①. ھەر بىر

① نېئىل ج. سمېلسېر: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، «جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئوقۇشلۇق»، SAGE نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 103 ـ بەت؛ دىلمۇراد مەھمۇد: «ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2007 ـ يىللىق 6 ـ سان، 68 ـ بەت.

جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى بەلگىلەش، تەقسىملەش، نىكاھ، ۋارىسلىق مەسىلىلىرىنى بېكىتىش، كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، مىراس ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى ئىشلىرىدا مىراس قالدۇرغۇچى بىلەن ۋارىس (مىراسخور) ئوتتۇرىسىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت ھالقىسى مىراس تەقسىملەشنىڭ توپ ھالقىسى قىلىنىدۇ. تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ فۇنكسىيەسى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر قايسى باسقۇچ ۋە قاتلاملىرىدا تەدرىجىي يېڭىلىنىپ، ئۆزگىرىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. ئىنسانشۇناسلار ۋە جەمئىيەتشۇناسلار، مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ چۈشىنىش مۇمكىن، دەپ قارىغاچقا، ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش، تەتقىقاتلىرىدا مەلۇم بىر جەمئىيەت ياكى ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىغا ناھايىتى دىققەت قىلغان. ئامېرىكىلىق ئىنسانشۇناس مورگان تۇنجى بولۇپ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسىگە دىققەت قىلغان. مورگان ئۆزىنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت»، «ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى» (1869 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىنسانلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىش بىلەن، ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىدا تۇغقاندارچىلىق تەتقىقاتى باشلانغان. مورگان ئىنسانىيەت تارىخىدا مالايىچە تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى، تۈركىيچە تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمى ۋە كانۇۋانىيلارچە، يەنى ئارىيانچە تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسلىق تۈزۈم بولغان، دەپ قارىغان. ئۇ يەنە تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسى — ئائىلە شەكلى، تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن يوقالغان قەدىمكى ئائىلە شەكىللىرىنى تېپىپ چىقىش مۇمكىن، دەپ قارىغان. نۆۋەتتە، ئىنسانشۇناسلىقتىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتى مۇنداق بەش نۇقتىغا مەركەزلەشكەن: (1) قان، مەنى، سۆڭەك، گۆش قاتارلىق جىسمانىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خاس قاراشلار؛ (2) كىشىلەرنىڭ جىنسى، كۆپىيىش، ھامىلدار بولۇش، يەڭگىش قاتارلىق قايتا ھاياتلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ھەققىدىكى فولكلورىستىك قاراشلار ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تۇغقاندارچىلىق مۇراسىملىرى؛ (3) ھەر بىر جەمئىيەتتىكى تۇغقاندارچىلىق قارىشى ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئاتالغۇلار؛ (4) تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە مەۋجۇت دەپ قارالغان كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت مىزانلىرى؛ (5) ئەمەلىي تەشكىللەش ۋە ھەرىكەت①. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ بىيولوگىيەلىك مەنىدىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى، يەنى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمما، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت نوقۇل بىيولوگىيەلىك مەنىدىكى ئىرسىيەت مۇناسىۋىتى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر تۈرلۈك ئىجادىيەت.

ئۇيغۇرلار تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇزۇن تارىخىدا چوڭ ـ كىچىك ئىجتىمائىي گەۋدە ۋە توپلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت كاتېگورىيەسى دائىرىسىدە شەكىللەندۈرگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي، چېچىلاڭغۇ ھالەتتىن تەدرىجىي تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئاساسىدا بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گەۋدە، ئۇرۇق، قەبىلە ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە شۇ جەرياندا شەكىللەندۈرگەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ئۇيغۇر تىلىدا تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى شەكلىدە ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئاتالغۇلىرىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى جەمئىيەت قاتلىمى ۋە قۇرۇلمىسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەش تۈر بويىچە نەزەرىيە جەھەتتىن سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

① خۇ چىۋاڭ، چۇەي جېنيۇ، لىيۇ شىجې باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى لۇغىتى»، يۈەنفاڭ نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 852 ـ بەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئېمىلداشلىقتىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ نىكاھ، ئائىلە ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت ھەققىدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ نىكاھ ۋە تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىگە مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى، ئۇيغۇرلاردىكى ئېمىلداشلىق مۇناسىۋەت بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

ئادەتتە بىر ئانىنى تەڭ ئەمگەن بالىلار «ئېمىلداش» دەپ ئاتىلىدۇ. تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە قەدىمكىي تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى كۆپلىگەن تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرىنى خاتىرىلەش بىلەن بىللە، ئېمىلداشلىق ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە: «تۈدەش نەڭ ــ تۈرداش نەرسە، بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان، بىر جىنىستىن بولغان نەرسىلەر. بۇ سۆز ‹تۈك› مەنىسىدىكى ‹تۈ ـ تۈ› سۆزىدىن كەلگەن. ھايۋان ئۇچۈن ‹بۇ ئات نە تۈلۈگ ــ بۇ ئات قانداق رەڭدە› دېيىلىدۇ. ‹داش ياكى دەش› تەڭداشلىق ۋە يېقىنلىقنى بىلدۈرىدىغان بىر قوشۇمچىدۇر. بىر ئانىدىن تۇغۇلغان ئىككى بالا ‹قارىنداش› دېيىلىدۇ. چۈنكى ‹قارىن›، سۆزىگە ‹داش› قوشۇلۇش بىلەن ‹بىر قېرىندا ياتقان› دېگەن مەنە ئاڭلىنىدۇ. ئەمچەك ‹ئەمىك› دېيىلىدۇ، بىر ئەمچەكنى ئەمگەن ئىككى بالا ‹ئەمىكداش› دېيىلىدۇ. يېقىن بىر تۇغقان ‹قاداش› دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي ‹قاچا› مەنىسىدىكى ‹قا› سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ‹داش› قوشۇلغاندا، ‹بىر قاچىدا، يەنى بىر ئانىنىڭ قارنىدا بىللە ياتقان› دېگەن بولىدۇ»[①] دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز بۇنىڭدىن مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان زامانلاردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈملىرىدە ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغانلىقى ھەمدە «ئەمىكداش» دېگەن ئاتالغۇنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەرھۇم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «نورۇزنامە» ناملىق ئەسىرىدە «ئېمىلداش» سۆزى ھەققىدە توختىلىپ: «بىر ئانىنى ئەمگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان بالىلار ‹ئېمىلداش›، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقى يوق بالىلار ‹كۆكۈلداش› دەپ ئاتىلىدۇ»[②] دەپ يازغان. ئېمىتكۈچى ئانا «ئىنىكئانا» دېيىلىدۇ. «ئىنىكئانا» سۆزى يەنە «سۈتئانىسى»، «دايە» ياكى «چارىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇلار كىتابىي سۆزلەردۇر. «دايە» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى شېئىرلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

تاپىپ كەلتۈردىلەر بىر سەرۋى سايە،
بۇ گۈل يۈزلۈككە ئانى قىلدى دايە».
«دېدىم مەن: ئايا دايەئى مېھرىبان،
ۋەتەنگە يانارمەن سەھەر بىگۇمان».

بۇ يەردىكى «دايەئى مېھرىبان» سۆزى «مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىنىكئانا» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

18 ـ ئەسىردە چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى تەرىپىدىن مانجۇچە، تىبەتچە، موڭغۇلچە، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بەش خىل تىلنى سېلىشتۇرۇپ تۈزۈلگەن «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تە «اينەكا (ئىنىكئانا)، امجك اناسى (ئەمچەك ئانىسى، سۈت ئانىسى)، سۈت ئانا (سۈت ئانا)» دېگەن سۆزلەر خاتىرىلەنگەن. بۇنىڭدىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئۇيغۇرلاردا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تە يەنە «ئاتاغا» دېگەن بىر سۆزمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتە تىل تەتقىقاتچىسى غەيرەت ئابدۇرەھمان ئۇزغار ئەپەندى: «بۇ سۆز قارىشىمىزچە ‹ئېمىكئانىنىڭ ئېرى› دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. چۈنكى، بۇرۇنقى دەۋرلەردە قول ئىلكىدە بار ھاللىق ئائىلىلەر بالىلىرىنىڭ ساغلام، قاۋۇل ئۆسۈپ يېتىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ئانىسىدىن باشقا يەنە بىر ‹ئېمىكئانا› تەكلىپ قىلىدۇ، ئېمىكئانا بالىنى كىچىكىدىن بېقىش، ئېمىتىش ئىشلىرىنى قىلىپلا قالماي،

① مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 529 ـ، 530 ـ بەتلەر.
② ئىمىن تۇرسۇن: «نورۇزنامە»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى، 76 ـ بەت.

بەلكى خېلى چوڭ بولغىچە ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئىشلارمۇ بولغاچقا، بالىغا نىسبەتەن ئانىغا ئوخشاش ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى سانىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئېمىكئانىنىڭ ئېرىمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ ۋە شۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، مەلۇم دەرىجىدە تۇغقاندارچىلىق رىشتىسىدە بولىدۇ. بۇ يەردە ئەرلەر ئېمىكئانا بولىدىغان ئىش ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. ئاناغا ئاتا ــ بۇمۇ يۇقىرىدىكى سۆزگە ئوخشاش ئېمىكئانا ياكى سۈت ئانىسىنىڭ ئېرىنى كۆرسىتىدۇ»① دەپ يازىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ قۇمۇل شېۋىسىدە «ئاتىغا» دەيدىغان بىر سۆز بار بولۇپ، بۇ سۆز غۇلام غوپۇرى تۈزگەن «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» ناملىق كىتابتا: «ۋاڭ ـ غوجىلارنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىپ چوڭ قىلىدىغان ئىنىڭ ئانىلارنىڭ ئەرلىرى ‹ئاتىغا› دەپ ئاتىلىدۇ»② دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ، غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار ئەپەندىنىڭ « ‹ئاتاغا› سۆزى ‹ئىنىكئانىنىڭ ئېرى› دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك» دېگەن قىياسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار ماقالىسىدە يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئېنىكئانا» دېگەن سۆزنى «ئېمىكئانا» دېگەن شەكىلدە ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق يازغان: «بىزنىڭچە، بۇ سۆز ئەسلىي ‹ئېمىكئانا› بولۇشى كېرەك. چۈنكى، بۇ سۆز ‹ئېمىك + ئانا› شەكلىدە ياسالغان. ‹ئەمىك› سۆزى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە مۇنداق ئىزاھلانغان: «ئەمىك ــ ئېمىك، ئەمچەك؛ ئەمىكلىگ ئىشلەر ــ ئېمىكلىك خوتۇن، بالا ئېمىتىدىغان خوتۇن› »③. بىز ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلىمىز، لېكىن بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئېنىكئانا» شەكلىدە تۇراقلىشىپ، ئومۇملىشىپ بولدى. ئەمدى «ئېمىكئانا» سۆزىنى تەشەببۇس قىلىساق، بۇنى كەڭ خەلق ئاممىسى بۇنى قوبۇل قىلامدۇ ـ يوق ؟ «ئېنىكئانا» دېگەن سۆزنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ «ئېمىكئانا» شەكلىدە ئىشلىتىشنىڭ قانداق ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى بار؟ بۇ يەنە بىر مەسىلە. گەرچە، ئېمىلداشلىق بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولسىمۇ، پەرزەنتلەر ئۆزلىرىنى ئېمىتكەن ئىنىكئانىلارنى خۇددى ئۆز ئانىسىدەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەنئەنىۋى قاراشلار بويىچە، «سۈت ـ قان شىرنىسى» دەپ قارالغانلىقتىن، بىر ئانىنى بىللە ئەمگەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولىدۇ، دەپ تونۇلىدۇ. فېئوداللىق جەمئىيەتتە ياللانغان ئىنىكئانىلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغاچقا، ئېمىتىلگەن بالا بىلەن ئىنىكئانا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇسلايدۇ ياكى پۈتۈنلەي ئۈزۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ، بولۇپمۇ ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدە ياشىغان دەۋرلەردىن تارتىپ، مۇمكىن قەدەر ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلانماسلىق، يېقىن تۇغقانلار قۇدىلاشماسلىق، نەۋرە ـ چەۋرە ۋە ئەۋرىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتماسلىق يولى بىلەن ئەۋلادلىرىنىڭ ئەيىبناق، مەجرۇھ، نوقسانلىق ياكى كەمتۈك تۇغۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئىسلام دىنى ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلانغاندا نىكاھ ئوبيېكتىنىڭ ئېمىلداش بولماسلىقىنى زۆرۈر شەرت قىلىدۇ. «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، ئەگەر ئانا كېسەللىك ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېمىتەلمىسە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ياكى قولۇم ـ قوشنىلىرى ئىچىدىكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئانىنى ئېمىتىدىغان ئادەت بار. ئېمىلداشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئىي قىلىنىدۇ»④. ئېمىلداشلىق ماھىيەتتە ۋاستىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۆز ئانىسىدىن باشقا ئانىنى ئېمىشتىن پەيدا بولىدىغان ئالاھىدە قانداشلىقتۇر. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى تەتقىقاتىدا ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق

① غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار: «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تىكى ئۇچۇرلاردىن ھازىرقى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا نەزەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 2011 ـ يىللىق 1 ـ سان، 119 ـ بەت.

② غۇلام غوپۇرى تۈزگەن: «ئۇيغۇر شېۋىلىرى سۆزلۈكى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى 1 ـ ئاي نەشرى، 2 ـ بەت.

③ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئوزغار: «بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت»تىكى ئۇچۇرلاردىن ھازىرقى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا نەزەر» ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2011 ـ يىللىق 1 ـ سان، 119 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

④ ئابدۇكېرىم راخمان، شىرىپ خۇشتار، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى » ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى، 119 ـ بەت.

مۇناسىۋىتىدىكى بىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەت ۋە مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتى ئارىلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاندا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولىدىغان بىيولوگىيەلىك خۇسۇسىيەت ۋە مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتىگە تەڭ دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىنىكئانا تۇغقان ئانىغا ئوخشاشلا ھۆرمەتلىنىدۇ، ئەمما ئۆز بالىسىدىن باشقا بىر بالىنى ئېمىتمەكچى بولغان ئايال چوقۇم ئېرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىشى شەرت. نەۋرىلەر ئىچىدىن بىرەرسى مومىسىنى ئەمگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېمىلداش ھېسابلىنىپ نىكاھلىنىشى چەكلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، ئۇيغۇر خەلقىدە «موما تالاق» دەيدىغان بىر تۇراقلىق ئىبارە بار بولۇپ، بۇ بىر قانچە نەۋرىلەردىن ھەر قانداق بىرسى مومىسىنى ئەمگەن بولسا، شۇ بىر نەۋرىنىڭ مومىسىنى ئېمىپ قويغانلىقى تۈپەيلى، ئۇلارنىڭ بولغۇسى نىكاھى ئاللىقاچان چەكلىنىپ بولغان بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر. «بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەزى ئانىلار (موما بولغۇچى ياكى كېلىنلەردىن بىرەرى) مەلۇم نەۋرىگە ئەمچەك سېلىۋەتسە (ئېمىتىپ قويسا) جەمەت ئىچىدە ئېمىلداشلىق شەكىللىنىپ قېلىپ، مەزكۇر جەمەت ئىچىدىكى بارلىق بالا ـ چاقىلارنىڭ پەرزەنتلىرى، يەنى نەۋرىلەر ئۆز ئارا نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ ساگرى بۇرۇن بەزى موما ياكى كېلىنلەر بىر نەۋرە كېلىدىغانلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىپ كېتىش ھادىسىسىنى توسۇش ياكى باشقا سەۋەبلەردىن، شەرئەتلىك توسۇق قۇرۇپ بىرەر نەۋرىسىگە ئەمچەك سېلىپ قويىدىغان ياكى مەلۇم بىر كېلىن، ئېپپەڭگىلەرنىڭ بالىلىرىنى ئېمىتىپ قويىدىغان ئەھۋاللار بولىدىغان. بۇ ئەھۋالدا بارلىق نەۋرىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىش يولى قەتئىي ئېتىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، شەرئەتتە پەتىۋا مەقبۇل بولمايدىغان بىر نەچچە تۈرلۈك ھادىسىنىڭ بىرى مۇشۇ ‹ئېمىلداش› لىقتىن ئىبارەت بولىدۇ»①.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇن، ئېمىلداشلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى چەكلەنمىگەن. ئەمما، ئىسلامىيەتتىن كېيىن، ئېمىلداشلار قېرىنداش دەپ قارىلىپ، ئېمىلداشلارنىڭ نىكاھلىنىشى قاتتىق چەكلەنگەن. شۇڭا، ئۇيغۇرلار نىكاھ ئىشلىرىدا ئېمىلداشلىقتىن ئىبارەت ۋاستىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە كىشىلەردىن لايىق تاللىمايدۇ. ئىسلام دىنىدا ئېمىلداشلار گەرچە بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر ئانىنىڭ سۈتىدە تەڭ ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن، ئارىدا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ھەدىسلەردە: «بىر قورساق تۇغقانلارغا ھارام بولغان نەرسە ئېمىلداشلارغىمۇ ھارام بولىدۇ»②، «ئېمىلداشلىق دېگەن سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ»③ دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمزىنىڭ قىزى ھەققىدە: ‹ئۇ ماڭا ھالال بولمايدۇ، نەسەب جەھەتتە ھارام بولغان نەرسە، ئېمىلداشلىق تەرەپتىنمۇ ھارام بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشىمنىڭ قىزى› دېگەن»④.

گەرچە، ئېمىلداشلىق ئارقىلىق يات كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ نەسەبكە ئوخشاش مۇناسىۋەت شەكىللىنىدۇ دەپ قارالسىمۇ، لېكىن مىراس ۋە مۈلۈك ۋارىسلىقى مەسىلىلىرىدە ئىنىكئانا بولغۇچى بىلەن ئېمىتىلگەن بالا ئوتتۇرىسىدا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېمىلداش بولغان ۋاستىلىق قانداشلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مىراسخورلۇق، ۋارىسلىق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنىدا ئىنىكئانىغا نەپىقە بېرىش ۋاجىب ئەمەس، ئىنىكئانا بىلەن ئۇنى ئەمگەن بالا ئوتتۇرىسىدا ۋارىسلىق قىلىش ياكى قىلىنىش مۇناسىۋىتى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئېمىلداشلىقنىڭ تەسىرى ئەمگۈچى ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگىچە بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تاغىسى، ھاممىسى ۋە باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. ئېمىلداشلار «سۈنئىي قېرىنداشلار» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر ـ بىرىگە قارىتا ھېچقانداق

---

① ھارۇت رەسۇل قادىرى: «شەرھىي ئىدىيوم»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 68 ـ بەت.

② [مىسىرلىق] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى، 350 ـ ، 351 ـ ، 352 ـ بەتلەر.

③ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

④ [مىسىرلىق] مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقى: «ھەدىس شەرىفتىن ئۈنچە ـ مارجانلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 350 ـ ، 351 ـ ، 352 ـ بەتلەر.

دىنىي ۋە قانۇنىي مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيدۇ. «ئېمىلداشلار بىلەن ئىنىكئانا ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ھەم تۇغقانلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلىدۇ دەپ قارالغاچقا، ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ھەر قانداق كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن نىكاھلىنىشى چەكلەنگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر يىگىتلەرنىڭ ئىنىكئانا، ئىنىكئانىنىڭ ئاچا-سىڭلىسى، ئىنىكئانىنىڭ قىزى ياكى قىز نەۋرىسى بىلەن توي قىلىشى قاتتىق چەكلىنىدۇ، قىزلارنىڭ ئىنىكئانىنىڭ ئوغلى، ئىنىكئانىنىڭ ئېرى، ئىنىكئانىنىڭ ئوغۇل نەۋرىسى ۋە ئىنىكئانىنىڭ ئەر قېرىنداشلىرىغا ياتلىق بولۇشىمۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، بىر ئانىنى بىر قېتىم ئېمىپ قويغان ياكى بىر ئىنىكئانىنى ئىلگىرى-كېيىن ئېمىپ چوڭ بولغان قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئېمىلداشلىق مەۋجۇت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشىمۇ چەكلىنىدۇ»①. ماھىيەتتە ئېمىلداشلىق ئېمىلداشلار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنى توسىدىغان بىر خىل چەكلەش خاراكتېرىدىكى تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىدۇر. جەمەت ئىچىدە نىكاھلىنىشقا توغرا كەلگەندە، ئۇيغۇرلار 2-ئەۋلاد ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلار ئارىسىدىن لايىق تاللايدۇ، ئۇرۇق-جەمەت ئىچىدىكى نەۋرە تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن بولغانلىقتىن، ئانىلار نەۋرىلەر ئىچىدە ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ، ئەگەر ئانىلىرى نىكاھلانماقچى بولغان يىگىت ۋە قىزنىڭ ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى بىلىسىمۇ بىلمەسكە سالغان بولسا، بۇنداق ئانىلار قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مۇسۇلماندارچىلىقتا تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى يوق ياكى نىكاھسىز ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىنى كۆرۈشى ۋە يېقىن ئالاقىلەردە بولۇشى چەكلىنىدۇ ياكى نامەھرەم ئىش دەپ قارىلىدۇ، ئەمما، ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتى بار يات جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بەزى كۆرۈشۈش ۋە نورمال ئالاقىلەر نامەھرەم ھېسابلانمايدۇ. «ئەگەر باشقا ئاياللار (ئىنىكئانىلار) غا ئېمىتىشكە توغرا كەلسە، پۈتۈن بەدىنى ساغلام ئاياللارنى تاللايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە كىشىلەرنى بالىسىنى ئېمىتىپ قويۇشىدىن قاتتىق چەكلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، پەرزەنتلەر ئارىسىدا ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ پەيدا بولۇپ، كەلگۈسىدە توي قىلىشقا توغرا كەلگەندە تۇغقانلار ئارا جىنسىي بۇزۇقچىلىقنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ياكى ئۇلاردىن مەجرۇھ پەرزەنتنىڭ تۇغۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر»②.

بۈگۈنكى كۈندە شەھەرلىشىش، پىلانلىق تۇغۇت ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر-مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىشى تەسىرىدە، شەھەرلەردە كىشىلەر ئىنىكئانا ئىشلەتمەستىن، بوۋاقلىرىنى ھەر خىل ئوزۇقلۇقلار بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ، بۇ ۋەجىدىن نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردىكى ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتى تەدرىجىي ئاجىزلاپ بارماقتا.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

① ئەنۋەر سەمەد قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 110-، 170-بەتلەر.

② يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش.

www.uyghurkitap.com

# ئىرانىي تىللىغا كىرىپ قايتىپ كەلگەن تۈركىيچە تۆت ئاتالغۇ توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

مۇھىم مەزمۇنى: تۈركىي تىللار بىلەن ئىرانىي تىللار مەركىزىي ئاسىيادا بىر قانچە مىڭ يىللىق ئۇچرىشىش جەريانىدا ئۆزئارا سۆز قوبۇل قىلىشىپ، لۇغەت تەركىبىنى تولۇقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئۆزئارا ئۆتۈشمە بولغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەكشۈرۈش ــ تارىخىي تىلشۇناسلىق، ئېتىمولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىق پەنلىرى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە تۈركىي تىللاردىن ئىرانىي تىللارغا كىرىپ يەنە تۈركىي تىللارغا قايتىپ كەلگەن سۆزلەر توغرىسىدا تەھلىل يۈرگۈزۈلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىرانىي تىللار؛ تۈركىيچە ئاتالغۇ

تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئىرانىي تىللىق خەلقلەر بىر قانچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا تىل، ئەدەبىيات، ئۆرپ-ئادەت، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزئارا بىر-بىرىدىن ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ تىل مۇھىم ئالاقە قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئەمەس، بەلكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقە ئىشلىرىدىمۇ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئىرانىي تىللار بىلەن تۈركىي تىللار ئىككى چوڭ تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇشىغا قارىماي، بۇ تىللاردىكى بەزى ئاتالغۇلار توسالغۇسىز ھالدا بىر-بىرىگە كىرىپ، بەزىلىرى كىرگەن تىل ئىچىدە ئۆزلىشىپ، شۇ تىللارنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتا تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشقان بولسا، بەزىلىرى قايتىپ كېلىپ بۇ تىللارنىڭ لۇغەت تەركىبىنى يەنىمۇ بېيىتىشقا خىزمەت قىلغان. تۆۋەندە مەن تۈركىي تىللاردىن ئىرانىي تىللارغا كىرىپ قايتىپ كەلگەن «دېۋە»، «جادۇ»، «بوۋى» ۋە «خۇدا» دېگەن تۆت ئاتالغۇ ھەققىدىكى قارىشىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. دېۋە

«دېۋە» (Devä) ئۇيغۇر فولكلورىدا كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە تەسىرى چوڭقۇر بولغان ئوبرازلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئوبراز كۆپرەك چۆچەكلەردە، قەدىمكى داستانلاردا تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ قوللىنىشچانلىقىنى ئۆگەنگەندە، چۆچەك ۋە قەدىمكى داستانلارغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۆچەكلەر ۋە قەدىمكى داستانلاردىكى تەسۋىرلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا دېۋىنىڭ ئوبرازى مۇنداق: ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى گىگانت ئادەمگە ئوخشايدۇ. بەستى شۇنداق يوغان ۋە ئېگىز بولۇپ، بويى بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرىدۇ. چىرايى ناھايىتى سەت، بۇرۇن تۆشۈكلىرى يوغان، قۇلىقى توڭگۇزنىڭكىدەك، بەدەنلىرىنى ئۇزۇن ۋە قويۇق تۈك باسقان. دېۋە ئىنسانلاردىن يىراق تاغ-ئۆڭكۈرلەرنى ماكان قىلىپ، توپ-توپ ھالەتتە ياشايدۇ، ئاسماندا ئۇچالايدۇ. پايانسىز بايانۋانلارنى كېزەلەيدۇ. دېۋە يېيتىپ كەلگەن چاغدا ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلايدۇ. ئۇ ناھايىتى زور كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، تاغلارنى يۇلۇۋېلىپ، ئىككى ئالقىنىدا خۇددى توپ ئوينىغاندەك ئېتىپ ئوينايدۇ. ئۇ بىر ئۇخلىسا 40 كۈندە ئويغىنىدۇ. دېۋىلەر ئادەم ۋە ھايۋاننى ئوزۇق قىلىدۇ. قىز-چوكانلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ساھىپجامال قىزلارنى ئېلىپ قېچىپ، ئۆز ماكانىغا بەند قىلىۋالىدۇ. دېۋىلەر بىلەن پەرىزاتلار يېقىن مۇناسىۋەتكە ئىگە. نۇرغۇن چۆچەكلەردە ئۇلار بىللە ياشايدۇ. بەزىدە پەرىزات دېۋىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدا نەچچە مىڭ دېۋە خىزمىتىنى قىلىدۇ. بەزىدە دېۋە پەرىزاتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، پەرىزاتنى ئۆيىگە قامىۋېلىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، يەنە بەزىدە پەرىزات دېۋىنىڭ قىزى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. بەزى چۆچەكلەردە دېۋىلەرنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ كۆپرەك

ئاق، قارا ۋە سېرىق ئۈچ خىل رەڭدە تەسۋىرلىنىدۇ.

چۆچەكلەردە دېۋىلەر ۋەھشىي ۋە كۆچلۈك بولۇپلا قالماي، يەنە ئىنتايىن ساددا ۋە دۆت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئەقىل-پاراسەتلىك باتۇرلارلا ئەمەس، ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئەخمەق قىلىپ كولدۇرلىتىدۇ. ئۇيغۇر چۆچەكلىرىدە مەلۇم بىر هورۇن، لايغەزەل كىشى ياكى بىر بەڭگى«كۆچ سىنىشىمەن» دەپ ئۇنى قورقىتىدۇ①. «چىن تۆمۈر باتۇر»، «خاسىيەتلىك ئالما»، «ئېيىق پالۋان»، «توققۇز دانە قىزىل ئالما»، «بۇلبۇلگويا»، «ۋەلى بابكار»، «ۋەيلۇن دوزاقنىڭ تۈۋرۈكى»، «هورۇنلۇقتىن شاهلىققىچە»، «خالبانۇ»، «دېۋىنى قورقۇتقان بالا» قاتارلىق چۆچەكلەردە دېۋە ئوبرازى تىلغا ئېلىنغان. «ماناس» ئېپوسىدا بەزىدە يەككە ئىسىم بىلەن، بەزىدە ئايرىم شەخسلەر نامىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ تىلغا ئېلىنىدۇ②. ئومۇمەن، «دېۋە» تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېغىز ئەدەبىياتىدا سەلبىي ئوبراز رولىنى ئويناپ كەلگەن.

دېۋە ئوبرازى ئارىيان مىللەتلىرى، جۈملىدىن ئىرانىي ۋە هىندى خەلق فولكلورىدىمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان ئوبرازلاردىن بىرى. بۇ ئوبراز دەسلەپ پارس تىلىدا «deyv»، پەهلىۋىي تىلىدا «dev»، ئاۋېستا تىلىدا «daeva»، ۋېدا سانسكرىت تىلىدا «deva» دېگەن تەلەپپۇز شەكلىدە خاتىرىگە چۈشكەن③. ئىرانىيلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىۋى قارىشى بويىچە، دېۋە ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ياخشىلىق تەڭرىسى ئاخۇررانىڭ رەقىبى هېسابلانغان④. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئوبرازنىڭ ئۆلچەملىك فولكلور مەنبەسى «ئاۋېستا» (Avesta) دا بولغان، كېيىنچە ئارىيانلارنىڭ هەرقايسى خەلقلىرى توپىدا بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىرىشمۇ بولغان. بەزى ئارىئان خەلقلىرى نەزىرىدە «دېۋە» تەڭرى مەنىسىدە، يەنى ئىجابىي خىسلەتلىك تەڭرى چۈشەنچىسىنىمۇ ئالغان. بەزى ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە،«دېۋە» ئوبرازى بۇددا قىسسىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، «مۇقەددەس تەڭرى» دېگەن مەنىنى بەرگەن، ئۇ قەدىمكى هىندىستاندا تارقالغان ماهايانا مەزهىپىنىڭ داڭدار ۋەكىلى، نىگاراجۇنانىڭ مۇرىدى ئىمىش. تارىم ۋادىسىدا مىلادىيەدىن كېيىنلا قوللىنىلغان قارۇشتى يېزىقىدىكى هۆججەتلەردىمۇ «دېۋە» تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر چۈشەنچىسىدىمۇ دېۋە «ياخشىلىق تەڭرىسى» مەنىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

ئارىيانلار بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادلىرى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا گاهىدا قوشنا، گاهىدا ئارىلاش ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرىنى بىر-بىرىگە ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. «دېۋە» ئوبرازىنىڭ بۇ ئىككى خىل خەلقلەرنىڭ فولكلورىدا بولۇشى بىر خىل مەدەنىيەت ئۆتۈشمىچىلىك هادىسىسىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر. بۇ ئوبراز خاراكتېرىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي خىسلەتلەرنىڭ خاسلىششى ۋە پەرقلىنىشى ، ئىككى خىل مىللەت هاياتىدىكى خەلقلەر تەقدىرىنى قوغداش، ياشاش ئۈچۈن ئاققۇزۇلغان قان-تەر ۋە بېرىلگەن قۇربانلارنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ فولكلورىدىكى سەلبىي ئوبراز ـ «دېۋە»نى ئارىيان خەلقلىرى فولكلورىدىكى ئىجابىي ئوبراز «دېۋە»نىڭ ئەكس تەسىرىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئىككى خەلقنىڭ هايات تارىخى، مۇناسىۋەت-ئالاقە جەريانى ۋە مەدەنىيەت فولكلور ئالماشتۇرۇشى مۇشۇنداق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ، پەقەت ئۇنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدا سەلبىي خاراكتېرگە ئىگە ئوبراز بولۇپ تۇراقلىشىپ قالغانلىقىغىلا قارىتىپ ئېيتىلغان. ۋاهالەنكى «دېۋە» ئوبرازىدىكى ئىجابىي ئامىل تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ئېتىقاد چۈشەنچىسىدىن كېلىپ چىقىپ، بىر مەهەل دەبدەبە پەيدا قىلىپ، قوشنا خەلقلەر جۈملىدىن ئارىيان خەلقلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، ئارىيانلار ئەسلىدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر

---

① ئوسمان ئىسمائىل: «ئۇيغۇر سېھرگەرلىك چۆچەكلىرى هەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى، 147 ـ ، 148 ـ بەتلەر.

② ئورغالچا قىدىرباي تەييارلىغان: «ماناس»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 184 ـ بەت،.

③ [ئىرانلىق] جېلىل دوستۇخۋا تەييارلىغان: «ئاۋېستا»، سودا نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 557 ـ بەت.

④ «قەدىمكى ئىران ئەپسانىلىرى»، شەنشى خەلق نەشرىياتى- بېيىۋ ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى،1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 428 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

فولكلورىدا شەكىللەنگەن ياخشىلىق تەكرىسى دېۋىنىڭ ئىجابىي خاراكتېرىنى ياقتۇرۇپ قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بىرقاتار تەكرىلىرى قاتارىغا قوشۇۋالغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدىكى بىر قاتلام ئاۋانگارت تەبىقىنىڭ مىللىي تەپەككۇر شەكلىدە يېڭىلىنىش بولۇپ، كونا ئىدىيەۋى قاراشلىرى تەدرىجىي ئۆزىنىڭ مۆتىۋەر ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرغان پۇرسەتتە ياخشى سۈپەتلىك «دېۋە» ئوبرازى چۈشەنچىسى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ كەتكەن، ھەتتا يېڭى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىجتىمائىي قاراشلار تەسىرىدىن كىشىلەر ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇشى كېرەك. يەنە بىر زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئارىيان خەلقلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە غەيرىي رەسمىي تۈس ئېلىشى نەتىجىسىدە، ئارىيان خەلقلىرىدىن «دېۋە» ئوبرازىنى قوبۇل قىلغان، تاشنى تاشقا ئۇرسا قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ئۇچقۇنلار چاچرىغىنىغا ئوخشاش، تارىخنىڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە ئوت بىلەن سۇدەك رەقىبلەرگە ئايلىنىپمۇ ياشىغان بۇ ئىككى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرىدىكى «دېۋە» ئوبرازىنىڭ قارىمۇ قارشى خاراكتېردە قېلىپلىشىپ بېرىشى، تارىخنىڭ مەنتىقىسىگە سىغىشالمايدىغان ئالاھىدە ئەھۋال ئەمەسلىكىنى بىزگە ئۇقتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

«دېۋە» ئوبرازىنىڭ دەسلەپ تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىغا خاس ئوبراز ئىكەنلىكىنى دەلىللەشتە: بىرىنچى، «دېۋە» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىدىن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. «دېۋە» (diva) ئەسلىدە تۈركىي سۆز بولۇپ، «تۆگە» دېگەنلىك بولىدۇ. تۈركىي تىللار قەدىمكى چاغلاردىن باشلاپ، غەربىي تۈركىي تىلى ۋە شەرقىي تۈركىي تىلى دېگەن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، «t\d» تاۋۇشلىرىنىڭ ئالمىشىشى شەرقىي ۋە غەربىي تۈركىي تىللارنىڭ مۇھىم پەرقى ھېسابلانغان. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىي تىلىدا «تەۋە ـ تېۋە ـ تۆگە» دېيىلگەن ئاتالغۇ غەربىي تۈركىي تىلىدا «دەۋە ـ دېۋە ـ دېۋا» دېيىلگەن. «دېۋە»نىڭ تۈركىي تىلىدىكى «تۆگە» مەنىسىدىن كەلگەنلىكىنى چەت ئەل ئالىملىرى ئالللىبۇرۇن ئىسپاتلىغان[1]. دېمەك، ئارىيانلار «دېۋە» سۆزىنى تۈركىي تىلىنىڭ غەربىي تۈركىي تىللىرى گۇرۇپپىسىدىن قوبۇل قىلغان.

ئىككىنچى، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يىراق قەدىمكى ئىپتىدائىي ئېتىقادىدا تۆگىگە تېۋىنىش چۈشەنچىسى بولغان. تۇرپاندىن تېپىلغان 2000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار، شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭغا قوشنا رايونلار تاغ ـ جىرالىرىغا ئويۇلغان قىيا تاش سۈرەتلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار، لوپنۇر چۆللۈكىدە بوگۇنكىچە ياشاپ كېلىۋاتقان ياۋا تۆگىلەرنىڭ ياشاش ھالىتى ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر فولكلورىدىكى تۆگىگە مۇناسىۋەتلىك چۈشەنچىلەر بۇ نۇقتىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ.

ئۈچىنچى، «دېۋە» سۆزىنىڭ تۈركىي سۆز سۈپىتىدە ئىرانىي تىلىغا كىرىپ كېلىشىدە قەدىمكى تۆگىلىك قوشۇنلارنىڭ تەسىرى بولغان دېگەن پىكىرنى ئېيتىشقا بولىدۇ. تۈركىي تىللىق خەلقلەر يىراق قەدىمكى زامانىدا ئۇرۇش سەپلىرىگە تۆگىلىك قوشۇنلارنى قاتناشتۇرغان بولسا كېرەك. كېيىنچە يېزىلغان تارىخنامىلەردە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ھەققىدە تۆگىلىك قوشۇن تەييارلاپ ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغانلىقى بۇ پىكىرنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ. بۇ خىل قوشۇن ئاتلىق ۋە پىيادە قوشۇنلار بىلەن بىللە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك قىياپەت ھاسىل قىلغان. بولۇپمۇ تۆگىلىك قوشۇنلار قارشى تەرەپكە بوسۇپ كەلگەندە قىقاس ـ چۇقان ۋە سۈر ـ ھەيۋىسى ئالەمنى ـ مالەم قىلغان. بۇنى كۆرگەن رەقىپلەر تۆگىلەر (تۆگىلىك قوشۇنلار) نى شۇنداق يوغان، شۇنداق گىگانت، شۇنداق ۋەھشى مەخلۇق دەپ تونۇشقان. بۇ خىل تونۇش ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا، زاماندىن زامانغا ئۆتۈپ، فولكلور ـ ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى غايەت زور ئوبرازغا ئايلىنىپ كەتكەن.

تۆتىنچى، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ قارىشىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي چۈشەنچىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا بىر ماددىي ۋە مەنىۋى ئوبيېكت ئاساس قىلىنغان. جۈملىدىن «دېۋە» ئوبرازىمۇ خۇددى شۇنداق بىر ئوبيېكتىپ شەيئىدىن كەلگەن. ئالىملار بۇ خىل ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەققەتەن ھايۋانلار ئىچىدىكى نىسبەتەن چوڭ مەخلۇق ھېسابلانغان ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق بولغان، ئۇرۇشلاردا سەپنىڭ ئالدىدا ھۆكۈرەپ تۇرىدىغان تۆگىنى «دېۋە» ئوبرازىنىڭ ئاساسى دەپ ئېنىقلاپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تىلشۇناسلار «دېۋە» سۆزى تۈركىي تىللارنىڭ

---

[1] ئەلى مازاھىرى: «يىپەك يولى ـ جۇڭگو بىلەن پېرسىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 292 ـ بەت.

«هۇن تىلى دەۋرى» دەپ ئاتىلىدىغان زامانلاردا ئىرانىي تىلىغا كىرگەن، «هۇن تىلى دەۋرى» ئىرانىيلارنىڭ «ئاۋېستا تىلى» قوللىنىلغان زامان بىلەن پاراللېل تىل، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئومۇمەن، دېۋە ئوبرازى ئۆزىگە ئۇزۇن تارىخنى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي جەرياننى، كۆپ قاتلاملىق فولكلور هادىسىسىنى، قويۇق مەدەنىيەت تىندۇرمىسىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىنىڭ هايات ـ ماماتلىق دەقىقىلىرىدە ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش منۇتلىرىدا، غەلبە ـ نۇسرەت قوچۇش يولىدىكى شادىيانە پەيتلىرىدە تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرلىرىغا هەمراھ بولۇپ كەلگەن. هاياتنىڭ ئىجابىي كۈچلەرگە، ئالىيجانابلىققا، هەققانىيەتكە قانچىلىك ئېهتىياجى بولسا، ئۇلارنى شۇنداق هاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان هەم يۈكسەكلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈشتە پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئويناپ، ئۆزىنىڭ قەبىهلىكى، ياۋۇزلۇقى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىدىيەسىنى تۇراقلاشتۇرۇشقا، ئىرادىسىنى كۈچەيتىشكە، تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدىنى ئاشۇرۇشقا مۇناسىب هەسسىسىنى قوشقان.

«دېۋە» سۆزى ئەسلىي تۈركىي تىللاردا «تۆگە» مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇ ئەسلىي مەنىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن. يەنى بۇ سۆز ناهايىتى قەدىمكى چاغلاردا تۈركىي تىلىدىن ئىرانىي تىلىغا كىرگەن ۋە ئىرانىي تىلىدا مەنىسى كېڭىيىپ ۋە ئۆزگە قوشۇمچە مەنىنى يۈكلىگەندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىغا قايتىپ كېلىپ، ئاساسەن ئۇيغۇر ئاغزاكى ئەدەبىياتىدا غەيرىي بىر ئوبراز سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

## 2. جادۇ

«جادۇ» (Jadu) سۆزى «جادۇ قىلماق» دېگەن سۆز شەكلىدە قوللىنىلىپ، ئۇنى جادۇ قىلغۇچى جادۇگەر شەكلىدە، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ۋە خەلق داستانلىرىدا هەم كىلاسسىك يازما داستانلاردىكى سۇيىقەستچى، قارانىيەت، ئالدامچى، مەككار ئايال ئوبرازىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. ئەلشىر نەۋائىي ۋە ئابدۇرېهىم نىزارىيلارنىڭ «پەرهاد ۋە شېرىن»① ناملىق داستانلىرىدا ئاق كۆڭۈل، ۋاپادار، ئىشچان ۋە قىران يىگىت پەرهادنى زور دۈشمەن قوشۇنى يېڭەلمىگەن چاغدا، بىر جادۇگەر كەمپىر مەككارلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. جادۇگەر بەزىدە يالماۋۇز، بەزىدە مەككار كەمپىر ئوبرازلىرى بىلەن بىرلىشىپ كېلىدۇ. كۆپ هاللاردا ئايرىم ئوبرازلار سۈپىتىدە هەرىكەت قىلىدۇ. كىلاسسىكلارنىڭ غەزەللىرىدە «جادۇ كۆز» دېگەن ئوخشىتىش سۆزى قوللىنىلغان بولۇپ، «بۇ سېهىرلىك كۆز، ئاجايىپ كۆز، جازىبدار كۆز، غەيرىي كۆز» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىپ، «يات» سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە يېقىنلاشتۇرۇلغان. ئەمما، كىلاسسىكلار بۇ يەردىكى «جادۇ» سۆزىنى يەنىلا ئىرانىي تىلىدىكى مەنىسى بويىچە ئىشلەتكەن.

«جادۇ» (Jadu) سۆزى «يات» (Yat) سۆزىدىن كەلگەن دېگەن قاراشلار بار. مەهمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىچە، «يات » بىر خىل سېهىرگەرلىك، هەم سېهىرگەرلىك قىلىدىغان بىر خىل تاش ئىكەن②. ئۇنىڭ «يات»قا بەرگەن يەنە بىر خىل يەشمىسىدە «يات، ئەجنەبى، يات كىشى» دېگەن ئۇقۇم مۇقىملاشتۇرۇلغان③ (بۇ سۆز هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ). دېمەك، قەدىمكى ئۇيغۇرلار غەيرىي تاشنىڭ ياردىمى بىلەن سېهىرگەرلىك قىلغان. بۇ يادا تاش سېهىرگەرلىكدە مەركەزلىك هالدا ئىپادىلەنگەن. «يات» سۆزى ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىدا «جات» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنغان هەم بۇ خىل ئوغۇز ـ قىپچاقچە سۆز شەكلى ئىرانىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ئاخىرىغا ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «گەر» قوشۇلۇپ «جات + گەر = جاد + گەر»، كېيىنچە «جادۇگەر» شەكلىگە كەلگەن④ هەم ئىرانىي فولكلورىدا بىر خىل تۇراقلاشقان شەكلىدە ئۇيغۇر فولكلورىغا ئايلىنىپ كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن سەلبىي ئوبراز سۈپىتىدە

---

① ئەلشىر نەۋائىي: «پەرهاد ـ شېرىن»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى نەشرى؛ ئابدۇرېهىم نىزارى: «پەرهاد ـ شېرىن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

② مەهمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ، 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981~ 1984 ـ يىللىرى نەشرى.

③ يۇقىرىقى ئەسەر، 2 ـ، 3 ـ توم.

④ [فىرانسىيەلىك] ئەلى مازاهىرى: «يىپەك يولى ــ جۇڭگو بىلەن پېرسىيەنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1996 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 272 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تارقالغان. بۇنداق بولۇشىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بولسا كېرەك.

بىرىنچىدىن، يات (جات) ـ يادا (جادا) تاش سېھىرگەرلىكى بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئاياللار شۇغۇللانغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكى بىرقاتار يېتەكچى خاراكتېرگە ئىگە ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەتلەردە ئاياللار باشلامچىلىق رول ئوينىغان①. يات ـ يادا تاش سېھىرگەرلىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن، كەڭ ئاممىۋى تۈس ئالغان بىر خىل ھەرىكەت بولۇپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىرقاتار ھەرىكەتلەرنىمۇ ئاياللارنىڭ باشلىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. شۇنداق ئىكەن، دەسلەپ ئاياللار «يادىچى» ئاتىقىنى ئالغان بۇ خىل پائالىيەت ئىرانىيلارغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلار تۈركىي سۆز بولغان «يات ـ جات» (كېيىنچە ئۆزگەرگەن شەكلى يادا ـ جادا) سۆزىگە ئىرانىي ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «گەر» نى قوشۇپ «جاداگەر ـ جادۇگەر» دەپ ئىشلەتكەن.

ئىككىنچى، بۇ ئاتالغۇنىڭ سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قېلىشىنى يەنىلا ئاياللارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەلۇمكى، يادا تاش سېھىرگەرلىكى باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق مەزگىلىدە باشلانغان بولسا، ئەينى زاماندا ئۇ بىر خىل ئىجابىي ھەرىكەت بولۇپ، كىشلەرنى جەلپ قىلغان، ئۇنىڭ يېتەكچىسى بولغان يادا سېھىرگىرى، يەنى جادۇگەر ئۇرۇقنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ، مۆتىۋەر ئورۇندا تۇرغان. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنىڭ تۆۋەنلىشى بىلەن ئايال يېتەكچىلەر ھەر قايسى ساھەلەر بويىچە كەمسىتىلىشكە ئۇچرىغان، ئۇلارنىڭ ئىجادىي ھەرىكىتى مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. جۈملىدىن جەمئىيەتتە بەلگىلىك ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرغان يادا سېھىرگىرى — جادۇگەرلەر زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەلبىي ئوبرازغا ئايلىنىپ قالغان.

دېمەك، يات تېشى ـ يادا تېشىنىڭ ۋاستىسى بىلەن سېھىرگەرلىك قىلىدىغان جادۇگەر ئوبرازى ئەسلى ئىجابىي ئوبراز بولۇپ (قىسمەن خۇراپىيلىق ئارىلاشقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، ئەجدادلار تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسىنى يارىتىشتا يېتەكچىلىك رول ئوينىغان. جۈملىدىن ئەينى زاماندا كىشلەرنى تەلپۈندۈرگەن، زوقلاندۇرغان.

## 3. بۈۋى

«بۈۋى» (Büwi) سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «تەقۋادار ئايال، موللا ئايال، قۇرئاننى ئوقۇيالايدىغان ئايال، قۇرئان ئايەتلىرىنى قىرائەت قىلالايدىغان ئايال» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە: «ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئايال، سوپى ئايال» دەپ يەشمە بېرىلگەن ھەم «ئاياللارنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ كېلىپ ھۆرمەتلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ»② دېيىلگەن. مەسىلەن، بۈۋى پاتىمە، بۈۋى رابىئە، رەيھان بۈۋى، توختى بۈۋى دېگەندەك. قەدىمكى چاغلاردا يەنە ئۇنىڭ «خانىم، خانىش، مەلىكە، پىرىخۇن» مەنىسى بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. «بۈۋى» سۆزى يېقىنقى زامان ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرىدا بىبى (Bibi)، بۈ (bü)، بېگىم (Begim) دېگەن شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ.

«بۈۋى» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىزدەنگەن تىلشۇناسلارنىڭ بەزىلىرى، ئۇنى ئىرانىي تىلىدىكى سۆز دەپ قارىسا، يەنە بەزىلىرى تۈركىي تىلىدىكى سۆز دەپ قارىغان③. ئۇنى تۈركىي سۆز دەپ قاراشتا بۇنداق پاكىتلار كەلتۈرۈلىدۇ: «بۆگۈ» سۆزى قەدىمكى تۈرك خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 682~744 ـ يىللار) دە ئورنىتىلغان «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا «bögü qkaγan bangar ancha idmiš» («بۆگۈ قاغان ماڭا مۇنداق دېدى»، شىمال تەرەپ 34 ـ قۇر) دېگەن جۈملىدە تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭ يىلتىزىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرسەك، ھۇن تىلى دەۋرىگە بېرىشى مۇمكىن. مەسىلەن، خەن سۇلالىسى ئەلچىسى جاڭ چيەن ھۇنلار قولىدا 10 يىل ئەسىر بولۇپ تۇرغان چېغىدا ھۇن تىلىنى ئۆگىنىۋالغان ھەم ئۆز خاتىرىلىرىدە بىر مۇنچە

---

① [فىرانسىيەلىك] لافارگ: «دىن ۋە كاپىتال»، سەنلىيەن كىتابخانىسى، 1963 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

② «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 157 ـ بەت.

③ ۋېي سۈيى: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹Büwi› سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 4 ـ سان.

ھۇن سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. فىرانسىيەلىك شەرقشۇناس پېللىئوت جاڭ چيەن خاتىرىلىۋالغان «秀支替戾冈，仆谷秃勾当»، يەنى «Suchi tilaygan, pugu tuγudang» (مەنىسى: قوشۇن قوزغىلىش بىلەنلا پۈگۈلار تۇتۇۋېلىندى) دېگەن جۈملىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ مەيلى گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتە ياكى لۇغەت تەركىبى جەھەتتە بولسۇن، تۈركىي تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتىدۇ①. بۇ جۈملىدىكى «仆谷» سۆزى «بۆگۈ» (bögü) سۆزىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، «بۆگۈ» سۆزى ھۇن تىلى دەۋرىدىكى تىلدىن قەدىمكى تۈرك تىلى دەۋرىدىكى تىل تەركىبىگە، ئۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە ئۆتكەن ھەم قېرىنداش ۋە قوشنا تىللارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي «بۆگۈ» دېگەن سۆزگە «ئالىم، دانىشمەن، ئەقىللىق»② دەپ تەبىر بېرىپ، ئۇنىڭ كەڭ مەنىسى بارلىقىدىن گۇۋالىق بەرگەن. تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «بۆگۈ» سۆزى تۈركىي تىللىرىدا دەسلەپ قوللىنىلىش جەريانىدا شامان دىنى كاھىنىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى»دە تىلغا ئېلىنىدىغان نۇر چۈشكەن دەرەختىن تۇغۇلغان بۆگۈخاننىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھازىرقى تۈرك، تۈركمەن تىللىرىدىكى «buju>bugu» سۆزىنىڭ «سېھىرگەرلىك، ئەپسۇن» دېگەن مەنىنى ساقلاپ قالغانلىقى بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ③. يەنە بىر تەرەپتىن، موڭغۇل تىلىغا «بۇگا» (buga) شەكلىدە كىرىپ ئۆزلەشكەن بۇ سۆزنىڭ شامان كاھىنىنى ئىپادىلەپ كەلگەنلىكىمۇ مىسال بولالايدۇ. كېيىنچە ئۇيغۇرلار بۇددا، مانى، ئىسلام دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە بۇ سۆز ئىزچىل يوسۇندا قوللىنىلىپ كەلگەن، بىراق ئۇنىڭغا ھەر قايسى دىنلارنىڭ تەسىرى ئۆتۈپ، سۆز مەنىسىدە تارىيىش ۋە كېڭىيىش، تۈس ئۆزگىرىشى بولغان.

مەلۇمكى، «بۆگۈ» سۆزى كېيىنكى زامانلاردا ئەرلەرنىڭ ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەي، ئاياللارغا قارىتىلىپ، «بۈبى، بۈۋى، بىبى، بېگىم، بۇ ـ بۈ» شەكلىدە ئىستېمال قىلىنغان. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان «بۈۋى» سۆزى ئىرانىي تىلدىن قايتىپ كەلگەن سۆز ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

### 4. خۇدا

«خۇدا» (Huda) سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «خۇدا» سۆزىگە مۇنداق يەشمە بېرىلگەن: «خۇدا (خۇداسى) (پارسچە)، دىنىي چۈشەنچىدە، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقان ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى ئىلاھىي كۈچ؛ تەڭرى، ئاللا...»④. بۇ تەبىر توغرا، بىراق «خۇدا» سۆزىنى پارسچە، دېگەن قاراش كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىلمىي خادىملار «خۇدا» سۆزىنىڭ تۈركىي سۆزدىن كەلگەنلىكىنى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۇرۇپ دەلىللەپ چىققان. يەنى «خۇدا» سۆزى تۈركىي سۆز بولغان «قۇرت ـ قۇت»تىن كېلىپ چىققانىكەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «قۇرت» سۆزىگە يەنە بىر ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «قا» (qka) قوشۇلۇپ «قۇرتقا» (qkurtqka) دېگەن شەكىلگە كېلىپ، «پەرى، ئىلاھە، ھۆرمەتلىك ئايال، ئايال يېتەكچى» مەنىسىدە كېلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. بۇ خىل ئاتاش ئادىتى لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «قۇرتقا» ناملىق رىۋايەتتە، «قۇرتقا»نىڭ پەرىلەرنىڭ بىرىنىڭ نامى ئەكەنلىكى ئېيتىلغان⑤. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى يەنە چوڭ ئانىلارنى «قۇرتقا» دەپ ئاتايدۇ ھەم

---

① ئابدۇقېيىيۇم خوجا قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، «مۇقەددىمە ئورنى»دا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى، 218 ـ بەت.

③ ۋېي سۈيىي: «ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹Büwi› سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى» (خەنزۇچە) ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 4 ـ سان.

④ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى، 483 ـ بەت.

⑤ غەيرەتجان ئوسمان تەييارلىغان: «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» 3 ـ قىسىم، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

بۇگۈنكى كۈنگىچە لوپنۇردا ھۆرمەتكە سازاۋەر، جەمئىيەتتە بەلگىلىك يۈز ـ ئابرۇيى بار، سۆز ـ ھەرىكىتى كىشىلەرگە يېقىشلىق، يۈرەكلىك، قەيسەر، شىجائەتلىك، شۇنداقلا كىشىلەر ئارىسىدا ئىناقلىق، ئىجىللىق، شاد ـ خۇراملىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچالايدىغان موماياللارلا «قۇرتقا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، 20 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا لوپنۇر ناھىيەسىدە مەتىرەم قۇرتقا، سىيلىمە قۇرتقا دېگەنگە ئوخشاش مويسىپىت موماياللار ئۆتكەنىكەن①. دېمەك، لوپنۇردا «قۇرتقا»نىڭ چوڭ ئانىلارنىڭ خاس نامى بولۇپ قوللىنىلغانلىقى ئۇنىڭ چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزى بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر ماتېرىيال.

«قۇرتقا» سۆزىدىكى «ر» (r) تاۋۇشى كېيىنچە چۈشۈپ قېلىپ، «قۇتقا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بولغان. ئۇ يەنە «قۇتا ـ قۇتاي\قۇدا ـ قۇداي» دېگەن شەكىلدىمۇ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىكى «قۇتا ـ قۇدا» سۆزى ئىرانىي تىلىغا كىرىپ «خۇدا» دېگەن سۆز شەكلىدە قوللىنىلغان ھەم كونكرېت تەڭرىدىن ئابستراكت تەڭرىنىڭ نامىغا ئايلانغان.

«خۇدا» سۆزىنىڭ «قۇرتقا» سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىرىنچى، قۇرت ـ بۆرىنىڭ مۇقەددەس ھايۋان سۈپىتىدە تونۇلغانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ھەم تارىخىي ئۇزۇن ھەم تەسىرى چوڭقۇر بولغان، يازما ۋە فولكلورلۇق ماتېرىياللىرى مول بولغان. ئىككىنچى، ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپ مۇقەددەس بىلگەن مەبۇد، تەڭرىلەر كونكرېت بولغان. ئۈچىنچى، تەڭرى ـ مەبۇدلارنىڭ جىنسىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانلارنىڭ دەسلەپ تېۋىنىش ئوبيېكتى قىلىنغىنى چىشى تەڭرىلەر بولغان. تۆتىنچى، سۈنئىي دىنلاردىكى بىر قاتار تەڭرىلەرنىڭ ئابستراكتلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەسلىي كونكرېتلىق خۇسۇسىيىتى ئاساسىدا كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ قالغان. يەنى ئابستراكت ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان «خۇدا» سۆزى ئەسلىي كونكرېت بولغان «قۇرت» (بۆرە) سۆزىدىن كېلىپ چىققان. بەشىنچى، ئىرانىي تىلىدىكى سۆز دەپ قارىلىپ كەلگەن «خۇدا»نىڭ ئېتىمولوگىيەسىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ ئېنىق بىر ئىسپاتى ھازىرغىچە كۆرسىتىلمىگەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تىلشۇناسلار «خۇدا» سۆزى تۈركىي ئاتالغۇ بولغان «قۇرتقا ـ قۇتقا ـ قۇتا» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشقا كەلگەن.

تۈركىي تىللىق خەلقلەر بۆرىنى توتېم قىلغان زامانلاردا ئانا بۆرە ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىنغان ھەم شۇ بۆرە «قۇرت» ياكى «قۇرتقا» دەپ ئاتالغان②. كېيىنچە، ئادەملەرنىڭ قىممىتى ھايۋانلارنىڭ قىممىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، «قۇرتقا» دېگەن ئاتالغۇ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇقنىڭ ئايال باشلىقىنىڭ نامىغا كۆچكەن.

خۇلاسىلىغاندا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن ئىرانىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاقىسى بىر خىل ئىجابىي ئالاقە بولۇپ، بۇ ئىككى تىل تۈركۈمىدىن نۇرغۇن سۆزلەر ئۆزئارا ئۆتۈشمە رول ئوينىغان. بۇ ھال ھەر ئىككى خىل تىلنىڭ ئىپادىلەش قىممىتىنى ئاشۇرۇشتا، لۇغەت تەركىبلىرىنى كۆپەيتىشتە، ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى كۆپ خىللاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. شۇڭا، بۇنداق ئۆتۈشمە بولغان سۆز ـ ئاتالغۇلار توغرىسىدا ئىزدىنىش مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
جاۋابكار مۇھەررىرى: رەشىدە مامۇت

① ئابلىز ئوسمان: «لوپنۇر شېۋىسىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 4 ـ سان، 55 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 446 ـ بەت.

# ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخ ۋە تىل ماتېرىيالى ــ «پادىشاھ لۇغىتى» توغرىسىدا*

## ــ قوشۇمچە «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر بىلەن «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرما تەتقىقات

ئابلىكىم ئابدۇرەشىد

مۇھىم مەزمۇنى: مىلادىيە 14 ـ ئەسىردە يەمەندە تۈزۈلگەن ئەرەبچە ـ پارسچە ـ تۈركچە ـ موڭغۇلچە ـ گىرېكچە ـ موڭغۇلچە ئالتە تىللىق لۇغەت ــ «پادىشاھ لۇغىتى» ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ جانلىق شاھىدى بولۇپ، بۇ لۇغەت مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادىكى تىللارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن مول بولغان تىل ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. «پادىشاھ لۇغىتى» بىلەن زاماندىش بولغان مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشاشلىق بار بولۇپ، بۇ ئىككى لۇغەت ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «پادىشاھ لۇغىتى»دە كۆپلىگەن ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىيالايمىز. بۇ مەلۇم دەرىجىدە بىزگە يۈەن ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا شۇنداقلا موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسى جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: «پادىشاھ لۇغىتى»؛ «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»؛ ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە سۆزلەر

«پادىشاھ لۇغىتى» بۈنىڭدىن ئالتە ئەسىر بۇرۇن ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى يەمەندە تۈزۈلگەن ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، گىرېكچە، ئەرمەنچە ۋە موڭغۇلچە ئالتە خىل تىلنىڭ سېلىشتۇرما لۇغىتى بولۇپ، 2000 ـ يىلى تىبور خالاسكۇن (Tibor Halasi_kun)، پېتېر گولدېن (Peter Golden)، لۇيىس لىگەتى (Louis Ligeti) ۋە ئېدمۇند شۈتىس (Edmund Schüts) لار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، پېتېر گولدېن (Peter Golden) تەرىپىدىن ئىزاھاتى ئىشلىنىپ برىل نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان①. «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئەل مالىك ئەل ئەفداد (Al_Malik al_Afdad) بولۇپ، يەمەندە قۇرۇلغان رەسۇلىد سۇلالىسى (مىلادىيە 1229 ـ 1454) دەۋرىدە ياشىغان. «رەسۇل» ئەرەبچە «ئەلچى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مۇئەللىپ رەسۇلىد سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولغاچقا، بۇ لۇغەتكە «رەسۇلىد ئالتە تىللىق لۇغەت» دەپ نام بېرىلگەن. مۇئەللىپ رەسۇلىد سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ھەم مۇشۇ مەزگىللەر (مىلادىيە 1363~ 1377 ـ يىللار) دە بۇ لۇغەتنى تۈزۈپ چىققان، شۇڭا بۇ لۇغەت يەنە «پادىشاھ لۇغىتى» دەپمۇ ئاتالغاندى.

### 1. تەتقىقات ئارقا كۆرۈنۈشى

«پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تىللار ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، موڭغۇلچە، ئەرمەنچە ۋە گىرېكچىدىن

---

① The King's Dictionary The Rasûlid Hexaglot: Fourteenth Century Vocabularies inArabic, Persian, Turkic, Greek, Armenian and Mongol, translated by Tibor Halasi_kun, Peter Golden, Louis Ligeti and Edmund Schüts with introductory essays by Peter Golden and Thomas T. Allsen. Edited with notes and commentary by Peter Golden, Brill, Leiden · Boston ·Köln, 2000.

ئىبارەت ئالتە خىل تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 14 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ بايقىلىشى چەت ئەل ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىنىڭ يۈكسەك دىققىتىنى قوزغىدى. پېتېر گولدېن «پادىشاھ لۇغىتى»دە خاتىرىلەنگەن بۇ ئالتە خىل تىلدىكى سۆزلۈكلەرنى ئاساس قىلىپ ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىل ئۆزگىرىش ئەھۋالى، ئىلخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تىل ماتېرىياللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى①. توماس ئالسېن ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا شەرق، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى تىللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى ۋە «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزدى②. ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرىدىن ليۇ يىڭشېڭ ئەپەندى «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىكى غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا مىللەتلەر ئالاقىسىدىكى تىل كۆۋرۈكى ـــ ‹خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى› بىلەن ‹پادىشاھ لۇغىتى› نىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى» ناملىق ماقالىسىدە «پادىشاھ لۇغىتى» بىلەن يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى مەزگىلىدە ئېلىمىزدە تۈزۈلگەن ھەر خىل سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر لۇغەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇسلۇب ـ قۇرۇلما مۇناسىۋىتى ۋە سۆزلۈكلەرنىڭ تىزىلىش قائىدىلىرىنى ئەمەلىي تىل مەسىلىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇشتۇردى③. ئۇنىڭدىن باشقا، خې چىلۇڭ «پادىشاھ لۇغىتى»دە خاتىرىلەنگەن موڭغۇلچە سۆزلۈكلەرنىڭ فونولوگىيەسى، تىرانسكرىپسىيەسى، موڭغۇلچە سۆزلۈكلەردە كۆرۈلىدىغان پارسچە ۋە تۈركچە تەركىبلەر توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى④.

«پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ بايقالغىنىغا ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلگىنىگە تېخى ئۇزۇن بولمىدى، شۇڭا «پادىشاھ لۇغىتى»نى ئۇيغۇر ئىلىم جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش شۇنداقلا «پادىشاھ لۇغىتى» ۋە ئۇنىڭ بىلەن زامانداش بولغان «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى سۆزلۈكلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، موڭغۇل ئىستېلاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى چاغاتاي دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوينىغان رولىنى تىل نۇقتىسىدىن جامائەتچىلىكنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۆتۈشنى بۇ ماقالىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى دەپ قارايمەن.

## 2. «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

«پادىشاھ لۇغىتى» تۈزۈلگەن دەۋر ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە سودا ئالاقىسى ئەۋجىگە چىققانىدى. گەرچە، بۇ خىل مەدەنىيەت ئالاقىسى جەريانىغا ئۇرۇش ئۇچقۇنلىرى پۈركەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇ ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى توسۇپ قالالمىغانىدى. سالجۇق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئېتنىك ۋە مىللەت قۇرۇلمىسى،

① Peter golden: “The World of Rasûlid Hexaglot”, in:The King’s Dictionary The Rasûlid Hexaglot: Fourteenth Century Vocabularies in Arabic, Persian, Turkic, Greek, Armenian and Mongol, translated by Tibor Halasi_kun, Peter Golden, Louis Ligeti and Edmund Schütz with introductory essays by Peter Golden and Thomas T. Allsen. Edited with notes and commentary by Peter Golden, Brill, Leiden · Boston ·Köln, 2000. pp. 1_24.

② Thomas Allsen, “The Rasûlid Hexaglot in its Euroasian Cultural Context”, in:The King’s Dictionary The Rasûlid Hexaglot: Fourteenth Century Vocabularies in Arabic, Persian, Turkic, Greek, Armenian and Mongol, translated by Tibor Halasi_kun, Peter Golden, Louis Ligeti and Edmund Schütz with introductory essays by Peter Golden and Thomas T. Allsen. Edited with notes and commentary by Peter Golden, Brill, Leiden · Boston ·Köln, 2000. pp. 25_57.

③ 刘迎胜:《中古时代后期东、西亚民族交往的三座语言桥梁 —<华语译语>与<国王词典>》的会聚点》，载沈伟荣主编《西域历史语言研究集刊》，第一辑，2007 年，第 81_102 页。

④ Ho Kai_long (何启龙): “An Initial Study for Mongolian Factors Inside The Rasûlid Hexaglot”, in: Central Asiatic Journal, 5(2008) I, pp. 36_54.

نوپۇسى نىسبىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. كۆپلىگەن ئوغۇز قەبىلىلىرى ئوتتۇرا شەرق رايونىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى. ئىراننى مەركەز قىلغان سالجۇق دۆلەتلىرى ۋە ئاناتولىيەدە قۇرۇلغان روم سۇلتانلىقى ئەرەب تىلى بىلەن پارس تىلىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت ئالاقىسىدىكى ئاساسلىق تىل قىلىپ قوللانغانىدى. تۈرك تىلى بولسا قوشۇندىكى كوردلارنىڭ ئورتاق قوللىنىدىغان تىلى بولۇپ قالغان. گەرچە، گىرېك ۋە ئەرمەن تىللىرى ئوتتۇرا شەرقنىڭ سىياسىي ھاياتىدا كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپلىگەن مىللەتلەردىن تەشكىل تاپقان ئارىلاشما مەدەنىيەت مۇھىتىدا بۇ تىللار مۇئەييەن مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولغانىدى، بولۇپمۇ سودا ـ سېتىق، مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇشتا بۇ تىللارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۈچى بار ئىدى.

موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى ئېچىلدى. موڭغۇل ئىستېلاسى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن رايونلارنىڭ مىللەت ۋە قوۋم قۇرۇلمىسىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. نەتىجىدە زور داۋالغۇش ۋە قوۋم ـ مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى①. كۆپلىگەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر بەزىدە موڭغۇل قوشۇنى تەركىبىدە ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن ئامان قېلىش ئىستىكىدە كۆچۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق تەركىبلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا موڭغۇل تەركىبلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. چىڭگىزخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن موڭغۇل ئىمپېرىيەسى نۇرغۇن ئۇلۇسلارغا بۆلۈنۈپ كەتتى. جوجى قىپچاق دالاسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ چاغاتاي ئۇلۇسى بولسا ماۋارائۇننەھرنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئىگىلىدى؛ ئوگداي بولسا تارباغاتاي ۋە بالقاش كۆلى رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى؛ چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى بولسا يۈەن سۇلالىسى دائىرىسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. مۇشۇ مەزگىلدە ئىراندا قۇرۇلغان ئىلخانىيلار خانلىقى كۆپلىگەن مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان موڭغۇل خاندانلىقى بولۇپ، تەركىبىدە ئەرەب، پارس، تۈرك، موڭغۇل، گىرېك ۋە ئەرمەن تىللىق خەلقلەر ياشىغانىدى.

كۆپلىگەن مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان كەڭ دائىرىدىكى مەدەنىيەت ۋە سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشتا چوقۇم مۇشۇنداق تىللاردىن تەركىب تاپقان سۆزلۈكلەرگە موھتاج بولاتتى. دەل مۇشۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە، موڭغۇلچە، گىرېكچە ۋە ئەرمەنچىدىن ئىبارەت ئاساسلىق مەدەنىيەت ۋە سىياسىي تىللىرىنى بىر ـ بىرىگە چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر لۇغەتنىڭ تۈزۈلۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانىدى. مۇشۇ ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا كۆپلىگەن قوش تىللىق ۋە ياكى ئۈچ ياكى تۆت تىللىق لۇغەتلەر مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلاردىن ئەبۇلقاسىم جەرۇللاھ مەھمۇد ئەل زەمەخشارىنىڭ «مۇقەددىمەت ئەل ئەدەب»②، جامالىدىن ئىبنى ئەل مۇھەننانىڭ «ھىلىيەت ئەل ئىنسان ۋە ھەلبەت ئەل لىسان»③، مىلادىيە 1343 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدىغان خەلىل بىن مۇھەممەد بىن يۈسۈف ئەل قۇنەۋىنىڭ «كىتاب مەجمۇئە تەرجۇمان تۈركى ۋە ئەجەمى ۋە مۇغالى ۋە فارسى»، شەرەففىدىن ئەبۇ ھەييان ئەل گىرناتىنىڭ «كىتاب ئەل ئىدراك لى لىسان ئەل ئەتراك»④، جامالىدىن ئەبۇ

① Sir Gerard Clauson, Turkish and Mongolian Studies, The Royal Asiatic Society of Great Britain and Ireland, London, 1962, p.47

② ئەبۇلقاسىم جەرۇللاھ مەخمۇد ئەل زەمەخشارى (مىلادىيە 1075~1144 ـ يىللىرى) نىڭ «مۇقەددىمەت ئەل ئەدەب» ناملىق بۇ لۇغەتنى ئەسلىدە خارازىم شاھى ئاتسىز (مىلادىيە 1127~1156 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئەرەبچە ئۆگىنىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن لۇغەت بولۇپ، كېيىنچە بۇ لۇغەتكە خارازىم تۈركچىسى، پارسچە، ئوسمان تۈركچىسى ۋە چاغاتايچە سۆزلۈكلەر قوشۇلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى تۈركچە ۋە موڭغۇلچە تەركىبلەر «پادىشاھ لۇغىتى» بىلەن زامانداش كېلىدۇ.

③ بۇ لۇغەتتە تۈركچە، موڭغۇلچە ۋە پارسچە سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سۆزلۈكلەر ئەرەب تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ لۇغەت ئىچىدىكى تۈركچە سۆزلۈكلەردە خاقانىيە تىلى، تۈركمەن تىلى ۋە قەدىمكى ئەزەرى تىلىنىڭ تەركىبلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قاراڭ:

P. Melioranskij, Arab Filolog o tureckom jazyke, St. Petersburg, 1900; Kilisli Rif'āt, Hilyat al-Insān wa Halbat al-Lisān. Fārsi, Türkče, Moġolja, Istanbul, 1919-1921.

④ بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈركچە، پارسچە، ھەبەشچە ۋە كاپتىك تىللىرىنىڭ لۇغىتىنى تۈزۈشكە قاتناشقان. بۇ لۇغەتكە قىپچاق، تۈركمەن، ئۇيغۇر ۋە خارازىم تۈركچىسىدىكى سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

مۇھەممەد ئابداللاھەت تۈركىينىڭ «كىتابى بۇلغات ئەل مۇشتاق فى لۇغەت ئەت تۈرك ۋە ئەل قىفچاق»① ۋە بەدرەدىن ئىبراھىمنىڭ «فەرھەڭگى زەفان گۇيا ۋە جەھان پۇيا»)② قاتارلىق لۇغەتلەرنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ.

«پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ مۇئەللىپى ئەل مالىك ئەل ئەفداد مىلادىيە 1363 ـ 1377 ـ يىللار (ھىجرىيە 764~778 ـ يىللار) دا رەسۇلىد سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە يەرلىك توپىلاڭغا دۇچ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىپ پادىشاھلىق سەلتەنەتىدىن ۋاز كېچىپ قەلەمدارلىق يولىغا ماڭغان. مۇئەللىپنىڭ قىزىقىشى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، ئاسترونومىيە، كالىنىدارچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، جەڭ ماھارىتى، تېرمونولوگىيە، يېمەكلىك، پەرھىز، جۇغراپىيە، شەجەرە، خەزىنە باشقۇرۇش، سىياسىي نەزەرىيە ۋە سۆزلۈك توپلاش قاتارلىق كۆپ ساھەلەرگە تۇتۇشاتتى. «پادىشاھ لۇغىتى» بولسا مۇئەللىپنىڭ مۇشۇنداق كۆپ تەرەپلىمە قىزىقىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

## 3. «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ قۇرۇلمىسى

«پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى ئالاھىدە بولۇپ، ئۇ ئۇسلۇب ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ھازىرقى زامان ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن سۆزلۈكلەر لۇغىتىگىمۇ شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى لۇغەت تۈزۈش ئەنئەنىسىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»كىمۇ ئوخشىمايدۇ. «پادىشاھ لۇغىتى» بۇنىڭدىن ئىلگىرى تۈزۈلگەن ۋە زاماندىش بولغان تىل مەنبەلىرى ۋە لۇغەتلەر ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولۇپ، «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ قولىيازمىسىنى قۇرۇلما جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ:

1 ـ بۆلەك (قولىيازمىنىڭ 186 ـ بېتىدىن 197 ـ بېتىگىچە): بۇ بۆلەكنىڭ ھەر بىر بېتىگە ئىككى ستون، ھەر بىر ستون ئەرەبچە ـ پارسچە ـ تۈركچە ـ گىرېكچە ـ ئەرمەنچىدىن ئىبارەت بەش خىل تىلدىكى سۆزلۈكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ستونلار ستون A ۋە ستون B دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭدىن باشقا قولىيازمىنىڭ 2 ـ بۆلىكىنىڭ ھەر بىر بېتىدە ئۈچىنچى بىر ستون بار بولۇپ، ئۇ ستون C دەپ ئاتالدى. بۇ ستوندا ئەرەبچە ـ موڭغۇلچە، ئەرەبچە ـ تۈركچە، ئەرەبچە ـ پارسچە سۆزلۈكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

2 ـ بۆلەك (قولىيازمىنىڭ 197 ـ بېتىدىن 205 ـ بېتىگىچە): 2 ـ بۆلەكنىڭ ھەر بىر بېتى ئۈچ ستونغا ئايرىلغان بولۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ستون A، ستون B، ستون C دەپ ئاتالدى. ھەر بىر ستونغا ئەرەبچە ـ پارسچە ـ تۈركچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قولىيازمىنىڭ 205 ـ بېتىگە جەمئىي تۆت ستون ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۆتىنچى ستون بولسا ستون D دەپ ئاتالدى.

«پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ كۆپ قىسىم بەتلىرىگە 29 قۇردىن 31 قۇرغىچە (205 ـ بېتىدە 45 قۇر) سۆزلۈكلەر يېزىلغان. قولىيازمىنىڭ 206 ـ بېتىنىڭ ھاشىيەسى (قۇر ۋە ستون تېشى)غا ئەرەبچە ـ پارسچە ـ تۈركچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر يېزىلغان. 211 ـ بېتىگە قىسقىچە ئەرەبچە ـ پارسچە ـ تۈركچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر يېزىلغان.

«پادىشاھ لۇغىتى»دىكى سۆزلۈكلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) ئېتىقاد ۋە دۇنيا چۈشەنچىسىگە ئائىت سۆزلۈكلەر؛ (2) پېئىللار؛ (3) رەۋىشلەر؛ (4) ئادەم بەدىنىنىڭ ناملىرى؛ (5) تۇغقاندارچىلىق ئاتالغۇلىرى؛ (6) سۈپەتلەر؛ (7) كۈن ۋە بايرام نامىلىرى؛ (8) ئاسمان جىسىملىرىنىڭ نامى؛ (9) پەسىل ناملىرى؛ (10) تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ نامى؛ (11) مال ـ مۈلۈك ناملىرى؛ (12) ئۆسۈملۈكلەر نامى؛ (13) يەل ـ يېمىش نامىلىرى؛ (14) كىيىم ـ كېچەك نامىلىرى؛ (15) مىتال نامىلىرى؛

---

① بۇ لۇغەتنى تۈزگۈچى 14 ـ ئەسىردە مەملۇكلەر دائىرىسىدە ياشىغان تۈرك تىللىق كىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇ لۇغەتكە ئوغۇز ۋە قىپچاق تىلىدىكى سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن. قاراڭ:

Peter golden: "The World of Rasûlid Hexaglot", in:The King's Dictionary The Rasûlid Hexaglot: Fourteenth Century Vocabularies in Arabic, Persian, Turkic, Greek, Armenian and Mongol, translated by Tibor Halasi-kun, Peter Golden, Louis Ligeti and Edmund Schüts with introductory essays by Peter Golden and Thomas T. Allsen. Edited with notes and commentary by Peter Golden, Brill, Leiden · Boston ·Köln, 2000. p.17 .

② بۇ لۇغەتكە نەباتىيانچە (ئەرەبچە ۋە ئارامىكچە)، رۇمچە (گىرېكچە، لېتىنچە ۋە سۈرىيە تىللىرى) ۋە تۈركچە سۆزلۈكلەر كىرگۈزۈلگەن.

(16) هايۋانات ناملىرى؛ (17) قورال ـ سايمان، جابدۇق ناملىرى؛ (18) رەڭ ناملىرى؛ (19) قۇش ناملىرى.

## 4. «پادىشاھ لۇغتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

«پادىشاھ لۇغتى»دە خاتىرىلەنگەن تۈركچە سۆزلۈكلەر كۆپ مەنبەلىك بولۇپ، ئۇلارنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تىلغا ئايرىش مۇمكىن:

**قىپچاق ـ ئوغۇز تىللىرى:** «پادىشاھ لۇغتى»دىكى كۆپ قىسىم سۆزلۈكلەر قىپچاق ۋە ئوغۇز تىللىرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، لۇغەتتىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئاساسىي سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. «پادىشاھ لۇغتى» تۈزۈلۈشتىن ئىلگىرىكى مەملۇك سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن تۈركچە ۋە ئەرەبچە لۇغەتلەردە قىپچاق ـ ئوغۇز تىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئانچە ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما «پادىشاھ لۇغتى» تۈزۈلگەن 14 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە بۇ ئىككى تىل ئوتتۇرىسىدا پەرق كۆرۈلۈشكە باشلىغان. مەسىلەن: قىپچاقچە k، ئوغۇزچە g (كۆز = گۆز)؛ قىپچاقچە b، ئوغۇزچە v (بىر = ۋىر).

**قەدىمكى تۈرك تىلى:** «پادىشاھ لۇغتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەرنىڭ ئىچىدىن قەدىمكى تۈرك تىلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سۆزلەرنىمۇ بايقاش مۇمكىن. مەسىلەن: ben (مەن). بۇ سۆز قىپچاق ۋە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئوغۇزچىدىن باشقا تۈركىي تىللىرىدا men شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە quduruq (قۇيرۇق)، adaq (ئاياق)، čîgan (يوقسۇل)، tangri (تەڭرى، ئىلاھ) قاتارلىق قەدىمكى تۈركچە سۆزلۈكلەر ئۇچرايدۇ.

**خارازىم تۈركچىسى:** خارازىم تۈركچىسى خاقانىيە تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋرگە مەنسۇپ تىل بولۇپ①، خاقانىيە تىلىدىكى ئەدەبىي تىل سۆزلۈكلىرىنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە مەنبەسى قىلغانىدى. «پادىشاھ لۇغتى»دىكى يەنە بىرقىسىم سۆزلۈكلەر مەنە ۋە فونېتىكا جەھەتتە مۇشۇ دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇھىم ئەدەبىي تىلى ۋە يازما تىللىرىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆزلۈكلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئەينى ۋاقىتتىكى خاقانىيە تىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يېتەكچى ئورتاق تىل بولغان چاغاتاي تىلىغا ئۆزگىرىش جەريانىنىڭ بىر تەرىپىنى چۈشىنىشتە مۇئەييەن دەرىجىدە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. «پادىشاھ لۇغتى»دىكى خارازىم تۈركچىسى سۆزلۈكلىرى قىپچاق دالاسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىرىدىن كىرگەنىدى.

**ئۇيغۇر تىلى:** مەيلى «پادىشاھ لۇغتى» تۈزۈلگەن دەۋردە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ (بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر تىلى تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تۇرپان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ). موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرق ۋە غەرب تارماقلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى بىلەن شەرق ـ غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى ئالاقە تىللىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان پائول پېللىئوت موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ غەربىي تارمىقىدىكى مۇھىم ئالاقە تىلىنى پارس تىلى دەپ ئاتىسا②، باشقىلار بۇ ئالاقە تىلىنى دەل ئۇيغۇر تىلىدۇر، دەپ كۆرسىتىدۇ③.

تەتقىقات ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئالتۇن ئوردا خانلىقى مەزگىلىدە ئۇيغۇر تىلىمۇ خۇددى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ئوخشاش سارايدىكى مۇھىم تىللاردىن بىرى بولۇپ قوللىنىلغانىدى④. يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا قوللىنىلغان تىللاردىن موڭغۇل، خەنزۇ، تىبەت، پارس، ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇت تىللىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەلەم ـ قەلەم جەھەتتىكى ئىستېداتى بىلەن يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا يۇكسەك ھۆرمەتكە

① Talat Tekin . Mehmet Ölmez: *Tụrk Dilleri Giriş*, Istanbul, 2003, 36.

② Paul Pelliot, “Les influences iranniennes en Asie Centrale et en Extrême *Orient”, Revue Indochinoise* 18 (1912) 13–15.[

③ A. P. Grigor’ev, “Oficial’nyj jazyk Zolotoj Ordo XIII–XIV vv”, *Tjurkologičeskij* Sbornik, 1977 (Moskow1981), 81–89.

④ A. A. Semënov, “Očerk kul’turnoj ujgurov v mongol’skix gosudarstvax”, in: G. S. Sadvakasov et *al. Materialy* po istorii’i kul’ture ujgurskogo naroda (Alma–ata 1978), 22–48.

سازاۋەر بولغان ئۇيغۇرلارمۇ ئاز ئەمەس. «پادىشاھ لۇغىتى» تۈزۈلگەن مەزگىلدىكى ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ نۇقتىنى «پادىشاھ لۇغىتى»دە كۆرۈلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. پارسچە f بىلەن، تۈركچە p نىڭ ئالمىشىشى پارسچىدىن كىرگەن سۆزلۈكلەردە كۆپ ئۇچرايدىغان فونېتىكا ھادىسىسى بولۇپ، تۈركىي تىللىرىدا ئەسلىدىنلا f تاۋۇشى بولمىغاچقا، بۇ تاۋۇش تۈركىي تىللىرىدا ھەمىشە p بىلەن ئىپادىلەنگەن. ئەمما، بۇ خىل فونېتىكىلىق ھادىسە ئۇيغۇر تىلىدا ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، تۈرك، ئەزەرى، تۈركمەن، ئۆزبېك تىللىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆز ھەمىشە p بىلەن ئىپادە قىلىنغان. مەسىلەن: پارسچە «فىرىشتە» ئۇيغۇرچىدا «پەرىشتە» قىلىپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇنداق سۆزلۈكلەر «پادىشاھ لۇغىتى»دە كۆپ ئۇچرايدۇ.

## 5. «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ئۈستىدە قىسقىچە سېلىشتۇرما

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە پايتەخت خانبالىق (ھازىرقى بېيجىڭ) تا موڭغۇل، خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى ئۆگىنىدىغان ئورگان (مەكتەپ) تەسىس قىلىنغانىدى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭلې 5 ـ يىلى (مىلادىيە1407 ـ يىلى) دا دانىش ـ ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە يات قوۋملار مەھكىمىسى تەسىس قىلىنىپ، تاتار (موڭغۇل)، تىبەت، ھىندى، پارس، جورجىت، بەيىي (جەنۇبىي جۇڭگودىكى بىر ئاز سانلىق مىللەت)، ئۇيغۇر ۋە بىرما تىل ـ يېزىقلىرى ئۆگىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، يات قوۋملار مەھكىمىسى تەرجىمە مەھكىمىسىگە ئۆزگەرتىلگەن. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يات قوۋملار مەھكىمىسى ئېلىمىزدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئاسىيا تەتقىقات ئورنى بولۇپ، بەزىلەر ئۇنى تەرجىمە مەھكىمىسى ياكى تەرجىمە ئىدارىسى دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاسىيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ تىل ۋە يېزىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگان ئىدى①.

«پادىشاھ لۇغىتى» بىلەن مىڭ دەۋرىدە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئۇيغۇر مەھكىمىسى تۈزگەن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى» (畏兀児館譯語) زامان جەھەتتىن دەۋرداش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى، قۇرۇلمىسى، سۆزلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەگەر بىز تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساق، «ئىدىقۇت مەھكىمە سوزلۈكى»دىكى سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ تەرتىپى بولغان ئاسمان قىسمى، يەر قىسمى، ۋاقىت قىسمى، گۈل ـ گىياھ قىسمى، جانىدارلار قىسمى، ئادەملەر قىسمى، بەدەن قىسمى، ئوردا قىسمى، جابدۇقلار قىسمى، كىيىم ـ كېچەك قىسمى، چىنتاشلار قىسمى، يېمەك ـ ئىچمەك قىسمى، يېزىق ـ سىزىق قىسمى، تەرەپ ـ نىشان قىسمى، بوياق قىسمى، سان قىسمى، يۈرۈش ـ تۇرۇش قىسمى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

«پادىشاھ لۇغىتى»دىكى سۆزلەر خاراكتېر جەھەتتىن 19 تۈرگە ئايرىلغان بولسا، «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى سۆزلۈكلەر 17 تۈرگە ئايرىلغان. گەرچە، رەت ـ تەرتىپى جەھەتتىن ئوخشاشلىق كۆرۈلمىسىمۇ، ئەمما تۈرگە ئايرىلىش ئۇسۇلى ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى لۇغەت ئوتتۇرىسىدا سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىش ــ مەلۇم نۇقتىدىن تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ۋە تەرجىمە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. تۆۋەندە «پادىشاھ لۇغىتى» بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە تەڭ كۆرۈلىدىغان تۈركچە سۆزلۈكلەر بىلەن ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر ئۈستىدە قىسقىچە سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىلىدۇ.

| «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» | تەرجىمىسى | «پادىشاھ لۇغىتى» |
| --- | --- | --- |
| 1. ئاسمان قىسمى | | |
| [1] Täŋri | تەڭرى | teŋri |
| [3] kün | كۈن | kün |
| [5] yultus | يۇلتۇز | yildiz |

① 刘迎胜:《宋元至清初我国外语教学史研究》,《江海学刊》1998 年第 3 期。

| | | |
|---|---|---|
| ay | ئاي | [4] ay |
| ay tutundi | ئاي تۇتۇلدى | [21] ay tutulde |
| yel | شامال | [7] yäl |
| buz | مۇز | [13] muz |
| qar | قار | [12] qar |
| yaɣmur | يامغۇر | [11] yaɣmur |
| öl | شەبنەم | šiküdärin |
| ötkün ot | گۈلدۈرماما | [9] körkirädi |
| yildirim | چاقماق | [10] čaɣeldi |
| bulut / bulit | بۇلۇت | [8] bulet |
| tuman | تۇمان | ①[17] manan |
| batmaq | كۈن پاتماق | [32] kün batte |
| boraɣan | بوران | [36] börɣan |

2. يەر قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| yer | يەر | [43] yir |
| taɣ | تاغ | [45] taɣ |
| taš | تاش | [59] taš |
| deŋiz | دېڭىز | [75] kötki |
| ariq | دەريا | [48] möran |
| ögüz | دەريا / ئۆگۈز | ②[51] ögüz |
| köl | كۆل | [49] köl |
| piŋar / biŋar / puŋar / miŋar | بۇلاق | [54] bulaq |
| quyu | قۇدۇق | [52] quduq |
| ulus | شەھەر | ③[56] ulus |
| kent | كەنت | ④[58] šildägän |
| iraq | يىراق | [63] yeraq |
| yavuq | يېقىن | [64] yaqen |

① بۇ سۆز تۈركچىدە «تۇمان» دەپ ئاتىلىدۇ. «تۇمان» سۆزى تۈركچىدىن روسچە ۋە باشقا تىللارغا كىرگەن. بۇ يەردىكى «مانان» سۆزى ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىدا «تۇمان» مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

② «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە خەنزۇچىدىكى 江 نى «مۆرەن» دەپ، 河 نى «ئۆگۈز» دەپ تەرجىمە قىلغان. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، 江 سۆزى چاڭجياڭ دەرياسىنى، 河 سۆزى خۇاڭخې دەرياسىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، 江 ناھايىتى بۇرۇنقى مەزگىللەردە جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرىدىن خەنزۇ تىلىغا كىرگەنىدى. قاراڭ:

JerryNorman and *Tsu_linMei*. "The Austroasiatics in ancient China: SomeLexicalEvidence", in, Monumenta. Serica. Vol .32 (1976), pp. 274 ~ 301.

③ «ئۇلۇس» دېگەن سۆز موڭغۇلچىدە «خەلق، كىشىلەر، قەبىلە، دۆلەت» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئوخشىمىغان تىل مۇھىتىدا ئوخشىمىغان مەنىلەرگە ئىگە بولغان. «پادىشاھ لۇغىتى» دە «ئۇلۇس» دېگەن سۆز «شەھەر» مەنىسىدە كەلگەن. بۇ سۆزنىڭ پارسچە پاراللېل سۆزى «شەھەر» بولۇپ، بۇ سۆز ئەسلىدىكى xsaθra (پادىشاھلىق، خاندانلىق) دىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. قاراڭ:

Paul Horn: *Grundriss der Neupersischen Etymologie*, Strassburg, 1893, p.177.

④ ئۇيغۇرچىدە «كەنت، يېزا» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ayel دېگەن سۆز «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»نىڭ يەر قىسمىدا ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ يەردە ئۇچرايدىغان šildägän بەلكىم موڭغۇلچە «كەنت» šildagan بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

www.uygurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| [44] topraq | توپراق | topraq |
| [65] toq tömal | چاڭ ـ توزاڭ | toz |
| ①[68] sin | قەبرە | sin |
| [70] bazar | بازار | bazar |
| [78] aqar suw | ئاقار سۇ | aqar arq |

(3) ۋاقىت قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| [81] yaz | باھار | yay |
| ②[82] yay | ياز | yaz |
| [83] küz | كۈز | küz |
| [84] qeš | قىش | qiš |
| [85] yel | يىل | yil |
| ③[108] äski yel | بۇلتۇر | bildir |
| ④[106] taŋda yel | كېلەر يىل | kiderye yil |
| [103] bu kün | بۈگۈن | bukün / bugün |
| [104] taŋda kün | ئەتە | yarin |
| [91] ärtä | ئەتىگەن | erte |
| [97] käče / qaraŋγu | ئاخشام | ahšam |
| [98] käčeräk bolde | تۈن | qaraŋgu dün |
| [93] yaŋe | يېڭى | yeŋi |
| [94] äski | كونا، بۇرۇنقى | äski |
| [96] soyuq | سوۋۇق، سوغۇق | ⑤tulmi |
| [90] isiq | ئىسسىق | isi |
| [102] ämde ـ qä | ئەمدى، ھازىر | imdi |
| [100] qurude | قۇرۇدى، قۇرۇق | quruγ |

---

① sin قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچىدىكى «مازار، قەبرە» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، بۇ سۆز ئەڭ بۇرۇن «تېرخىن ئابىدىلىرى»دە كۆرۈلىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىمۇ بۇ سۆز qātūn sini شەكلىدە خاتىرىلەنگەن. «مازار، قەبرە» دېگەن سۆزلەر كېيىن ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

② «پادىشاھ لۇغىتى»دە پەسىل نامى بولغان «ياز» بىلەن «ياي» ئالمىشىپ قالغان. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە تۈرك تىللىرىدا yaz «باھار»نى كۆرسەتسە، yay «ياز»نى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى تۈرك تىلىدا «ياز» پەسلىنىڭ بېشى يەنى ھازىرقى تىلىمىزدىكى «باھار» بولۇپ، بۇ خىل مەنە جەھەتتىكى كېيىنكى ئۆزگىرىش مەزگىللەردە شەھەرلەشكەن تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىللىرى (ئوسمانلى تىلى بىلەن چاغاتاي تىلى) دا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. «ياي» دېگەن سۆز «يايلا»، «يايلاق»دىكى «ياي» بىلەن تومۇرداش بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى «ئىسسىقتىن ساقلانماق، سايىدىماق» دېگەندىن ئىبارەت. قاراڭ:
〔法〕路易•巴赞 著 耿昇 译 《突厥历法》，中华书局，1998年，第64页。

③ «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى «ئەسكى يىل» دېگەن سۆز بەلكىم خەنزۇچىدىكى 旧年 (*jiu*ـ*nian*) نىڭ بىۋاسىتە مەنە تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى «ئەسكى يىل»نىڭ خەنزۇچە پاراللېل سۆزى 旧年 ئىدى.

④ «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى «تاڭدا يىل» دېگەن سۆز بەلكىم خەنزۇچىدىكى 明年 (*ming*ـ*nian*) نىڭ بىۋاسىتە مەنە تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى «تاڭدا يىل»نىڭ خەنزۇچە پاراللېل سۆزى 明年 ئىدى.

⑤ «پادىشاھ لۇغىتى»دە ئۇچرايدىغان «سوغۇق» مەنىسىدىكى بۇ tulmi دېگەن سۆز بەلكىم «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە ئۇچرايدىغان tumluγ (سوغۇق) نىڭ ئوغۇزچە ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن ياكى lm ←ml ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن ئالمىشىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن ۋارىيانت بولۇشى مۇمكىن.

(4) گۈل ـ گىياھ قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| [127] čäčäk | چېچەك (گۈل) | čiček |
| [128] yeγač | دەرەخ | iγač |
| [129] sögöt | سۆگەت | sögüt |
| [130] yämiš | يېمىش (مېۋە) | yimiš |
| [147] buzumla | نەشپۈت | armut |
| [144] äruk | ئۈرۈك | erik |
| ① [143] töluk | شاپتۇل | qara erik |
| [170] üzüm | ئۈزۈم | üzüm |
| [146] qobuqan | جىگدە | yidde |
| [172] qaγun | قوغۇن | qavun |
| [150] čebeq ـ e | چىۋىق (پۇتاق) | butaq |
| [149] yeldez | يىلتىز | düb |
| [152] yaberqaq | يوپۇرماق | yapraq |
| [161] sadun | سامساق | sarmisaq |
| [160] soγon | سوغان | soγan |
| [132] saman | ئوت (سامان) | ot |
| [134] arpa | ئارپا | arpa |
| [133] burčaq | پۇرچاق | burčaq |
| [131] qameš | قومۇش | qamiš |
| [153] uruqi | ئۇرۇق | ašiq |
| [179] käbäz | كېپەز، پاختا | pahta |

(5) جاندارلار قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| [195] at | ئات | at |
| ②[205] täw ـ ä | تۆگە | deve |
| ③ [210] qader | قېچىر | qatir |
| [209] išäk | ئېشەك | ešek |
| ④[206] yänkä | پىل | ya γ an |

① بۇ سۆز «ئۇيغۇر مەھكىمىسى تۈزگەن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ تەرجىمىسى»دە šaftalu (شاپتۇل) دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

② «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» بىلەن «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى ھايۋانلارنىڭ نامىدا روشەن رايون ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، «پادىشاھ لۇغىتى»دە تۆگىنىڭ ئوخشىمىغان يېشى، رەڭگى، جىنسىغا قاراپ ئوخشاشمىغان ناملار خاتىرىلەنگەن. ئەمما «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە تۆگە دەپ بىرلا نام خاتىرىلەنگەن. «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە يېشى ۋە رەڭگىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا ئاساسەن تايىلىڭ، بۆز، قۇلا، قىردە، بۆردە، قارا ئات، ئاغدا، ئايغىر، قۇلان تايى، بايتال، قۇلۇن، تۇبۇچاق، ئارغۇماق قاتارلىق 13 تۈرلۈك ئات نامى خاتىرىلەنگەن.

③ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە بۇ سۆز «قاتىر» (*qatir*) دەپ خاتىرىلەنگەن. قاراڭ:

Kashgari, *Divan Lughat al_Turk, Compendium of the Turkic Dialects.* Part I, trans. by Robert Dankoff (with J. Kelly), Harvard Press. 1982_1985. p.281.

④ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «پىل» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىن پارسچە ئارقىلىق كىرگەن سۆز بولۇپ، 8 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرچە مانى دىنى مەتىنلەردە ۋە باشقا ئۇيغۇرچە بۇددىزىم مەتىنلىرىدە *yäṅkä* ۋە *yaγan* شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ئەمما كىلاۋسوننىڭ پىكرىچە، بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. توخرى A تىلىدا *oñkaläm*، توخرى B تىلىدا *oñkolmo* دەيدىغان سۆز بار بولۇپ، مەنىسى «پىل» ئىدى. بۇ سۆزنى angh$^{w}$i+k$^{w}$lmo دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى angh$^{w}$i نىڭ ئەسلىي مەنىسى «پىل» ئىدى. بۇ سۆز مەنە ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۇيغۇرچىدىكى yäṅkä ۋە yaγan غا يېقىن بولۇپ، بەلكىم بۇددا دىنى ۋاستىسى ئارقىلىق توخرىچىدىن ئۇيغۇرچىغا كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

| | | |
|---|---|---|
| inek | ئىنەك | [215]inäk |
| qoyun | قوي | [190] qoy |
| arslan | شىر | [220] arslan šir |
| qablan | قاپلان | ① [212] šelasun |
| qurt | بۆرى | [211] böri |
| it | ئىت | [199] it |
| tonuz | توڭگوز | [200] tonguz |
| qulan | قۇلان | [238] qulan |
| tafšan | توشقان | [192] tawešqan |
| bičin | مايمۇن | [197] bičin |
| sičan | چاشقان | [189] sečqan |
| yilan | يىلان | [194] yilan |
| kiš | بۇلغۇن | ②[226] qiš |
| turna | تۇرنا | [224] quɣu |
| daquq | توخۇ | [198] taqaw |
| qaz | غاز | [207] qaz |
| kärdö | ئۆردەك | [208] ördäk |
| tiyiŋ | تىيىن | [228] tayeŋ |
| quš | قۇش | [187] quš |

(6) كىشىلەر قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| yavuq | تۇغقان | [285] uruq_tareq |
| ata | ئاتا | [247] ata |
| kiši | ئەر | [249] är |
| ana | ئانا | [258] ana |
| siŋil | سىڭىل | [262] singi |
| qarintaš | ئاكا ـ ئۇكا | [254 ،253] aɣa_ini |
| taɣayi | تاغا (ئانا تەرەپ) | [320] naqaču |
| ulu ata | چوڭ دادا | [256] uluq ata |
| kelin | كېلىن | [324] kälin |
| küyevü | كۈيئوغول | [328] kütägüsi |
| yigit | يىگىت | [252] yigit |
| oɣlan | ئوغۇل | [264] oɣul |
| qari | قېرى | [287] qari kiši |
| qarindaš | تاغا (ئاتا تەرەپ) | [257] abuqa_a |
| qiz | قىز | [265] kez |

① *šelasun* بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ئېنىق ئەمەس. بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى *sun* ـ دېگەن موڭغۇلچە قوشۇمچىدىن بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي موڭغۇلچە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بەلكىم بۇ سۆز šil(a)+sun دىن ئىبارەت ئىككى قىسمدىن تەركىب تاپقان بىرىكمە سۆز بولۇشى، ئالدىنقى قىسمى بولغان *šil(a)* ئۇيغۇرچىدىكى *čil* بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

② بۇ سۆز ئەسلىي قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇشى مۇمكىن. «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى»نىڭ موڭغۇلچە سۆزلۈك قىسمىدا 貂鼠 بولسا «بۇلغۇن» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. *qiš* دېگەن سۆز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە *kiš*، *kišqudruqi* دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ سۆز «ئۇيغۇر مەھكىمىسى تۈزگەن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ تەرجىمىسى»نىڭ جاندارلار قىسمىدىمۇ kiš دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

| | | |
|---|---|---|
| qul | قۇل | [290] qul kiši |
| yengga | يەڭگە | [260] yingäzi |
| tayza | هاما (ئانا تەرەپ) | ① [259] qaqa mäkči |
| kiši | ئايال كىشى | [323] qatun |
| beg | بەگ | [275] Bäg ešler |
| čavuš | باش | ② [338] tawmu |
| eyü | ياخشى (كىشى) | [311] yaqši (kiši) |
| yavuz | يامان (كىشى) | [312] yaman (kiši) |
| delbe | نادان، ئەخماق | ③ [314] murγi |
| uluγ | چوڭ، ئۇلۇغ | [251] uluq |
| bilgä | دانا | [294] bilgüči |
| saγdič / adaš ④ | دوست | [286] išläri |
| til bilgän | تەرجىمان | [307] kälämäči |
| tutuγči | ئۇلاغچى، ئات باقار | [306] ulaqči |
| ini | ئىنى | [254] ini |
| yat | يات | [336] tašqari kiši |
| qoldaš | نۆكەر | [305] nökör |
| padišah | خاقان | [291] qaqan |
| müsülman | مۇسۇلمان | [340] musurman |
| qonaq / qonuq | مېهمان | [304] kütän |
| uslu | ئەقىللىق، زېرەك | [298] uqquče |
| uz | هۈنەرۋەن | [405] us kiši |

(7) بەدەن قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| ärin | قول | [363] ilik |
| irin / irni, tutaq⑤ | كالپۇك | [362] il |
| tirnaq | تىرناق | [378] teŋraq |
| bil | بەل | [369] bäl |

① qaqa mäkči دىكى qaqa سۆزى ئەسلىدە kuku بولۇپ، «ئانىسىنىڭ ئاچىسى ۋە سىڭلىسى»نى كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئېيتىشىچە، ئەڭ توغرىسى kukuyدۇر.

② بۇ سۆز خەنزۇچە 头目 (tou_mu) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

③ بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ئېنىق ئەمەس. «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللاردىكى سۆزلۈكلەرنىڭ تەرجىمىسى»نىڭ موڭغۇلچە سۆزلۈك قىسمىدا «نادان، ئەخمەق» دېگەن سۆزگە موڭغۇلچە ئوخشاشلا murγi دېگەن سۆز قوللىنىلغان.

④ بۇ سۆز saγ+dič دىن ئىبارەت ئىككى قىسمدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، say «راست، يىقىن، ھەقىقىي» دېگەن مەنىگە ئىگە؛ dič تۈركىي تىللىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان قوشۇمچە بولۇپ، فونكتسيەسى ئېنىق ئەمەس. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «يىقىن دوست، ھەقىقىي دوست» دېگەنلىك بولىدۇ. قاراڭ:

Sir Gerard Clauson, *Turkish and Mongolian Studies*, The Royal Asiatic Society of Great Britain and Ireland, London, 1962, p.146.

⑤ ärin ناھايىتى قەدىمكى تۈركچە سۆز بولۇپ تۈركىي تىللىرىدا كەڭ قوللىنىلغان. ئوغۇز تۈركچىسىدىكى «كالپۇك» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز tutaq ياكى tutaγ بولۇپ بۇ سۆز كىلاۋسوننىڭ «13 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»دە بۇ سۆز كۆرۈلمەيدۇ. ärin سۆزىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «لەۋ»، tutaq بولسا ئەڭ دەسلەپتە «ئاياللارنىڭ جىنسى ئەزاسى» دېگەن مەنىدە كەلگەن، كېيىن بۇ سۆز سېمانتىك مەنە ئۆزگىرىش ياساپ ئوغۇز تۈركچىسىدە «ئېغىز» مەنىسىنى بىلدۈرۈپلا كېلىپ، ئەسلىدىكى «ئاياللارنىڭ جىنسى ئەزاسى» دېگەن مەنىسىنى يوقاتقان بولۇشى مۇمكىن.].

| | | |
|---|---|---|
| [365] adaq | ئاياق (پۇت) | adaq / ayaq |
| [351] baš | باش | baš |
| [354] sač | چاچ | sač |
| [356] köz-i | كۆز | ①közüm |
| [355] qaš | قاش | qaš |
| [352] yüz | يۈز | yüz |
| [357] burun | بۇرۇن | burun |
| [358] aγez | ئېغىز | aγiz |
| [360] tiš | چىش | tiš |
| [361] til | تىل | dil |
| [379] taγ tiš | ئېزىق چىش | aziγ diš |
| [359] qulaq | قۇلاق | qulaq |
| [367] Ängil | دولا | öčä |
| [370] ägin | دۈمبە | arqa |
| [368] köksöm | كۆكرەك | köwüs |
| [364] but | پاچاق | but |
| [372] qaren | قورساق | qarin |
| [350] yüräk | يۈرەك | dil |
| [349] buden | بەدەن | boy |
| [366] söŋgög-i | سۆڭەك | sönük |
| [377] qan | قان | qan |

(8) ئۆي قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| [383] äv | ئۆي | ev / eyu |
| [387] qabe | ئىشىك | qab |
| [397] käbit | دۇكان | kebit |
| ② [390] qaγu | ئوچاق | očaq |

(9) جابدۇقلار قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| [433] idär | ئىگەر | eyerle |
| ③ [427] qupiŋ | چۆگۈن | isič |
| [408] ayaq | ئويۇق (قاچا) | ayaq |

① «پادىشاھ لۇغىتى»نىڭ تۈركچە قىسمىدا «كۆز»نى بىرىنچى شەخس ئۆزلۈك شەكلىدە خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭ پارسچە پاراللېل سۆزى «چەشم» يەنى *čäšm* بولۇپ، «كۆز» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ لۇغەتنى تۈزگۈچى *čäšm* دىكى m ـ نى بىرىنچى شەخس ئۆزلۈك قوشۇمچىسى دەپ چۈشىنىپ قالغان بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن تۈركچىسىنى «كۆزۈم» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇ نۇقتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ قىسىم سۆزلۈكلەرنى تۈزگۈچى بەلكىم ئانا تىلى تۈركچە بولغان ھەم پارسچە ئۆگەنگەن بىر تۈرك كىشى بولۇشى مۇمكىن.

② ئۇيغۇرچىدىكى «ئوچاق» مەنىسىدە كەلگەن *qaγu* نىڭ ئەسلىي شەكلى *qaγurmaq* «قورىماق» بولۇپ، قىسقارتىلما شەكلى *qaγu* بولسا كېرەك. بۇ سۆز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «ئۇل تارىغ قاغۇردى» دەپ كۆرۈلىدۇ. بۇغدايدىن قورۇلغان يېمەكلىكمۇ *qaγut* دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىرىقى چىقىۋاتقان ئاياللار ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. بۇ سۆز شۇنداقلا «قورىماچ»نىڭ ئەسلى شەكلى بولغان *qaγurmač* دىكى *qaγur* بىلەن تومۇرداش بولسا كېرەك.

③ بۇ سۆز بەلكىم خەنزۇچىكى 壶瓶 (*hu-ping*) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا كېرەك. «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللاردىكى سۆزلۈكلەرنىڭ تەرجىمىسى»نىڭ موڭغۇلچە سۆزلۈك قىسمىدا بۇ سۆز ئوخشاشلا *quping* دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

| | | |
|---|---|---|
| bičaq | پىچاق | [408] bečaq |
| yignä | يىڭنە | [426] yiŋnä |
| közängü | ئەينەك | [416] küzüŋgü |
| tirki | شىرە | [402] širä |
| oq | ئوق | [410] oq |
| ya | يا | [409] ya |
| qalγan | قالقان | [433] qalqan |
| batman | پاتمان | [425] batman |
| qaŋli | هارۋا | [403] qaŋle |
| yošuq | ساۋۇت | [405] tuqluq _ a |
| qubuz (či ) | قوبۇز | [442] qubur |

(10) كىيىم ـ كېچەك قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| tösägu | كۆرپە | [454] tösäk |
| yorγan | يوتقان | [453] kösünčük |
| tavar | تاۋار، بايلىق | [455] tavar |
| ton | تون، كىيىم | [445] ton |
| qur | بەلباغ | [450] qur |
| ätik | ئۆتۈك | [447] ätük |
| bašmaq | ئاياق | [449] qev |
| börk | بۆكە | [446] bürkä |
| baγirtaq | باغىرداق | [460] köküzluk |

(11) چىنتاشلار قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| yinču | ئۈنچە | [476] ünjü |
| altun | ئالتۇن | [473] altun |
| kümüš | كۈمۈش | [474] kümüš |
| baqär | مىس | [477] baqer |
| demir | تۆمۈر | [478] tämür |

(12) يېمەك ـ ئىچمەك قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| birgun | گۈرۈچ | ①[495] tögi |
| un | ئۇن | [499] ②laqša |

---

① «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە بۇ سۆز *tögi* ، «ئۇيغۇر مەھكىمىسى تۈزگەن خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى»دە *aïgi* دەپ تەرجىمە قىلىنغان. شۇ دەۋردە تۈزۈلگەن «خەنزۇ تىلى بىلەن يات تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى» (《华夷译语》) نىڭ «پارسچە سۆزلۈكلەر» قىسمىدا بۇ سۆز *togi* (پارسچە قىسمىدا «گ» ھەرپى بولسا «ق» نىڭ ئۈستىگە ئۈچ دانە چېكىت قويۇپ ئىپادىلەنگەن) دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ سۆز ئۇيغۇرچىدىن پارسچە ۋە موڭغۇلچە كىرگۈزۈلگەن سۆز. پارس تىلىدا «گۈرۈچ»نى «بىرىنج» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، بۇ سۆز سانسكرىت تىلىدىكى «گۈرۈنج» ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «گۈرۈچ» سۆزى بىلەن ئورتاق مەنبەلىك. *tögi* دېگەن بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «قۇرۇتۇلغان گۈرۈچ» مەنىسىدىكى *tuturγān* بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قاراڭ:

Sir Gerard Clauson, *Turkish and Mongolian Studies*, The Royal Asiatic Society of Great Britain and Ireland, 1962, p. 230.

② «ئۇن» بارلىق تۈركىي تىللىرىغا ئورتاق بولغان سۆز. تەرجىمان بەلكىم «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە 面نىڭ موڭغۇلچە تەرجىمىسى بولغان laqša دىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن.

| | | |
|---|---|---|
| aš | ئاش | [494] aš |
| ätmäk | نان، ئەكمەك | [510] ötmäk |
| suči | هاراق | ① [493] sorma |
| it | گۆش | [496] ät |
| pišiγ | پىششىق، پىشقان | [504] bešeq |
| čig | خام | [503] yik |
| tuz | تۇز | [498] tuz |
| | ياغ | [497] yaγ |
| tuzliγ | تۇزلۇق | [508] šor tarqa |

(13) يېزىق ـ سىزىق قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| bitikil | يېزىش | [528] bitig öšik |
| yarliγ | يارلىق | [524] yarleq |
| yasa | ياسا | [523] bildürglük |
| bitik | بىتىك، كىتاپ | [514] bitig |

(14) تەرەپ تامان قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| orta | ئارىسىدا | [545] arasenda |
| üstün | ئۈستى | [541] üstün |
| tašra | تاشقارى | [544] Tašqari |
| ičär | ئىچكىرى | [543] Ičkäri |
| ilärü | ئالدىدا | [539] tapuγenda |
| kirü | ئارقا | [540] soŋera |
| asra | ئاستى | [542] alden |
| saγ | ئوڭ | [538] oŋ |
| sol | سول | [537] sol |

(15) بوياق قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| yaš | يېشىل | [556] yašel |
| ürüŋ | ئاق | [552] yorung |
| qizil | قىزىل (ئال) | [554] al |
| sariγ | سېرىق | [558] sareq |
| qara | قارا | [553] qara |
| kök | كۆك | [549] kök |

① «هاراق» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن *süčik, čaγir* «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە ئۇچرايدىغان بولۇپ، بۇلار ياغما، توخسى ۋە چىگىللارنىڭ تىللىرىغا خاس بولغان سۆزلەر. «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى *sorma* نىڭ كېلىش مەنبەسىنى هازىرچە بىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. «خەنزۇ تىلى بىلەن يات تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى»نىڭ موڭغۇلچە سۆزلۈك قىسمىدىمۇ خەنزۇچە 酒 (*jiu*) نى *sorma* دەپ تەرجىمە قىلغان.

(16) سان قىسمى①

| | | |
|---|---|---|
| san(a)maq | سانىماق | [593] sanen |
| on bir | ئون بىر | [577] bir on |
| sekzen | سەكسەن | [584] säkiz on |
| toqzan | توقسان | [585] toquz on |
| biŋ | مىڭ | [587] miŋ |

(17) يۈرۈش ـ تۇرۇش قىسمى

| | | |
|---|---|---|
| qoy bir | قويۇش | [630] qodup |
| yat | ياتماق | [608] yat |
| tepret | مىدىرلىماق | [641] tebräp |
| išit | ئاڭلىماق | [617] išit |
| körgil | كۆرمەك | [618] körup |
| kes | كەسمەك | [759] käs |
| sekri | سەكرىمەك | [613] säkrip |
| ävät | ھەئە | [623] ärur |
| qamu | بارلىق | [651] qamaq |
| uzun | ئۇزۇن | [647] uzun |
| qis ɣ a | قىسقا | [648] qesqaq |
| di ɣ raq | كۈچلۈك ،ھەيۋەتلىك | [685] oq yalen |
| artiq | كۆپ | [631] talem |
| ögmäk | ماختىماق | [703] ökti |
| oynaš maq | ئوينىماق | [694]oyna |
| qizmaq | ئاچچىقلانماق | [609] öpkäläp |
| bar | مەڭگۈلۈك ، دائىم | [636] özä |
| ki ik | كىچىك | [638] ki ik |
| köni | توغرا. دۇرۇس | [644] kuni |
| ägri | يانتۇ ، ئەگرى | [643] tärs |
| sävingän | سۆيۈنگەن ، خۇشال | [599] sävin |
| yoqsul | كەمبەغەل ، يوقسۇل | ② [687] e ɣ ay |
| qutlu ɣ | قۇت ، بەخت | ③ [698] buyan qut |

① «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» بىلەن «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە ساناق سانلار 1 دىن 10 غىچە ئاساسەن ئۆخشىشىپ كېتىدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت 11دىن 19غىچە ۋە 80، 90 شۇنداقلا مىڭ سانىنىڭ ئىپادىلىنىشىدە پەرق كۆرۈلىدۇ. بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ سان قىسمىدا ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان سانلارلا كۆرسىتىلدى.

② بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. ئۇيغۇرچىدىكى *čoyay* نىڭ «خەنزۇ تىلى بىلەن باشقا تىللارنىڭ سېلىشتۇرما سۆزلۈكى»دىكى موڭغۇلچە پاراللېل سۆزى čiyal دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ سۆز يەنە ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشىنىڭ جەنۇبىي يۈزىنىڭ 10 ـ قۇرىدا، بارلىق كەمبەغەل يوقسۇللارنى توپلىدۇم، كەمبەغەل كىشىلەرنى باي قىلدىم دېگەن شەكىلدە خاتىرىلەنگەن. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بۇددىزىم ۋە مانى دىنى ۋەسىقىلىرىدە *yok čiyan* شەكلىدە ئۇچرايدۇ. قاراڭ:

Sir Gerard Clauson, *An Etymological Dictionary of Pre-Thirteenth-Century Turkish*, Oxford, 1972, pp. 408-409.

③ «بۇيان قۇت» سانسكرىتچە ۋە ئۇيغۇرچە ئىككى تەركىبتىن ياسالغان بىرىكمە سۆز بولۇپ، *buyan* سانسكرىتچە «ساخاۋەت» مەنىسىدىكى *punya* ئۇيغۇرچە بۇددىزىم شەكلى ئىدى. قاراڭ:

杨富学著：《印度宗教文化与回鹘民间文学》，民族出版社，2007年，第32页。

www.uyghurkitap.com



| | | |
|---|---|---|
| ① [673] qin kirtu | راست، سەممىي | do ɣ ru |
| [601] qay ɣ u | قايغۇ | yar |
| [628] bez ɣ enlap | يالغان | yal ɣ an |

(18) تولۇقلىما

| | | |
|---|---|---|
| [752] alep | ئالماق | al |
| [726] birip | بەرمەك | birgil |
| [749] täguz | پۈتۈن، بارلىق | butun / bar ä / tugäl |
| [757] tapte | تاپماق | tapmaq |
| [738] bälkurä | شەكىل، كۆرۈنۈش | bä iz |

6. «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى ئۇيغۇرچە بىلەن «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تۈركچە تەركىبلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سېلىشتۇرما ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز:

«پادىشاھ لۇغىتى»دىكى كۆپلىگەن سۆزلۈكلەر فونېتىكىلىق قۇرۇلما ۋە سېمانتىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان، قۇمۇل، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئۇچۇرى بولغان «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى سۆزلۈكلەر شۇنداقلا قەشقەرنى مەركەز قىلغان خاقانىيە تىلى ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق دەۋرى دەپ ئاتالغان خارازىم تۈركچىسى ۋە خاقانىيە تىلىنىڭ ئاخىرقى تەرەققىيات باسقۇچى بولغان چاغاتاي تىلىدىكى سۆزلۈكلەر بىلەن بىردەكلىكنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز ھەم خاقانىيە تىلىنىڭ نەمۇنىسى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرچە ۋە خاقانىيەچى سۆزلۈكلەرنىڭ «پادىشاھ لۇغىتى»دە كۆرۈلۈشى بىزگە تارىخىي جەھەتتىن موڭغۇل ئىستېلاسى مەزگىلىدە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى قۇمۇل ۋە ۋە تۇرپان، جىمسار قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئىسلام مۇھىتىغا كىرىپ چاغاتاي نامى ئاستىدا تارىخىي سەھنىگە چىققان ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي بۆلىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەدەنىي ھاياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقى ۋە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ مۇھىم بىر ئىشتىراكچىلىرى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى بىزگە ياندىن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل مەدەنىيەت ۋاستىچىلىق رولى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەنىدى ②.

«پادىشاھ لۇغىتى» بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئۇيغۇر مەھكىمىسى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى» ئوتتۇرىسىدىكى لۇغەت تۈزۈش قۇرۇلمىسى ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئوخشاشلىق (ئورتاقلىق) نى ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىكى ياۋرو ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، تېخنىكا ۋە ئىدىيە ئالماشتۇرۇش مەزگىلىدە مۇھىم رول ئوينىغان رەڭلىك ئىرقلار (ئۇيغۇرلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. لۇغەت قۇرۇلمىسى ۋە تۈزۈلۈش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى بۇ ئەنئەنە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئەنئەنە مىڭ

① *činkirtu* خەنزۇ ـ ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، بۇ سۆز بۈددىزم ۋاستىسى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا ئۆزلەشكەن. *kirtu* سۆزى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «ھەقىقىي، ئىشەنچىلىك» دەپ خاتىرىلەنگەن. قاراڭ:

Kashgari, *Divan Lughat al‐Turk, Compendium of the Turkic Dialects*. Part II, trans. by Robert Dankoff (with J. Kelly), Harvard Press. 1982‐1985. p.6.

② مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى دۆلەت ۋە قەۋم خەلقلەر بىلەن ئالاقە ئېلىپ بارغاندا پارس تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقە تىلى قىلغانىدى. قاراڭ:

刘迎胜:〈《回回馆杂字》与《回回馆译语》研究〉, 中国人民大学出版社, 2008 年, 第 3, 4 页.

ئىسلاملىشىپ بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى تۆمۈرلەر دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت خەت ـ ئالاقىسىدە ئىشلىتىلگەنىدى (ئۆزبېكىستان شەرقشۇناسلىق تەتقىقات مەركىزىدىن قاسىمجانىنىڭ 2012 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا بەرگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر بۇددىزم ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» ناملىق لېكسىيەسىدىن پايدىلىنىلدى)

سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

«پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر ئەرەبچە ۋە پارسچە سۆزلۈكلەرنى قورال تىلى (تەرجىمە ۋاستە تىلى) قىلىپ تەرجىمە قىلىنغان. ئايرىم سۆزلۈكلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپلىگەن سۆزلۈكلەردە گىراماتىكىلىق مەنە ۋە شەكىل يەنى پېئىل زامانى، سۆز خاراكتېرى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ئەكسىچە «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنى ئاساسىي تەرجىمە ئوبيېكتى قىلغان. خەنزۇچە سۆزلۈكلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنە ۋە گىراماتىكىلىق شەكلى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەنمىگەن. شۇڭا، «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دە كۆپلىگەن سۆزلۈكلەرنىڭ پېئىل زامانى، سۆز خاراكتېرى خەنزۇچە پاراللېل سۆزلىرى بىلەن مورفولوگىيەلىك ئۆزگىرىشى جەھەتتە بىردەك ئەمەس، بۇ نۇقتا پېئىللار قىسمىدا ئالاھىدە گەۋدىلىك.

«پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر ئەرەب، پارس تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇپ، ئەسلىدىنلا تۈركىي تىللىرىدا بار بولغان سۆزلەرنى پارسچە ۋە ئەرەبچە سۆزلۈكلەر بىلەن ئىپادە قىلغان ۋە ياكى تۈركچە تەلەپپۇزغا بويسۇندۇرۇلغان. بۇنىڭدىن بىز «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى بەزى سۆزلۈكلەرنىڭ ئانا تىلى تۈركچە بولغان، ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن تونۇش بولغان تۈركلەرنىڭ قولىدا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئۇيغۇر مەھكىمىسى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر» ۋە «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى ئۇيغۇرچىغا مەنسۇپ بولغان تىل ماتېرىياللىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىستىلاسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى پۈتۈنلەي يورۇتۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئۇيغۇر مەھكىمىسى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر»دىكى تىل ماتېرىياللىرى بۇلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى ۋە ئېغىز تىلىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ①، «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئۇيغۇر مەھكىمىسى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر»دىكى سۆزلۈكلەر خەنزۇچە سۆزنىڭ خەتمۇخەت، سۆزمۇسۆز بىۋاستە تەرجىمىسى، شۇنداقلا تەرجىمانلار تەرجىمە جەريانىدا «پارسچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى» ۋە «خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى»دىن ئۆزئارا پايدىنىلغان ھەتتا تەرجىمانلار تەرجىمە جەريانىدا سۆز ئىجاد قىلغانىدى②. بۇ ئىككى «سۆزلۈكلەر»دىكى بەزى سۆزلۈكلەر ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئەدەبىي تىلدا ياكى ئېغىز تىلىدا بولسۇن ئۇچرىمايدۇ ياكى شۇ ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئىشلىتىش ئادىتىگە ماس كەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى بىز ئەكسىچە بۇ مەنبەلەردىن سىرت يەنە شۇ دەۋردىكى بۇددىزمچە يازما مەنبەلەردىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز..

**تولۇقلىما:**

1. «پادىشاھ لۇغىتى»دىكى تۈركچە سۆزلۈكلەر بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تۆۋەندىكىدەك تىرانسكرىپسىيە بەلگىلىرى بىلەن تىرانسكرىپسىيە قىلىندى:

| | | |
|---|---|---|
| = كk | b = ب | a = ئا |
| γ = غ | p = پ | ä = ئە |
| = لl | d = د | = ئې |
| = مm | t = ت | e |

① مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى» توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارغان ياپونىيەلىك ماساخىرو شوگايتو (庄垣内正弘) «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»نى تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى، «ئىدىقۇت مەھكىمىسى خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى» نى ئېغىز تىلى دەپ قارايدۇ. قاراڭ:
庄垣内正弘,『畏兀児馆譯語』の研究—明代ウイグル口語の再構—『内陸アジア言語の研究』I (1983) 53 .

② بۇ نوقتىنى «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى» ۋە «ئۇيغۇر مەھكىمىس ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەر تەرجىمىسى»دە كۆرۈلىدىغان خەنزۇچە (تومۇ [头目]، تاڭدا كۈن [明日]، تاڭدا يىل [明年]، ئەسكى يىل [旧年]) پارسچە («نار» [ئانار، 169]، «خەربۇس» [تاۋۇز، 171]، «رەخىم»[رەھىم]، «سالى» [ھەسەل]، «شىمۇرقا» [سۇمرۇغ، 217] ) قاتارلىق سۆزلۈكلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ يېزىلىش شەكلى ۋە تەلەپپۇزى «پارسچە سۆزلۈكلەر قىسمى»دىكى سۆزلەر بىلەن يېقىن كېلەتتى. ئۇندىن باشقا يەنە موڭغۇلچە قىسمىمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەردىن تەرجىمە جەريانىدا پايدىنىلغان. مەسىلەن، موڭغۇلچىدە «كۈچۈك»نى «كۈلۈگې» دەپ ئاتايدۇ، ئەمما «خەنزۇچە ـ موڭغۇلچە سۆزلۈك قىسمى»دا «كۈچۈك» دەپ ئالغان.

| | | |
|---|---|---|
| ئى = i | چ = | ن = n |
| ئو = o | ش = š | ق = q |
| ئۆ = ö | س = s | ر = r |
| ئۈ = ü | ئۇ = u | گ = g |
| ز = z | ي = y | |

2. «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى ئۇيغۇرچە سۆزلۈكلەرنىڭ تىرانسكرىپسىيەسىنىڭ ئارقىغا يېزىلغان [ ] بەلگىسى ئىچىدىكى سانلار خۇ جېنخۇا، خۇاڭ رۇنخۇا رەتلىگەن «ئىدىقۇت مەھكىمە سۆزلۈكى»دىكى سۆزلۈكلەرنىڭ رەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ.

[بۇ ماقالە دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەنلەر فوندىنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات تۈرى بولغان «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەبچە پارسچە قاتارلىق ئىسلام مەنبەلىرىدىكى جۇڭگوغا ئائىت بولغان ماتېرىياللارنىڭ رەتلىنىشى ۋە تەتقىقاتى»نىڭ باسقۇچلۇق تەتقىقات نەتىجىسى. تەستىق نومۇرى: 118ZD132]

**ئاپتور:** نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

---

**ئاپتورلار سەمىگە:**

1. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر شەكىل جەھەتتە ئىزاھلىق ماقالە بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئىزاھلارنىڭ كېلىش مەنبەسى (كىمنىڭ قايسى كىتابىدىن ئېلىنىدى)، نەشرىيات نامى ۋە بەت سانى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئىزاھ شۇ مەزمۇن نەقىل ئېلىنغان بەتنىڭ ئاستىغا كېلىشى كېرەك.
2. ماقالىنىڭ 10 بەتتىن ئاشقان قىسمىغا قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ ھەم ماقالىنىڭ سۈپىتىگە قاراپ پەرقلىق قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ، شۇڭا ئاپتورلارنىڭ ماقالىنى ئىخچام يېزىشىنى ھەم ئۇبدان پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاندىن بىزگە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.
3. تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتورلارنىڭ ماقالىسىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە ماقالىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا ئاپتور بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. ئۇقتۇرۇش قىلىنمىغان ئاپتورلار ماقالىلىرىنى باشقىچە يول بىلەن بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ، ماقالە قايتۇرۇلمايدۇ.
4. ئاپتورلار ماقالىنى كومپيۇتېر (ئەل كاتىپ 5.5 سىستېمىسى)دا ئۇرغۇزۇپ، پوچتا ئارقىلىق ياكى ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى pantatkikat@sina.com ئارقىلىق ئەۋەتسە بولىدۇ.
5. ئاپتورلار ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، ماقالىنىڭ تېمىسىنى خەنزۇچە ئېنىق يېزىشى كېرەك. ئالاقىلىششقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئاپتورلارنىڭ ئادرېس ۋە تېلېفون نومۇرىنى ماقالىغا ئېنىق يېزىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# ئۇيغۇر تىلى بوغۇم تىپلىرى ئۈستىدە فونولوگىيەلىك تەھلىل

ئەھمەد تۇرسۇن

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە سۇپېرسېگمېنتال فونولوگىيە (超音段音系学) نىڭ نەزەرىيە رامكىسى ئاستىدا، بوغۇم تۈزۈلۈشىدىكى ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پىرىنسىپى(响度顺序原则) غا ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەنئەنىۋى بوغۇم تۈزۈلۈشى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر تىلى؛ بوغۇم تىپى؛ فونولوگىيە

## 1. كىرىش

فونولوگىيە ئادەتتە ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ. بىرى، يەككە تاۋۇش بۆلەكلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ سېگمېنتال فونولوگىيە دېيىلىدۇ. يەنە بىرى، تاۋۇش بۆلەكلىرىدىن چوڭ بولغان بوغۇم، سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئۇ سۇپېرسېگمېنتال فونولوگىيە دېيىلىدۇ. سۇپېرسېگمېنتال فونولوگىيەنىڭ تەتقىقات دائىرىسى تاۋۇش ئۆزۈنلۇقى، تاۋۇش ئېگىزلىكى، ئۇرغۇ، تون، ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلارغىمۇ چېتىلىدۇ. بۇ ماقالىدە سۇپېرسېگمېنتال فونولوگىيەنىڭ نەزەرىيە رامكىسى ئاستىدا، بوغۇم تۈزۈلۈشىدىكى ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى  بوغۇم قۇرۇلمىسى ئۈستىدە فونولوگىيەلىك تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

### 1 . 1. بوغۇم ھەققىدە چۈشەنچە

بوغۇم تەلەپپۇز قىلغاندا تەبىئىي بۆلۈنىدىغان تاۋۇش بۆلىكى①. قەدىمكى گرېتسىيە ئالىمگەرلىرى گرېتسىيە تىلى ۋە سانسكرىت تىلىنىڭ تاۋۇش قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، بوغۇمنىڭ تۈزۈلىشى ھەققىدە سوزۇق تاۋۇش تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنى ئۇلار: «سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم ھاسىل بولمايدۇ، بوغۇم ئادەتتە بىر سوزۇق تاۋۇش ياكى بىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن بىر قانچە ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن فونېتىكا بىرلىكى» دەپ قاراپ، بوغۇمنىڭ سانىنى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانىغا ئاساسەن بېكىتكەن②. ئەمما، تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، بىرقىسىم تىللاردا سوزۇق تاۋۇشسىزمۇ بوغۇم تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، فىرانسۇز تىلىدىكى [pst] (مەنسىتمەسلىك، تۈفى)؛ ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭراق تاۋۇشلار سوزۇق تاۋۇشسىزمۇ بوغۇم تۈزەلەيدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىز تىلىدىكى middle[mɪdl] ، apple[æpl] ، cotton[kɔtn] دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش. ئۇيغۇر تىلى بوغۇم قۇرۇلمىسىدا ياڭراق تاۋۇشلارنىڭ رولى دۆلەت ئىچىدىكى تەتقىقاتلاردا تەپسىلىيرەك بايان قىلىنغىنى يوق، ياڭراق تاۋۇشلارنى (sonorant) ئاكوستىكىلىق جەھەتتىن سوزۇق تاۋۇشلارغا ئوخشاش تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ، يەنى ئۈچ بەلگىلىك سپېكتروگراممىدا كۆزىتىپ ئانالىز قىلىشقا بولىدۇ③. ئۇيغۇر تىلى بوغۇم قۇرۇلمىسى ئۈستىدە توختالغان تەتقىقاتتا، سوزۇق تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلىدىغان تاۋۇشلار ھېسابلىنىدۇ، سوزۇق تاۋۇشلارغا يانداش كېلىدىغان تاۋۇشلار بوغۇم ھاسىل قىلالمايدىغان تاۋۇشلار

---

① ئارسلان ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 2-توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010-يىلى نەشرى، 771-بەت.

② 赵忠德:《音系学》,上海外语教育出版社,2006 年,195 页。

③ جۇ تۈگچۈن، مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئامىنە غاپپار قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكوستىكىلىق تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992-يىلى نەشرى، 175- بەت.

www.uyghurkitap.com

دەپ ئاتىلىدۇ، دېيىلگەن①. بىز بۇ باياناتلارنىڭ گرېتسىيە ئىلىمگەرلىرى ئوتتۇرىغا قويغان سوزۇق تاۋۇش تەلىماتىغا ئاساسلانغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئوخشاشلا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلىدۇ، ياڭراق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن پارتلىغۇچى تاۋۇشلار، سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار بىرىكىپ، ياڭراق تاۋۇشلارنى بوغۇم يادروسى قىلغان سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياڭراق تاۋۇشلار VCC، CVCC تىپىدىكى بوغۇملارنى تۈزۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، بوغۇم ھاسىل قىلىشتا ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ رولىغا سەل قاراش، ئۇنى بوغۇم ھاسىل قىلالمايدىغان تاۋۇش دەپ قاراش تازا مۇۋاپىق ئەمەس.

سۇپېرسېگمېنتال فونولوگىيەنىڭ قارىشىچە، بوغۇم-بوغۇم بېشى (onset)، بوغۇم قاپىيەسى (rhyme)دىن تۈزۈلىدۇ. بوغۇم قاپىيەسى يەنە بوغۇم يادروسى ياكى بوغۇم چوققىسى (nucleus، peak) ۋە بوغۇم ئاخىرى (coda)دىن تەشكىل تاپىدۇ. بىر بوغۇمدا بوغۇم بېشى، ياكى بوغۇم ئاخىرى بولمىسىمۇ ۋە ياكى ئىككىلىسى بولمىسىمۇ بوغۇم تۈزۈلىدۇ، ئەمما بوغۇم يادروسى بولماي، بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ. بوغۇم يادروسى ئەڭ ياڭراق بولىدۇ، ئۇ كۆپىنچە ياڭراق چوققا (响度峰)نى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ياڭراق چوققا سوزۇق تاۋۇشلاردىن ۋە ياڭراق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. شۇنداق بولغاندا تولۇق بىر بوغۇم تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:




[شەرتلىك بەلگىلەردىن δ بوغۇمنى، O بوغۇم بېشىنى (onset)، R بوغۇم قاپىيەسىنى (rhyme) ، N بوغۇم يادروسىنى (nucleus)، Co بوغۇم ئاخىرىنى (Coda) كۆرسىتىدۇ]

ئۇيغۇر تىلى ئەنئەنىۋى بوغۇم تۈزۈلىشىدە، بوغۇم بېشى يەككە ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلەلەيدىغان ئۈزۈك تاۋۇش جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش /b/ ۋە باشقا بارلىق جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلاردۇر (ساپ تۈركىي سۆزلەردە). ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، /ŋ/دىن باشقا فونېمىلار بوغۇم بېشى بولۇپ كېلەلەيدۇ. بوغۇم يادروسى سوزۇق تاۋۇش ۋە ياڭراق ئۈزۈك تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. بوغۇم ئاخىرى يەككە ئۈزۈك تاۋۇش ياكى ئۈزۈك تاۋۇش توپىدىن (辅音丛, consonant) تۈزۈلىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇش توپىنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىشىدىكى تەرتىپىنى 3 § مەزمۇندا توختىلىمىز.

### 1 . 2. بوغۇم تۈزۈلۈشىدىكى ئۇنىۋېرسال پرىنسىپ

بوغۇمنىڭ تۈزۈلۈشىدە دۇنيادىكى تىللارغا ئورتاق بىرقىسىم ئومۇمىي پرىنسىپلار بولىدۇ، بۇ پرىنسىپلار بوغۇمنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ئىختىيارىي بىرىكىشنى چەكلەيدۇ، ھەممە تاۋۇش ئەركىن بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلالمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم چەكلىگۈچى پرىنسىپ ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پرىنسىپى (响度顺序原则) دۇر.

تىلدىكى بىر بۆلۈك تاۋۇشلار، مەسىلەن: سوزۇق تاۋۇش، ئاقما تاۋۇش l، r (流音)، تېيىلاڭغۇ تاۋۇش، يەنى يېرىم سوزۇق تاۋۇش w، j (滑音) ۋە دىماغ تاۋۇشلىرى ئادەتتە ياڭراق بولىدۇ؛ پارتلىغۇچى تاۋۇشلار، سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار، پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار تەلەپپۇزدا تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ، بۇ تاۋۇشلاردا ياڭراقلىق بولمايدۇ. ياڭراقلىق نىسپىي بولىدۇ ۋە ھەر قايسى تۈردىكى تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىقىنى كۈچلۈك ئاجىزلىقى بويىچە رەتكە تۇرغۇزساق، تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

① ئارسلان ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 2ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010ـ يىلى نەشرى، 772ـ بەت.

سوزۇق تاۋۇش > يېرىم سوزۇق تاۋۇش > ئاقما تاۋۇش > دىماغ تاۋۇشى > سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش > پارتلىغۇچى تاۋۇش

بۇ رەت تەرتىپتە تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىقى ئۆگەدىن سولغا قاراپ ئاجىزلاپ بارىدۇ. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بۇ تەرتىپنى سەل ئاددىيراق قىلىپ، پەقەت ئۈچكىلا ئايرىغان، يەنى سوزۇق تاۋۇش > ياڭراق تاۋۇش > توسالغۇلۇق تاۋۇش (组塞音)؛ يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار تېخىمۇ ئىنچىكە قىلىپ، پارتلىغۇچى تاۋۇشلارنى جاراڭلىق پارتلىغۇچى > جاراڭسىز پارتلىغۇچى، سوزۇق تاۋۇشلارنى بولسا تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش > يۇقىرى سوزۇق تاۋۇش، دەپ رەتكە تۇرغۇزغان.

بۇنداق تەرتىپكە تۇرغۇزۇشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، تىلشۇناسلار تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىپ بوغۇم ھاسىل قىلىشتا مۇئەييەن بېرىكىش پىرىنسىپى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. E. Selkirk ئۇنىۋېرسال گىراماتىكىغا ياتىدىغان ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پىرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ پىرىنسىپنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ھەر قانداق بىر بوغۇمدا ياڭراق چوققىنى ھاسىل قىلىدىغان بىر تاۋۇش بۆلىكى بولىدۇ. بۇ تاۋۇش بۆلىكىنىڭ ئالدى كەينىدىكى بىر قاتار تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىق قىممىتى ياڭراق چوققىدىن ئىككى يانغا قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارىدۇ①. بۇ ئۇنىۋېرسال گىراماتىكىنىڭ بىر پىرىنسىپى، بوغۇم قۇرۇلمىسىنى تىزگىنلەيدىغان ئەڭ مۇھىم پىرىنسىپ. Selkirk فونېملارنى ياڭراقلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلگەن، ھەر بىر گۇرۇپپىغا تۆۋەندىكىدەك ياڭراقلىق قىممىتى بەلگىلەپ چىققان:

| No | ياڭراقلىق دەرىجىسى | مىسال | ياڭراقلىق قىممىتى |
|---|---|---|---|
| 1 | سوزۇق تاۋۇش | /a, o, ɔ, u, i, ai, ei/ | 6 |
| 2 | يېرىم سوزۇق تاۋۇش | /j, w/ | 5 |
| 3 | ئاقما تاۋۇش | /r, l/ | 4 |
| 4 | دىماغ تاۋۇشى | / m, n, ŋ / | 3 |
| 5 | سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش/ پارتلىغۇچى سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش | /s, ʃ, z, ʧ, ʤ/ | 2 |
| 6 | پارتلىغۇچى تاۋۇش | /p, b, t, d, k, g/ | 1 |

تۆۋەندە ئىككى كۆرسەتمە ئىسخىما ئارقىلىق بۇ پىرىنسىپنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:




1 .1. ئىسخېما




1 .2. ئىسخېما

بۇ مىسالدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بوغۇمنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى بوغۇم چوققىسى، يەنى ياڭراق چوققىدىن ئىككى يانغا قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارىدۇ، ئەگەر بوغۇم بېشى بار بولسا، بوغۇم بېشىدىن ياڭراق چوققىغا قاراپ تاۋۇشلارنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ بارىدۇ؛ بوغۇم ئاخىرى بار بوغۇم بولسا، ياڭراق چوققىدىن بوغۇم ئاخىرىغا قاراپ ياڭراقلىق تەدرىجىي تۆۋەنلەپ بارىدۇ.

بۇ پىرىنسىپقا ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىرىكىپ بوغۇم بېشى بولالمايدۇ:

① 赵忠德：《音系学》，上海外语教育出版社，2006 年，第203页。

www.uyghurkitap.com

، *ml ـ ، *tl ـ . گەرچە *lp ـ ، *nd ـ ، *jm ـ ، *wl ـ ، *lm ـ ، *rp ـ ، *jp ـ ، *rd ـ ، *wd ـ
*kn ـ ، *rw ـ

تاۋۇش بىرىكمىلىرى بۇ پرىنسىپقا ئۇيغۇن بولسىمۇ، ئەمما دۇنيادىكى تىللاردا بەكمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىۋېرسال گىراماتىكىنىڭ پرىنسىپلىرى دۇنيادىكى نۇرغۇن تىللارغا ماس كېلىدىغان ئاساسىي ئېقىم بولسىمۇ، پرىنسىپقا يات ئەھۋاللارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ بايانلارنى بىز ۋاقىتىنچە كېيىنكە قالدۇرۇپ، مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئۇيغۇر تىلى بوغۇم قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىشقا ئۆتىمىز.

## 2. ئۇيغۇر تىلى بوغۇم تىپلىرى

### 2. 1. V تىپلىق بوغۇم

بۇ بوغۇم تىپى يەككە سوزۇق تاۋۇشتىنلا تۈزۈلگەن بولۇپ، پەقەت ياڭراق چوققا، يەنى بوغۇم يادروسىلا بار، بوغۇم بېشى ۋە بوغۇم ئاخىرى يوق. ئادەتتە بۇنداق بوغۇم كۆپىنچە ئەھۋالدا سۆزنىڭ 1 ـ بوغۇمى بولۇپ كېلىدۇ، بىرقىسىم ئەھۋاللاردا كىرمە سۆزلەردە سۆز ئوتتۇرىسى بوغۇم بولۇپ كېلىدۇ.




2. 1. ئىسخېما




2. 2. ئىسخېما

2. 1. ئىسخېمىدىكى باش بوغۇم ـ u، 2. 2. ئىسخېمىدىكى 1 ـ بوغۇم ـ a ـ مۇشۇ تىپتىكى بوغۇم بولۇپ، ياڭراقلىق قىممىتى ئەڭ يۇقىرى قىممەتتە بولىدۇ.

### 2. 2. VC تىپىدىكى بوغۇم

بىر سوزۇق تاۋۇش + بىر ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم بولۇپ، بوغۇم بېشى يوق، بوغۇم يادروسى ۋە بوغۇم ئاخىرى بار تىپ. بۇ تىپتىكى بوغۇم بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە ۋە كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمىدا كۆرۈلىدۇ.




2. 3. ئىسخېما




2. 4. ئىسخېما

بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، بوغۇم بېشى يوق، بوغۇم يادروسى (ياڭراق چوققا) ۋە بوغۇم ئاخىرى بار بوغۇم تىپىدا ياڭراقلىق تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ.

### 2. 3. CV تىپلىق بوغۇم

بۇ تىپتىكى بوغۇم 2. 2. سۆزلەنگەن بوغۇم تىپىنىڭ دەل ئەكسى بولۇپ، بىر ئۈزۈك تاۋۇش + بىر سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن. بوغۇم بېشى ۋە بوغۇم يادروسى بار، بوغۇم ئاخىرى يوق. ياڭراقلىق ياڭراق چوققىغا قاراپ

تەدرىجىي ئۆرلەيدۇ. باش، ئوتتۇرا ۋە ئاياق بوغۇم بولۇپ كېلەلەيدۇ. بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە بەك ئاز كۆرۈلىدۇ.




2. 5. ئىسخېما




2. 6. ئىسخېما

يۇقىرىقى ئىسخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك، بوغۇم ئاخىرى بولمايدۇ، ئىككىلىسى ئىككى بوغۇملۇق سۆز، ھەرئىككىلا بوغۇمى CV تىپىدىكى بوغۇم بولىدۇ.

### 2. 4. CVC تىپلىق بوغۇم

بۇ تىپتىكى بوغۇم يەككە بوغۇملۇق ۋە ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەردىمۇ بار. بوغۇم بېشى، بوغۇم يادروسى ۋە بوغۇم ئاخىرى تولۇق بار، ياڭراقلىق ياڭراق چوققىدىن ئىككى يانغا قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ.




2. 7. ئىسخېما




2. 8. ئىسخېما

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ياڭراقلىق بوغۇم يادروسىدىن ئىككى يانغا قاراپ تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ.

### 2. 5. VCC تىپلىق بوغۇم

سۆز ئاخىرىدا قوش ئۈزۈك تاۋۇش قاتار كېلىدۇ، ئەمما، سۆز ئاخىرىدىكى بۇ قوش ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بېرىكىشى ئىختىيارىي ئەمەس، بەلكى، يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان پىرىنسىپقا ئۇيغۇنلىشىدۇ، بۇ پىرىنسىپتىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ياڭراقلىق قىممىتى يۇقىرى بولغان سوزۇق تاۋۇشتىن، يەنى، بوغۇم يادروسىدىن بوغۇم ئاخىرىغا قاراپ، ياڭراقلىق تۆۋەنلەپ ماڭىدۇ. ئەگەر بۇ تۆۋەنلەش پەلەمپەيسىمان بولمىسا، بىز ئۇنى بىر بوغۇم دەپ ئېيتالمايمىز. شۇڭا، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر بوغۇم تىپىدۇر. تۆۋەندىكى ئىسخېمىدىن بۇنى ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ.




2. 9. ئىسخېما




2. 10. ئىسخېما

www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى ئىسخېمىدا كۆرسىتىلگەندەك، ياڭراقلىق پەلەمپەيسىمان تۆۋەنلەيدۇ.

## 2. 6. CVCC تىپلىق بوغۇم

بۇ بوغۇم تىپى بوغۇم بېشى، بوغۇم يادروسى ۋە بوغۇم ئاخىرى تولۇق تىپ. ياڭراقلىق ئاۋۋال ئۆرلەپ، ياڭراق چوققىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ. تۆۋەندىكى ئىسخېمىدىكىدەك:




2. 11. ئىسخېما




2. 12. ئىسخېما

بۇ تىپتىكى بوغۇملاردىمۇ ئەگەر ياڭراقلىقنىڭ تۆۋەنلىشى پەلەمپەيسىمان بولمىسا، ئۇنى بىر بوغۇم دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ. مەيلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بولسۇن ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولسۇن، سۆز ئاخىرىدا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش قاتار كېلەلەيدۇ. ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پرىنسىپى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن بىر يەرگە كېلەلەيدىغانلىقىنى يېشىپ بېرىدۇ، يەنى ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپلىك ھالدا تۆۋەنلىشى ئىككى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ بىر يەرگە كېلىشىنى فونېتىك شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن.

## 2. 7. ياڭراق تاۋۇشنى بوغۇم يادروسى قىلغان CC تىپىدىكى بوغۇم

شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، ئۇيغۇر تىلى بوغۇم قۇرۇلمىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەنلەر «ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ» دېگەن قاراشقا ئاساسەن، «ئەزم، ئەسل، ئەجر، قەھر» سۆزلىرىنى تەركىبىدە بىرلا سوزۇق تاۋۇش بولغاچقا بىر بوغۇم دەپ قارايدۇ.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ سۆزلەر باش بوغۇمى V، CV تىپلىق، كېيىنكى بوغۇم پارتلىغۇچى\پارتلىغۇچى- سىرىلغۇ\ سىرىلغۇ ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ياڭراق تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن CC تىپلىق ئىككى بوغۇملۇق سۆزلەردۇر. بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى ھەرگىز [ɛsir]، [ɛmir] ... بولمايدۇ، بەلكى [ɛmr]، [ɛsr] ...بولىدۇ. بۇ ئىنگلىزچىدىكى apple[`æpl]، eagle[`igl] سۆزلىرىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «ئەگىم، ئەگىز» سۆزلىرى ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدىن پەرقلىنىدۇ، يەنى بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى [ægiz]، [ægim] بولۇپ، يۇقىرىقىدەك كېيىنكى بوغۇمى ياڭراق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن ئەمەس. شۇڭا بۇنى ئىملادا بىر تەرەپ قىلغاندا، سوزۇق تاۋۇشسىز، ياڭراق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بوغۇم بار سۆزلەرنى «ئەجر، ئەمر، ئەسر...» دەپ يېزىپ، سوزۇق تاۋۇش بوغۇم يادروسى بولغان «ئەگىم، ئەگىز» سۆزلىرى مۇشۇ بويىچە يېزىلسا مۇۋاپىق، دەپ قارايمىز.

تۆۋەندىكى ئىسخېما ئارقىلىق بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ:




2. 13. ئىسخېما




2. 14. ئىسخېما

ئىسخېمىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، يۇقىرىقى ئىككى ئىسخېما VCC، CVCC تىپلىق بوغۇملارنىڭ

ئىسخىمىسىغا ئوخشمايدۇ، بۇ ئىككىسىدە ياڭراقلىقنىڭ تۆۋەنلىشى پەلەمپەيسىمان بولماستىن، پېتىنقى ھالەتتە، يەنى ياڭراق چوققا ئىككى بولۇپ، ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن ئۇنى ئىككى بوغۇم يادروسى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 2- بوغۇم دەل ياڭراق تاۋۇش /r/ ۋە /l/ نى بوغۇم يادروسى قىلغان، سوزۇق تاۋۇشسىز تۈزۈلگەن بوغۇم.

بۇنىڭدىن ئايان بولىدۇكى، «سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ» دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ھەم سوزۇق تاۋۇشنىڭ كەينىدىن ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش كەلسىلا ئۇنى VCC، CVCC تىپىدىكى بوغۇم دەپ قاراشمۇ ئاساسسىزدۇر.

## 3. قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش قۇرۇلمىسى

قوشما ئۈزۈك تاۋۇش دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئەنئەنىۋى ئاتالغۇ بولۇپ، فونولوگىيەدە ئۈزۈك تاۋۇش توپى دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۈزۈك تاۋۇش توپى پەقەت بوغۇم ئاخىرى (Coda) بولۇپ كېلەلەيدۇ، يەنى VCC، CVCC تىپلىق بوغۇملارنىڭ بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كېلىدۇ، ئىنگلىز تىلىدىكىدەك بوغۇم بېشى بولۇپ كەلمەيدۇ (بولۇپمۇ ئەمەلىي نۇتۇقتا)①. قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدە، بىز سۆزلەپ ئۆتكەندەك ياڭراقلىق بىرىكىشنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. قوشما ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ باش قىسمىدا ياڭراقلىق قىممىتى يۇقىرى بولغان ياڭراق تاۋۇشلار بىلەن سېرىلاڭغۇ تاۋۇش /s/، /ʃ/ كۆپ كۆرۈلىدۇ. پارتلىغۇچى تاۋۇش /p/ مۇ ئۇچرايدۇ، ئەمما ئۇ ياڭراقلىقى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش بىلەنلا بىرىكەلەيدۇ. 2- ئۈزۈك تاۋۇش ياڭراقلىقى ئەڭ تۆۋەن بولغان پارتلىغۇچى، پارتلىغۇچى- سېرىلاڭغۇ، سېرىلاڭغۇ تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. بىز تۆۋەندە بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئۈزۈك تاۋۇش توپىنىڭ بىرىكىش ئەندىزىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. [بەلگىلەر: V سوزۇق تاۋۇش (vowel)، R تىترەڭگۈ تاۋۇش (trill)، L قوۋۇز تاۋۇشى (lateral approximants)، N دىماغ تاۋۇشى (nasal)، F سېيرىلاڭغۇ تاۋۇش (fricatives)، P پارتلىغۇچى تاۋۇش (plosive)، A يېرىم سوزۇق تاۋۇش (approximant) نى كۆرسىتىدۇ. پارتلىغۇچى- سېرىلاڭغۇ تاۋۇش سېرىلاڭغۇ تاۋۇشقا قوشۇپ تەھلىل قىلىندى]

| (a) | (b) | (c) | (d) | (e) | (f) |
|---|---|---|---|---|---|
| *AA | *RA | *LA | *NA | *FA | *PA |
| AR | *RR | *LR | *NR | *FR | *PR |
| AL | RL | *LL | *NL | *FL | *PL |
| AN | RN | LN | *NN | *FN | *PN |
| AF | RF | LF | NF | *FF | *PF |
| AP | RP | LP | NP | FP | PP |

يۇلتۇز بەلگىسى قويۇلمىغان توققۇز گورۇپپا ياڭراقلىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولغان بىرىكىش بولۇپ، ياڭراقلىقى پەلەمپەيسىمان تۆۋەنلەيدىغان ئۈزۈك تاۋۇش توپىنى ھاسىل قىلالايدۇ. گەرچە، بۇ بىرىكىش ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن بولسىمۇ، بىرقىسىملىرى ئۇيغۇر تىلى ئەمەلىي تىل ئىستېمالىدا ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن: (b) گورۇپپىدىن RL، RN، (c) گورۇپپىدىن LN ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش توپى كۆرۈلمەيدۇ. بۇ 16 خىل ئەندىزىدىن ئۈچىنى چىقىرىۋەتسەك، قالغان13 خىل ئەندىزە VCC، CVCC تىپىدىكى بوغۇم تۈزۈلمىسىنىڭ ئەندىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

3. 1. AR ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش توپى: wr -/ دەۋر.

3. 2. AL ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش توپى: yl -/ پەيل، سەيل (سەيلى- ساياھەت).

3. 3. AN ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش توپى: yn -/ ئەين (ئەينى).

3. 4. AF ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش توپى: yz -/ پەيز (پەيزى قىلماق)، ھەيز؛ yʃ -/ ئەيش؛

① 力提甫·托乎提:《现代维吾尔语参考语法》, 中国社会科学出版社, 2012 年, P:102。

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



/_yx/ شەيخ؛ /_wʤ/ ئەۋج،

3.5. AP ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپى: /_yt/ قايت، ئېيت، پەيت؛ /_yp/ ئەيپ، كەيپ.

3.6. RF ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_rz/ ئەرز، قەرز؛ /_rs/ ئارسلان، تېرس، دەرس؛ /_rʃ/ ئەرش.

3.7. RP ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_rp/ كارپ (بېلىقنىڭ بىر تۈرى)، تېرپ (قېرىننىڭ تېرپى)؛ /_rt/ ئارت، شەرت، تۇرت، سۇرت، سىرت، تارت؛ /_rg/ بەرگ؛ /_rk/ ئەرك؛ /_rq/ شەرق، پەرق، غەرق.

3.8. LF ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_lf/ ئەلف.

3.9. LP ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_ld/ ئالد؛ /_lq/ خەلق، خۇلق.

3.10. NF ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپى: /_nʧ/ قونچ، ئىشەنچ.

3.11. NP ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_nd/ فوند؛ /_nt/ ئانت، ئەنت، بەنت، كەنت؛ /_ŋq/ داڭق.

3.12. FP ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_sp/ كەسپ؛ /_st/ ئاست، ئۇست، قەست، پەست، پوست. /_sq/ رىسق. /_ʃq/ ئاشق، ئىشق. /_ʃt/ مۇشت، پۇشت؛ /_xt/ تەخت، بەخت، رەخت.

3.13. PP ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرى: /_pt/ ئەپت، تەپت (ئوتنىڭ تەپتى)؛ /_kt/ تەكت، تاكت (فىزىكا ئاتالغۇسى).

يۇقىرىقى 13 خىل ئەندىزىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش گۇرۇپپىسىدا جەمئىي 31 دانە ئۈزۈك تاۋۇش تۈپى بار بولۇپ، بۇلار VCC، CVCC تىپلىق بوغۇملاردا بوغۇم ئاخىرى (Coda) بولۇپ كېلىدۇ. ياڭراقلىق دەرىجىسى ھالدا تۆۋەنلەيدۇ. بۇ 31 دانە ئۈزۈك تاۋۇش تۈپىنىڭ بىرىكىش پىرىنسىپى ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پىرىنسىپىدۇر. ئۇلاردىن باشقا، *PF ئەندىزىدىكى ps_، ks_ ئىككى قوشما ئۈزۈك تاۋۇشمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ئىككى قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ئەسلىي پىرىنسىپ بويىچە قائىدىسىز، يەنى پارتلىغۇچى تاۋۇشنىڭ ياڭراقلىق قىممىتى سىرىلاڭغۇ تاۋۇشنىڭكىدىن تۆۋەن. ئەسلىي پىرىنسىپ بويىچە sp_، sk_ شەكلىدە بولغان بولسا قائىدىلىك بولاتتى. بىز باشتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، بىر قىسىم فونولوگلار ياڭراقلىقنى پەقەت ئۈچ گۇرۇپپىغىلا ئايرىغان، سوزۇق تاۋۇش > ياڭراق تاۋۇش> توسالغۇلۇق تاۋۇش (组塞音)؛ بۇ بويىچە بولسا ps_، ks_نىڭ بىرىكىشى قائىدىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىرقىسىم فونولوگلار خېلى بىر قىسىم تىللاردا /s/ تاۋۇشىنىڭ قائىدىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى، مەيلى ياڭراقلىق پىرىنسىپى بولسۇن، مەيلى بوغۇم بېشىنىڭ ھەرىكە بىرلىكى (计时单位) دە بولسۇن، قائىدىسىز ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان، شۇڭا بۇ تاۋۇشنى قوشۇمچە تاۋۇش (附加音) دەپ ئاتىغان①. مۇشۇ قائىدىسىزلىك سەۋەبىدىن ps_، ks_ ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرىنىڭ تەلەپپۇزىدا ناھايىتى قىسقا بىر سوزۇق تاۋۇش [i] تەلەپپۇزدىن چىقىدۇ②. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، /s/ تاۋۇشىدا سوزۇلمىلىق (延续性, continuant) بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتلىغۇچى تاۋۇش بىلەن سىرىلاڭغۇ تاۋۇشنىڭ ياڭراقلىق دەرىجىسى بەكلا يېقىن. بولۇپمۇ /s/ تاۋۇشىدىكى سوزۇلمىلىق ئۇنىڭ پارتلىغۇچى تاۋۇش بىلەن بىرىكىشىنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلغان بولۇشى مۇمكىن.

يۇلتۇز بەلگىسى قويۇلغان ئۈزۈك تاۋۇش تۈپلىرىنىڭ بىرقىسمى ياڭراق ئۈزۈك تاۋۇشنى بوغۇم يادروسى قىلغان CC تىپىدىكى بوغۇملارنى تۈزىدۇ، بىرىكىش پىرىنسىپى 2. 7. قىسمىدىكى مەزمۇندا بايان قىلىنغاندەك، ياڭراقلىق پەلەمپەيسىمان يۇقىرىلاپ بارىدۇ. بۇلار:

*FL ئەندىزىسى: /_sl/ ئەسل، نەسل؛ /_hl/ ئەھل.

*FR ئەندىزىسى: /_ʤr/ ئەجر؛ /_hr/ قەھر. /_sr/ ئەسر.

---

① 赵忠德:《音系学》,上海外语教育出版社,2006 年,第 209 页。

② 力提甫・托乎提、艾尔肯・阿热孜等编著:《现代维吾尔语参考语法》,中国社会科学出版社,2012 年,第 105 页。

*FN ئەندىزىسى: zm ـ ئەزم.

*PL ئەندىزىسى: dl ـ ئەدل. ql ـ ئەقل.

بۇ سەككىز ئۈزۈك تاۋۇش تۈپى ياڭراق تاۋۇشنى بوغۇم يادروسى قىلغان CC تىپلىق بوغۇمنى تۈزىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسال گىراماتىكىنىڭ پىرىنسىپلىرى كۆپلىگەن تىللارغا ماس كېلىدۇ. E. Selkirk نىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان ياڭراقلىقنىڭ تەرتىپچانلىق پىرىنسىپىمۇ ھەم شۇنداق، تىل تاۋۇشلىرىدىكى نىسپىي ياڭراقلىق تاۋۇشلاردىكى ئەركىن بىرىكىشنى چەكلەپ، تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىش مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەن قانۇنىيەتكە ئىگە قىلغان.

**پايدىلانمىلار:**


1. ئارسلان ئابدۇللا، ئابدۇرېھىم راخمان قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.

2. جۇ تۇڭچۈن، مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ ئاكوستىكىلىق تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.

3. 力提甫・托乎提主编：《现代维吾尔语参考语法》，中国社会科学出版社，2012 年。

4. 赵忠德：《音系学》，上海外语教育出版社，2006 年。

5. 彼得・赖福吉：《语音学教程》(张维佳_译)；Ladefoged, Peter. A Course In Phonetics (Fifth Edition), 北京大学出版社，2011 年。

6. Gussenhoven, Carlos&Jacobs, Haike, “Understanding Phonology”,《音系学通解》，英文，爱德华·阿诺德出版社；外语教学与研究出版社，2008 年，(第二版)。

7. Trask, R. L, “A Dictionry of Phonetics and Phonology”, published by Taylor&Francis Routledge, New York; 1996


**ئاپتور:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 2012 ـ يىللىق ماگىستىرانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

## ــــ باش بۆلەكلەر ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

قەييۇم مىجىت، رىسالەت ئابدۇرېشىت

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى بولغان ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئېنىقلىمىسى، ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، تۈرى ۋە ئورۇن- تەرتىپى قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىش بىلەن بىللە، ئىگە بىلەن خەۋەرنى توغرا ۋە ئەتراپلىق تونۇش، چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** جۈملە بۆلەكلىرى؛ باش بۆلەكلەر؛ ئىگە؛ خەۋەر

ئاددىي جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم گىراماتىكىلىق قائىدىلەر بويىچە ئۆزئارا باغلىنىشىدىن تۈزۈلۈپ، تولۇق ئاياقلاشقان يەككە ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە شەكلىدۇر. ئاددىي جۈملە ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر- بىرىدىن پەرقلىنىدىغان، مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھەر خىل تەركىبىي قىسىملاردىن تەركىپ تاپىدۇ. ئاددىي جۈملىدە جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولغان، ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ كەلگەن ئەنە شۇ تەركىبىي قىسىملار جۈملە بۆلەكلىرى دېيىلىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ بەزىلىرى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە يېتەكچى رول ئوينىسا، بەزىلىرى قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدىكى رولىغا قاراپ باش بۆلەكلەر ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان، جۈملىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان بۆلەكلەر باش بۆلەك بولىدۇ. باش بۆلەككە ئىگە بىلەن خەۋەر كىرىدۇ. باش بۆلەكنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، باش بۆلەكنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان بۆلەكلەر ئەگەشمە بۆلەكلەر بولىدۇ. ئەگەشمە بۆلەكلەرگە تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى ۋە ھالەت كىرىدۇ.

### 1. ئىگە ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

ئىگە جۈملىنىڭ خەۋىرىدە بايان قىلىنغان ئىش- ھەرىكەت، شەيئى ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ كىم ياكى نېمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر. ئىگە جۈملىدە خەۋەر بىلەن ئىگە- خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەزىمەت شەرەپكە تۇرىدۇ، يامان ئادەم نەپسىگە تارتىدۇ.

ئەمگەك بەختنىڭ ئوڭ قولى، ئۇنىڭ سول قولى تېجەشتۇر.

ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش- بىزنىڭ تۈپ سىياسىتىمىز.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملار ۋە ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغان ھەر خىل سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكىدەك سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلەلەيدۇ.

1) باش كېلىش شەكلىدە كەلگەن ئىسىملار ۋە ئىسىم بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىم ۋە ئىسىم بىرىكمىلىرى ئىگە بولۇپ كەلگەندە، شەيئى، ھادىسە، چۈشەنچە ۋە باشقا ھەر خىل ناملارنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

كىتاب ــ ئىنسانىيەت ئىلغارلىرىنىڭ پەلەمپىيى.
ل. مۇتەللىپىنىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا ئۆلجىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى.
شۇ كۈنى ئاسمىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى غەش بولدى. قولى ئىشقا بارمىدى. مۇڭلۇق ئىسكىرىپكا ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى.

2) ئالماشلار ۋە ئالماش بىرىكمىلىرى جۈملىدە كۆپىنچە ئىگە ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. بۇنداق ئالماشلار جۈملىدە ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، شۇ ئىسىملارغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:
ئۇلار نۇرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە جىمىپ قېلىشتى.
ھەركىم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇشى كېرەك.
بۇ پىكىرگە سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى.

3) ئىسىملاشقان سۈپەت ۋە سۈپەت بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل سۈپەتلەر ئىگە بولۇپ كەلگەندە، شەيئىنىڭ بەلگە ـ خۇسۇسىيىتىنى ئەمەس، بەلكى شەيئىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:
ياخشى تېپىپ سۆزلەيدۇ، يامان كۆپۈپ...
ئىلغارلار ئارقىدا قالغانلارغا ياردەم بېرىشى لازىم.
بويى پاكارلار ئالدىدا، بويى ئېگىزلەر كەينىدە تۇرۇڭلار.

4) سانلار ۋە سان ـ مىقدار بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. سانلار ئىگە بولۇپ كەلگەندە، شەيئىنىڭ سانىنى ئېنىقلىماستىن، بەلكى شۇ شەيئىنىڭ ياكى سانىنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق سانلار كۆپىنچە شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
بىرى تويۇپ سەكرەيدۇ، بىرى توڭۇپ ...
بۈگۈنكى يىغىنغا ئىككىمىز ۋەكىل بولۇپ قاتناشتۇق.
ئىككى سەككىز ـ ئون ئالتە.

5) ھەرىكەتنام ۋە ھەرىكەتنام بىرىكمىلىرى ئىسىملارغا ئوخشاش جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىگە بولۇپ كەلگەندە، خەۋەردىن ئالاھىدە پائۇزا بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى ئىسىملارغا خاس شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئوقىماق ـ يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولىماق.
ئالماقنىڭ بەرمىكى بار، چىقماقنىڭ چۈشمىكى بار.
بىلىم ئېلىش ـ ئۆگىنىش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشمۇ ئۆگىنىش.

6) ئىسىم ئورنىدا كەلگەن سۈپەتداش ۋە سۈپەتداش بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار ئىگە بولۇپ كەلگەندە، ھەرىكەتلىك خۇسۇسىيەتنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىگىسى بولغان شەخسنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇغان ئوزار، ئوقۇمىغان توزار.
كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلار، كۆرمىگەن نېمىنى قىلار.
تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە سىڭەر.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، بەزى رەۋىش، تەقلىدىي سۆز ۋە ئىملىق سۆزلەرمۇ جۈملىدە ئىگە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. ئىگە بۇ خىل سۆزلەر بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلگەندە، بۇ سۆزلەر ئىسىملىشىپ، ئىسىم مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس.
مەھەللىنىڭ يۇقىرىسى تېخىمۇ ھاۋالىق.
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تېخىچە بېسىقمايۋاتىدۇ.
ئاھ، ئۇرارمەن، ئاھ، ئۇرارمەن، ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىگە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي ئىگە ۋە مۇرەككەپ ئىگە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاددىي ئىگە پەقەت بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئۇ تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، جۈپ سۆز، بىرىككەن سۆز شەكىللىرىدە كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر.

ئوقۇتقۇچى ـ ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى.

ئەر ـ ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى كېرەك.

مۇرەككەپ ئىگە بىر سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مۇرەككەپ ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، ئۇلار خەۋەرگە بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە باغلىنىدۇ، بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ـ تۈپ مەسىلە.

كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش ـ خاتالاشقانلارغا ياردەم بېرىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى.

بەزى ئاددىي جۈملىلەردە تەڭداش بۆلەك ياكى كېڭەيگەن بۆلەك شەكلىدىكى ئىگە بولىدۇ. بۇنداق ئىگىمۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇرەككەپ ئىگە قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن:

قانۇن ـ تۈزۈم، تەرتىپ ـ ئىنتىزام ھەرقانداق ئىشنى ياخشى ئىشلەشنىڭ كاپالىتى.

بىلىمنى كېيىن بىراقلا ئۆگىنىۋالىمەن دېيىشكە بولمايدۇ.

بالا ـ چاقىلىق ئۆيدە نېرى ئولتۇر، بېرى ئولتۇر بولماي قالمايدۇ.

ئىگىنىڭ جۈملىدىكى ئورنىغا كەلسەك، ئىگە ئادەتتە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، جۈملىنىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئىگىنىڭ جۈملىدىكى ئورۇن ـ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

1) باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ئىگە ئالدىدا، خەۋەر ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىلىم ــ كۈچ.

كۆز ئىسسىپ كەتتى.

جۇڭگو خەلقى ــ قەھرىمان خەلق.

2) باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە، ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، ئىگىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ كەينىدە، خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ بەزىدە ئالدىدا، بەزىدە كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ناھايىتى قورقۇنۇچلۇق ۋاقىرىغان بۇ ئاۋاز پۈتۈن يېزىنى چۆچۈتىۋەتتى.

يىگىرمە توققۇز ئائىلىلىك بۇ كىچىككىنە يېزىدا ئەزەلدىن بۇنداق ئاۋاز ئاڭلىنىپ باقمىغان.

چوڭ كوچىدا ھەرخىل ئېلېكتىر چىراقلىرى يوپيورۇق يېنىپ تۇراتتى.

جۈملىدە ئىگىنىڭ خەۋەردىن ئىلگىرى كېلىشى نورمال تەرتىپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بەزى ھاللاردا ئىگە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. بۇ، غەيرىي نورمال تەرتىپ ھېسابلىنىدۇ. ئىگىنىڭ غەيرىي نورمال تەرتىپتە كېلىشى، يەنى خەۋەردىن كېيىن كېلىشى تۆۋەندىكى ھاللاردا كۆرۈلىدۇ:

1) شېئىرىيەت ۋە ماقال ـ تەمسىللەردە ئاھاڭ ۋە ئىستىلىستىكىلىق تەلەپلەرنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئىگە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ كەڭ دۇنيا مەن ئۈچۈن بولدى دەۋزەخ،

ياش گۈلۈمنى غازاڭ قىلدى قارا ئەبلەخ.

قوش كەتمەننى مەن چاپسام،

يېتىپ يەيدۇ بەگ غوجام.

2) ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە، ئىگە خەۋەردىن كېيىن كېلىدۇ. مەسىلەن:

ـ نېمىشقا؟ ـ ھەيران بولۇپ سورىدى ھەمرا.

ـ قېنى ئۇلار؟ ـ دېدى ئەكرەم ئەتراپقا قاراپ ـ ھېچكىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

3) شوئار، بۇيرۇق، ئۈندەش مەنىلىرىدىكى جۈملىلەردە جۈملىنىڭ ئاھاڭدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىگە بەزىدە خەۋەرنىڭ كەينىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ياشىسۇن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى!

يۈرۈڭلار كۆپچىلىك، يولغا چىقايلى.

ۋاي- ۋۇي، تازىمۇ ئوخشاپتۇ بۇ شاپتۇل.

بىز ئىگىنىڭ جۈملىدىكى مەنىسى، باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى، قايسى سۆز تۈركۈملىرىدىن كەلگەنلىكى، قانداق شەكىلدە ئىپادىلەنگەنلىكى ۋە جۈملىدىكى ئورۇن تەرتىپى قاتارلىقلارغا بىردەك ئېتىۋار بېرىش ئارقىلىق ئۇنى تونۇيمىز ھەمدە ئۇنى باشقا جۈملە بۆلەكلىرىدىن پەرقلەندۈرىمىز.

## 2. خەۋەر ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى

خەۋەر جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى، سۈپىتىنى، كىم ياكى نېمە ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا بەلگىلىرىنى بىلدۈرىدىغان جۈملە بۆلىكىدۇر. خەۋەر جۈملىدە ئىگە بىلەن ئىگە- خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. باشقا بۆلەكلەر بىلەن تولدۇرغۇچى- تولۇقلانغۇچىلىق، ھالەت- خەۋەرلىك مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. مەسىلەن:

ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلدى، ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كەتتى.

بىلىم — ئاچچىق يىلتىزدىن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تاتلىق مېۋە.

ئۇ ئۇنى چىقارماستىن يىراق- يىراقلارغا كۆز تاشلىدى.

خەۋەر جۈملىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي- پىكىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. خەۋەرنىڭ قانداق سۆزدىن تۈزۈلۈشى جۈملىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە جۈملە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئادەتتە خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

پېئىل، ئىسىم، سۈپەت قاتارلىق مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ھەممىسى جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ھەرخىل خاراكتېردىكى سۆز بىرىكمىلىرىمۇ جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا، خەۋەرلەر قانداق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، پېئىل خاراكتېرلىق خەۋەر ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. پېئىل خاراكتېرلىق خەۋەر

پېئىللاردىن ۋە پېئىل خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن خەۋەر پېئىل خاراكتېرلىق خەۋەر دېيىلىدۇ. پېئىل خاراكتېرلىق خەۋەرلەر ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى، ھالىتىنى ياكى ھەرىكەت جەريانىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل خەۋەرلەر پېئىلنىڭ شەخس- سان، زامان، راي، دەرىجە، تۇس، بولۇشلۇق- بولۇشسىز كاتېگورىيەلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىلدە كېلىپ، ئىگىگە شەخس ۋە سان جەھەتتىن ماسلىشىدۇ. مەسىلەن:

نۇرى مېكىبگە ھەيران بولۇپ قارىدى.

سىلەر ئۆي ئىچىدىن خاتىرجەم بولۇڭلار.

سادىق ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى.

پېئىل خاراكتېرلىق خەۋەرلەر پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئوخشىمىغان رايدىكى پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

1) خەۋەر رايىدىكى پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامان ھەرىكىتىنى بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

شەھرىيار ھەمراھلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ۋەتىنىمىز كۈندىن- كۈنگە گۈللىنىۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىۋاتىدۇ.

بىز كېلەر يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىمىز.

www.uyghurkitap.com

2) بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تەكلىپ قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

سىز بۇنىڭدىن كېيىن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭ.

ئۇ بۇ ئۆيگە كىرىمەن دەپ خام خىيال قىلمىسۇن.

يۈرۈڭ، ئىككىمىز بازارغا چىقايلى.

3) شەرت رايىدىكى پېئىللار جۈملىدە خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، ئىگىنىڭ مەقسەت، شەرت، ئۆتۈنۈش، مەسلىھەت قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى ھەركىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شەرت رايىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەر قوشما جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئاغرىقنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارە.

رەنجىمەي، ماڭا بىر دەم ياردەملىشىۋەتسىڭىز.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم بولاتتى.

## 2. ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەر

ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن خەۋەر ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەر دېيىلىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەر بەزىدە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئۆزىدىنلا، بەزىدە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر بىلەن ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەرلەر جۈملىدە ئىگىنىڭ كىم، نېمە ئىكەنلىكىنى ھەم قانداق، قانچە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرىي جەھەتتىن ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

«ئانا يۇرت» رومانىنىڭ ئاپتورى ـ زوردۇن سابىر.

بۇ يەر ئادەتتە ئەنە شۇنداق خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك.

سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلارنىڭ سانى ئوتتۇز بەش.

سادىر ئەسلىدە بىزنىڭ باشلىقىمىز ئىدى.

ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، جۈملىدىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورۇن تەرتىپى ۋە ئىنتوناتسىيەسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى بۇلار ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ بايانى مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

خەۋەرلەر قۇرۇلما جەھەتتىن ئاددىي خەۋەر ۋە مۇرەككەپ خەۋەر دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرلا سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەر ئاددىي خەۋەر دېيىلىدۇ. بىر سۆز بىرىكمىسىدىن ياكى بىرقانچە سۆزدىن تۈزۈلگەن خەۋەر مۇرەككەپ خەۋەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

كۆكۈش بۇلۇتلار ئاسماننى ئاستا ـ ئاستا قاپلىدى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرى راۋاجلانماقتا. (ئاددىي خەۋەر)

تۆمۈر خەلپە بىلەن ئامانقۇل مەھەللىگە كىرگەندە ئەلنىڭ ئالدى يېتىپ قالغانىدى.

تىل ـــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ موھىم ئالاقىلىشىش قورالى. (مۇرەككەپ خەۋەر)

بەزى ئاددىي جۈملىلەردە تەڭداش بۆلەكلىك، كېڭەيگەن بۆلەكلىك ۋە تەكرارلانغان شەكىلدىكى خەۋەرلەرمۇ بولىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەرمۇ مۇرەككەپ خەۋەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

بېغىڭلار سالقىن، چىرايلىق ۋە كەڭ ئىكەن.

ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىغاندىن كېيىن ئەسنىدى، كېرىلدى.

ھوي، بۇلار ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىغۇ.

قىز يىگىتنى كۈتۈپتۇ، كۈتۈپتۇ، لېكىن يىگىت كەلمەپتۇ.

نورمال تەرتىپتىكى جۈملىلەردە، خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۆز ئۇنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىگە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر خەۋەر ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. مەسىلەن:

ئەقىلسىز باشنىڭ دەردىنى پۇت تارتىدۇ.

مەكتىپىمىزنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق.
ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز تۈردە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ.

خەۋەرنىڭ جۈملە ئاخىرىدا كېلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. لېكىن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەيرىي نورمال تەرتىپتە تۈزۈلگەن جۈملىلەردە خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. بۇ تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللاردا كۆرۈلىدۇ:

1) شېئىرىي ئەسەرلەردە قابىيە، ئاھاڭ، رېتىم ۋە باشقا تەلەپلەرگە ئاساسەن، خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

يىرتىلسا، كالىندارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ يوپۇرماق.
تىكىلمەكتە تەبىئەت شۇ گۈزەلگە،
قۇلاق سېلىپ گۈزەل ئېيتقان غەزەلگە.

2) ئاپتور سۆزى كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئاخىرىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە، خەۋەر ئىگىدىن بۇرۇن، جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ـ خوش ئۇستام، بۇ يەرنى نېمە قىلماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ ـ دېدى ھەمراھ كۈلۈمسىرەپ.
ـ خوش ـ خوش مەن قايتاي، ـ دېدى مەتنىياز توپلىينى سۇنۇپ، ـ مانى ئېلىپ كېلىۋېدىم.

3) شوئار، بۇيرۇق، خىتاپ، ئۈندەش مەنىلىرىدە ئېيتىلغان جۈملىلەردە، نۇتۇقنىڭ ئاھاڭدارلىقى ۋە تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەۋەر جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى.
يوقال كۆزۈمدىن ئەبلەخ.
پاھ، قاراڭلار، بۇ يېڭىلىقلارغا.

ئىگە بىلەن خەۋەر، ئادەتتە، جۈملىنىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچى مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزئارا بىرىكىپ، بايانىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە نۇتۇق ئاملى بىلەن ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئىگە بىلەن خەۋەر مەنە ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلما جەھەتتە ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتتە بولىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق بىر ئاددىي جۈملە قۇرۇلمىسىنى، ئاياقلاشقان يەككە ئوي-پىكىرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار يۇقىرىقىدەك خىلمۇخىل شەكىللەردە، خىلمۇخىل ئورۇنلاردا كېلىپ، ھەر خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى توغرا ۋە ئەتراپلىق تونۇشقا، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


1. ئارسلان ئابدۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2010 ـ يىلى نەشرى.
2. مەتتىمىن سالى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.
3. كۈرەش مەخمۇتجان: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى.
4. تۇردى ئەخمەد: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى نەشرى.
5. ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى تۈزگەن: «ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى»، 1984 ـ يىلى نەشرى.



**ئاپتورلارنىڭ خىزمەت ئورنى:** ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى
شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئاساسىي پەنلەر بۆلۈمى


**جاۋابكار مۇھەررىرى:** رەشىدە مامۇت

# ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىدىن ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىغا نەزەر

ئىمام موللاخۇن

مۇھىم مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئەل سۆيەر سەنئەتكارىمىز، ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىدا كۆزگە كۆرۈنگەن كۈلكە چولپىنى ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئېتوت ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئېتوتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىيات جەريانى ۋە يۈزلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئاساستا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئېتوت؛ ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقى؛ ئابدۇكېرىم ئابلىز

## 1. «ئېتوت» ئاتالغۇسىغا ئىزاھ

«ئېتوت» ــ ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلى ۋاستىسى بىلەن فرانسۇز تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، تىل، ئوبراز ۋە كۈلكىنى ۋاستە قىلغان، باشقا سەھنە سەنئىتىگە قارىغاندا ماكانىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئاممباب، كىچىك سەھنە سەنئىتى ئېتوت دېيىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردىن تۇرسۇنجان لېتىپ، قۇربانجان ھېيت قاتارلىقلار ئەڭ دەسلەپ بۇ سۆزنى ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى، مۇھەممەت روزى يارقىننىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن دەسلەپكى «ئېپىزوت» دەپ ئاتاش «ئېتوت» دەپ ئاتاشقا ئۆزگەرگەن. نەزىرىمىزنى «ئېتوت» سۆزىنىڭ رۇس تىلىدىكى لۇغەت مەنىسىگە ئاغدۇرساق، ئۇشاكوف تۈزگەن «رۇس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «ئېتوت» (ЭТЮД) سۆزى مۇنداق ئىزاھلىنىدۇ: «خاسلىقتا ئىگە، قىسقا، مۇزىكىلىق سەھنە ئەسىرىنى كۆرسىتىدۇ».

«ئېتوت» سۆزى خەنزۇ تىلىدا "小品" دېيىلىدىغان بولۇپ، مەنىسى «دىرامچاق» بولىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە شەرھلىنىۋاتقان سەنئەت تۈرىنى «ئېتوت» دەپ ئاتاش ئىلمىي بولغان. چۈنكى، «ئېتوت» سۆزىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ھەم رۇس تىلىدىكى تەگدىشىنىڭ لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن، ئەڭ كىچىك سەھنە ئەسىرىنىڭ بىرى بولغان ئېتوتنى «ئېپىزوت» دەپ ئاتىغاندىن كۆرە، «ئېتوت» (كىچىك سەھنە ئەسىرى) دەپ ئاتاش مۇۋاپىق.

## 2. ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىمۇ ماس قەدەمدە ئاشىدۇ، بولۇپمۇ مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ ئېشىشى ئۆزگە چېگراداش ساھەلەردىكى پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەنە شۇ سەۋەبتىن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى ئېھىرقىشى ۋە گۈزەللىك فورماتسىيەسىگە گارمونىيلاشقان سەنئەتنىڭ تۈرلۈك نۇسخا شەكىللىرى بارلىققا كېلىپ، بۇ ئارقىلىق سەنئەتتىكى ئېچكى ۋە تاشقى كېڭىيىش ئەمەلگە ئېشىپ، سەنئەت ھەقىقىي مەنىدە ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى قۇياشى بولۇپ كەلدى. تېلېۋىزورنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئائىلىلەرگە سىڭىپ كىرىش نىسبىتىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، سەنئەتتىكى زامان، ماكان، مىللەت چېگرالىرى بارا ـ بارا تارىيىشقا باشلىدى. بۇگۈنكى ئۇيغۇرلاردىكى سەنئەت مانا مۇشۇنداق نازۇك، پەۋقۇلئاددە ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق كۆرۈنۈش ئاستىدا تەرەققىي قىلىۋاتقان سەنئىتىمىزنىڭ بىر تۈرى بولغان ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىمىزنىڭ تارىخىغا نەزەر سالساق، ئۇنى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ خەلق ئارىسىغا تارقىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپ بىلەن باغلاشقا بولىدۇ. تارىختىن بۇيان مەشرەپلىرىمىزدە ناخشا ـ مۇزىكا، لەتىپە بىلەن بىللە تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى قىسقا، قىزىقارلىق قىلىپ ئورۇندايدىغان ياكى دورايدىغان ئەھۋال بولغان. گەرچە، ئۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار «ئېتوت» ئاتالغۇسىنى ئىشلەتمىگەن بولسىمۇ، بۇ ھەرگىز ئېتوتنىڭ ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن يېڭى بىر سەنئەت تۈرى ئىكەنلىكىنى

بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت مەدەنىيىتىدە ئېتوتتىن ئىبارەت سەنئەت ئاملىنىڭ ساقىندىسى ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىدى. مۇقام تەتقىقاتچىسى مۇھەممەد ئوسمان ئۆزىنىڭ «دولان مەشرەپ، مۇقاملىرى» ناملىق كىتابىدا دولان مەشرەپلىرىنىڭ مەشرەپ بولۇپ شەكىللىنىشىدىكى بەش مۇھىم ئاملىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بۇ ئامىللارنىڭ بەشىنچىسى «قىزىقچى»دۇر. ئاپتور مەزكۇر كىتابىدا «قىزىقچى»نى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «مەشرەپتە قىزىقچىلار مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇلار مەشرەپ داۋامىدىكى تەقلىدىي ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. مەشرەپنىڭ ئەرزىيەت باسقۇچىدا ‹سورەتچى›، ‹سامسىپەز›، ‹جوۋازچى› قاتارلىق روللارنى ئېلىپ، جازالىغۇچىنىڭ جازاسىنى قىزىقارلىق ماھارەت بىلەن ئىجرا قىلىپ، ‹گۇناھ› قىلغۇچىنى ‹تووا› قىلدۇرىدۇ. كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈپ ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ ۋە يەنە يامان ئىللەتلەرنىڭ پەيدا بولماسلىقى ئۈچۈن مۇھىم خىزمەت قىلىدۇ. دولان مەشرەپلىرى ئىچىدىكى ‹ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش›، ‹جوۋازغا قېتىش›، ‹تىلسىز جانلىقلارنى دوراش›، ‹دېپى يوق سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناش›، ‹سامسا يېقىش› قاتارلىق كومېدىيەلىك ھەم دراماتىك تۈس ئالغان ئويۇنلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ھاياجانلاندۇرىدۇ، كۈلدۈرىدۇ. قەدىمكى دەۋرنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، قانۇن ـ ئەخلاق قاتارلىق ساھەلىرىنى ئەينەن جانلىق سۈرەتلەپ، قەدىمكى ئۇيغۇر سەھنە سەنئىتىنى نامايان قىلىدۇ». مانا بۇلارنى ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دېيىشكە بولىدۇ.

1984 ـ يىلى مەركىزى تىياتىر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان ئادىل مىجىت، نىجات نىياز، ھوشۇر قارىي، تۇرغۇن ئۆمەر، قۇربانجان، خەيرىگۈل ھەسەن، گۈلجامال مەتنىياز قاتارلىق بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ئۈرۈمچىدە دوكلات ئويۇنى قويۇپ «مېنىڭ دادام»، «توي چېيى»، (ئۇيغۇرلارنىڭ ھېكايىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن)، «سەھرادىن كەلگەن بوۋاي» (خەنزۇلارنىڭ ئېتوتىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن)، «ئوغۇل بالىدەك بولۇڭ» (رۇسلارنىڭ ھېكايىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن) قاتارلىق ئېتوتلارنى ئورۇندىدى. بۇ، ئېتوت سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر سەھنىسىدە مۇستەقىل تۈر سۈپىتىدە «ئېتوت» نامى بىلەن رەسمىي ئوينىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1990 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئېتوت سەنئىتىمىز رېئال تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى قىلدى. بۇ مەزگىللەردە قازاقىستان ئۇيغۇر ئارتىستلىرىدىن مەخمۇتجان دارايوف، مۇھتىجان ھېزىموف، رۇقىيە ساتاروف، رەيھانگۈل مەخپىرىۋا قاتارلىقلار رول ئېلىپ ئوينىغان «تېپىشماق»، «بوسۇغىدا قالغان قېرىنداش»، «ئاڭلىمىغان قۇلاقتا نېمە ئەيىب»، «پۇلۇڭ بولسا ئاغرىغىن»، «جاپاكەش ئايالار»، «ئۇنتۇغاق ئاغرىق»، «كەچكى دەم ئېلىش»، «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق»، «باشقا كەلگەندە باتۇر» قاتارلىق ئېتوتلار دىيارىمىزدا زور تەسىر قوزغىدى. ئاشۇ ئېتوتلارنى خەلقىمىز ھازىرمۇ زوق ـ شوخ بىلەن ئەسلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرسۇنجان لېتىپ يازغان «مېھمان»، «كۆپۈك»، «يول ئۈستىدە»، «مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ بار» قاتارلىق ئېتوتلارمۇ مۇشۇ مەزگىللەردە ئوينالدى. بۇ دەۋردىكى ئېتوتلاردا ئاساسلىقى كىشلەرنىڭ خاراكتېرىدە ئاشكارىلىنىۋاتقان ئاچكۆزلۈك، ھوقۇقپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك، شەخسىيەتچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىك، نادانلىق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىدلەنگەن.

2000 ـ يىلىدىن باشلاپ تا بۈگۈنگىچە تۇرسۇنجان لېتىپ، مەخمۇتجان سىدىق، ئابلىكىم كەلكۈن، ئابدۇكېرىم ئابلىز قاتارلىقلارنىڭ يازغان ئېتوتلىرى كۆپرەك ئوينىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئېتوتلارنىڭ باش تېمىسى كۆپ ھاللاردا جەمئىيەتتىكى ئەخلاقسىزلىقنى، ساختىلىقنى سۆكۈش، كىشلەرنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغان. ئېتوت سەنئىتى سەھنىلىرىمىزدە رەسمىي «ئېتوت» نامى بىلەن ئوينالغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان 20 نەچچە يىل جەريانىدا بىرنەچچە يۈز ئېتوت ئوينالدى. كۆپلىگەن ئېتوت ئارتىستلىرى يېتىشىپ چىقتى.

ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىمىزنىڭ مەيدانغا كېلىشى خەلقىمىزگە كۈلكە ئېلىپ كەلدى. بۇ كۈلكىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، مەنە قاتلىمى، ئېستېتىك ئۆلچىمى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ناخشا بىلەن مۇزىكىنىڭ مونوپوللۇق خاراكتېرىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق كۈچىيىپ كېتىشىدىن بىر خىل سىقىلىش ھېس قىلغان خەلقىمىزنىڭ ئاچقان يېڭىچە مەلھەم بولالىدى. شۇڭا، ئېتوت كۈچلۈك داغدۇغا بىلەن تېز سۈرئەتتە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولدى. تاماشىبىنلارنىڭ زوقلىنىش سەۋىيەسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئېتوت بولغانلىكى نەرسىنى ئاساسەن دېگۈدەك قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇ كەڭ بازار ئاساسىغا ئىگە بولدى. ھاياتقا، كىشلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋەتكە ئەقلى كۆزىدىن كۆرە، تولاراق يۇمۇرىستىك تۈيغۇ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ئادەتلەنگەن خەلقىمىزگە نىسبەتەن يۇمۇر بەكمۇ كېرەك ئىدى. ئېتوت مانا مۇشۇ نۇقتىدىن خەلقىمىزنىڭ ئەنە شۇ خاراكتېر پىسخىكىسىغا ئۆزگىچە بىر پاس بولۇپ ئۇرۇلدى ـ دە، بىراقلا ئۆز شۆھرىتىنى نامايان قىلدى. ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەنىۋى ھاياتىدا نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى، سەلەي چاققان، موللا زەيدىن كۈلكىلىرى ۋە بۈگۈنكى ھېسام چاقچاقلىرىغا جۆر بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىگە باي تەشنالىقى زورلاپمۇ ـ زورلىمايمۇ كۈلكە بېرەلەيدىغان ئېتوتلار ئارقىلىق زور تەسەللىگە ئېرىشتى، ھاردۇقىنى چىقاردى. ئېتوت ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزگە ئويلىنىش ئېلىپ كەلدى. ناخشا ـ مۇزىكىلاردىكى ئابستراكتلىق، مەۋھۇملۇق ۋە ھېسسىيلىقتا سېلىشتۇرغاندا ئېتوت ئەمەلىيەتچانلىقى، كونكرېتلىقى، جانلىقلىقى، ئاممىۋىلىقى، بىۋاستىلىقى ۋە ئۇنىۋېرساللىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ سەنئەت ئىچىدە رېئاللىقنى كىشىلەرنىڭ نەزەر ـ ئېتىبارىغا بىۋاستە تاشلايدۇ. كىشىلەرنى ئوراپ تۇرغان ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇ تاماشىبىنلارنى ھەم زوقلاندۇرالايدۇ ھەم ئويلاندۇرالايدۇ. بۇ ئويلىنىشتا رېئاللىقنىڭ ئەكس ساداسى، ئاشكارا بولمىغان ۋە بولغۇسى شەپىسى بار، ئۆزى بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق چېتىشلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنىڭ مەلۇم كەسمە يۈزى بار.

### 3. ئابدۇكېرىم ئابلىز ۋە ئۇنىڭ ئېتوت ئىجادىيىتى

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىدا ئۆزگە خاس يېڭى يول ئاچقان، ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىمىزدا كۆزگە كۆرۈنگەن، خەلقىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئەل سۆيەر سەنئەتكارىمىز، ئاتاقلىق كۈلكە چولپىنى ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ئېتوت ئىجادىيىتى 1991 ـ يىلى يېزىپ سەھنىدە ئويناپ چىققان «رونا ماركىلىق جۇسەي مانتىسى» ناملىق ئېتوت بىلەن باشلانغان. بۇ ئېتوت ئەينى ۋاقىتتا سەھنىدە ئوينالغاندا جەمئىيەتتە كەڭ ئالقىشقا ئېرىشكەن.

ھەممىيلەنگە مەلۇم، بىر سەنئەتكار ئۈچۈن ئەڭ زور ئىلھام ئۆز خەلقىنىڭ ئالقىشىدىن، قوللىشىدىن كېلىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابلىز 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى چوڭ تىپتىكى ئېتوت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، تېمىسى ۋە مەزمۇنى يېڭى، قىزىقارلىق، ھەرىكەت شەكىللىرى ئۆزگىچە، كىشىلەرنى ئويلاندۇرىدىغان ئېتوتلارنى خەلقىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ھەر يىللىق ئېتوت كېچىلىكىدە پەستە ئولتۇرۇپ كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلارنىڭ تېلىقىپ كۈلۈشلىرىدىن، قىزغىن چاۋاكلىرىدىن، دەستە ـ دەستە گۈللىرىدىن ھەم شۇنداقلا تەگرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى ئاۋات شەھەرلەردىن تارتىپ چەت ياقا يېزا ـ قىشلاقلارغىچە بولغان ھەرقايسى يۇرتلاردىكى سەنئەتكە ھېرىسمەن خەلقىمىزنىڭ ئېكران ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېتوتلىرىنى كۆرۈۋاتقاندىكى ھاياجانلىق كۈلكىلىرىدىن، بۇ ئېتوتلار توغرىسىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلىرىدىن بىلىۋالالايمىز. چۈنكى، ئۇنىڭ ئېتوتلىرى ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىغا جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا يېڭى مەنە، يېڭى مەزمۇن قوشتى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئابدۇكېرىم ئابلىز كۆپىنچە ئېتوتلىرىنى ئۆزى يازىدۇ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىدۇ ۋە ئۆزى باش رول ئالىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «رونا ماركىلىق جۇسەي مانتىسى» (1991)، «گاس كۇيئوغۇل» (1991)، «پالچى» (1991)، «ئۈچرىشىش» (1991)، «ناباب دوختۇر كاج بىمار» (1992)، «يېرىم دىدار» (1990)، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا» (1990 ـ يىللار)، «ئوغلۇمنىڭ تويى» (1990)، «ھەۋەسكارنىڭ ھەۋىسى» (1990 ـ يىللار)، «يىراقتىكى موللا داموللا » (2005)، «تۇماق سېتىش» (2005)، «كونا ئاياغ» (2005)، «ئۆزۈگنى بىل، ئۆزگىنى قوي» (2005)، «ئەتە تووۋا قىلىمەن» (2005)، «مەككار سودىگەر» (2005)، «ۋاكالىتەن مال ساتقۇچى» (2005)، «ھەۋەسكارنىڭ يېڭى ھەۋىسى» (2006)، «ھەر كاللىدا ھەر خىيال» (2006)، «ئاجايىب چۈش» (2006)، «كۆڭلۈم» (2006)، «كېسەل يوقلاش» (2006)، «ئاشخانىدا» (2006)، «ھەۋەسكارنىڭ كېيىنكى ھەۋىسى» (2007)، «ئارچىغا ئالتە تاياق» (2008)، «بۇزۇق تېلېۋىزور» (2008)، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» (2008)، «ھەۋەسكارنىڭ ھازىسى» (2008)، «ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ» (2008)، «ئىستىقۇنىڭ كۈچى» (2008)، «بەش مىليونلۇق خىيال» (2008)، «رېپېتىس قىلىش»

(2008)، «ئەسكى تۇماقتا سېسىق كاللا خېرىدار» (2008)، «سەن كىم، مەن كىم؟» (2008)، «يامانلىغان ئابدالنىڭ خۇرجۇنىغا زىيان» (2008)، «سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ» (2008)، «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» (2010)، «بىز دېگەن ئەر كىشى» (2010)، «خىسلەتلىك تېۋىپ» (2010)، «قېرىنداشلار» (2010)، «ھېيت پەتىسى» (2010)، «قايسى ئېتوتنى ئوينىساق بولار» (2010)، «ھەۋەسكارنىڭ يەنە بىر ھەۋىسى» (2010)، «ياتاقتا» (2012)، «خالا جاي» (2012)، «ئاينىڭ ئونبەشى ئايدىڭ» (2012)، «ھەۋەسكارنىڭ يەنە بىر ھەسرىتى» (2012)، «چۈشەنمىدىم» (2012) قاتارلىق ئېتوتلىرى ئۆزى يېزىپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان ۋە ئۆزى باش رول ئالغان ئېتوتلاردۇر.

## 4. ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

**1) ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىدا ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى رېئاللىق ناھايىتى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.**

تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت. ئاشۇ تۇرمۇشنى سەنئەتلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىگەن كىشىلەر ھەقىقىي سەنئەتكار ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىدا رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، ئۇنىڭ «تۇماق سېتىش»، «بۇزۇق تېلېۋىزور» قاتارلىق ئېتوتلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك ئائىلە تۇرمۇشىدىكى رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، تېلېۋىزورلاردا بېرىلىۋاتقان سۈپەتسىز، ناچار مەھسۇلات ئېلانلىرى قامچىلىنىش بىلەن بىللە، دەۋر تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ پۇل تېپىشتىن ئىبارەت پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ئاشۇ بىر قاتار ئېلانلاردىن كۆرۈرمەنلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىزار بولغانلىقى، ھەتتا تېلېۋىزوردىن سەسكىنىۋاتقانلىقى دادىللىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەن.

ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ «ھەۋەسكارنىڭ ھەۋىسى»، «ھەۋەسكارنىڭ يېڭى ھەۋىسى»، «ھەۋەسكارنىڭ يەنە بىر ھەۋىسى»، «ھەۋەسكارنىڭ كېيىنكى ھەۋىسى»، «ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ»، «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» قاتارلىق بىر قاتار ئېتوتلىرىدىكى يۇمۇرىستىك تىل، قىزىقارلىق چىراي ـ ئىپادە ۋە ھەرىكەتلەر بىزنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرىدۇ. ئەمما، بۇ ئېتوتلارنى سالماقلىق بىلەن مۇلاھىزە قىلساق، ئۇلارغا چوڭقۇر مەنىلەر سىڭگەن بولۇپ، جەمئىيىتىمىزدىكى بىرقىسىم كىشىلەرنىڭ سەنئەتنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ناخشا چولپىنى، كىنو ئارتىسى بولۇش ياكى «ئۇلۇغ» تەخەللۇسلار بىلەن ئۆزىنى بېزەپ، شائىر دەپ ئاتىلىۋالغانلار، ئىلىمگە ھۆرمەت قىلمايدىغان ئاتالمىش چالا «تەرجىمان»لارنىڭ جەمئىيەتتە ئىلىم ۋە سەنئەت ساھەسىنى قالايمىقان قىلىشتەك ناچار قىلمىشلىرى تەنقىدلىنىدۇ.

ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ «جىددىي تەييارلىق»، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» تېمىسىدىكى ئېتوتلىرىدا تۆۋەندىكىلەرنى خارلاپ، يۇقىرىدىكىلەرگە خۇشامەت قىلىدىغان، خەلق بەرگەن ھوقۇق بىلەن خەلقنى بوزەك قىلىۋاتقان بىرقىسىم شەخسىيەتچى، ھوقۇقپەرەسلەرنىڭ ناتوغرا ئىستىلى تەنقىد قىلىنغان. بۇ ئېتوتلاردىكى ۋەقەلىكلەر نۇقۇل بىر جايدىكى ھادىسە بولۇپلا قالماي، بەلكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، دۆلەتنىڭ سىياسىتى ۋە قانۇن ـ تۈزۈملىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئاز سانلىق ساختىپەز ئەمەلدارلار ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بوزەك قىلىنىۋاتقان ئاددىي پۇقرالارنىڭ رېئال تۇرمۇش كارتىنىسىدىن ئىبارەت.

ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ «ئىسسىقنىڭ كۈچى»، «خىسلەتلىك تېۋىپ»ناملىق ئېتوتلىرىدا ئېلىپنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان، دىنىي تونىغا ئورۇنۇۋېلىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ پۇل تېپىش كويىدا يۈرگەن ئاتالمىش موللاملار بىلەن ساختا رېتسېپ، ساختا دورىلار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالداۋاتقان تېۋىپلارنىڭ قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان. ئۇنىڭ «ھېيت پەتىسى»، «قېرىنداشلار» ناملىق ئېتوتلىرىدا جەمئىيىتىمىزدە سۇسلىشىۋاتقان ئۇيغۇرلاردىكى ئېسىل ئەنئەنە، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، ھايا ـ ھۆرمەت، مېھىر ـ مۇھەببەتلەرنىڭ ئورنىغا پەيتىنخورلۇق، ئەخلاقسىزلىق، جېدەل ـ ماجىرا، چېقىمچىلىق قىلمىشلىرىنىڭ يامراپ كېتىۋاتقانلىقى ئۆتكۈر تىل بىلەن تەنقىد قىلىنغان.

www.uygurkitap.com

قىسقىسى، يۇقىرىدىكى ئىبتۇتلاردا تىلغا ئېلىنغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بىزگە تونۇش بولغان، ئۆزىمىز كۆرگەن، ئاڭلىغان تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكىنى بوگۇنكى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىدىن ئىبارەت.

2) ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىبتوتلىرىنىڭ تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى.

ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىبتوتلىرىنىڭ تىلى راۋان، قىزىقارلىق، تۇرمۇشقا ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلاشقان سەھنە تىلى بولۇپ، ئۇنىڭدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان، دەبدەبىلىك، مۇرەككەپ سۆزلەر ئىشلىتىلمەستىن، بەلكى ناھايىتى ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىللار قوللىنىلغان. ئۇ تىلنىڭ قىزىقارلىق، يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكىنى ئاشۇرۇشتا قەشقەر شېۋىسىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغان.

3) ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىبتوتلىرىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان.

ئابدۇكېرىم ئابلىز ئىبتوتلىرىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ۋە قاپىيەلىك سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تولىمۇ پاساھەتلىك، گۈزەل تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىشىشى، بېيىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ماقال-تەمسىللەر سەھنە تىلىنىڭ يىغىنچاق، مېغىزلىق، چۈشىنىشلىك بولۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىبتوت ئىجادىيىتىدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ سۆزىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئابدۇكېرىم ئابلىز تەرىپىدىن قاپىيە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ياسالغان ماقال-تەمسىللەر، قاپىيەلىك سۆزلەرنى كۆرۈپ باقايلى: «توخۇنىڭ تېرىسى تاتلىق، خوتۇننىڭ قېرىسى»، «ماشىننى بۇزغان پېتىق، ئوغۇل بالىنى بۇزغان قېتىق»، «ئاياقنىڭ كونىسى ياخشى، خوتۇننىڭ يېڭىسى ياخشى»، «هارام ـ بىردەم بولسىمۇ جانغا ئارام»، «سىلىق يەردە سوپۇن تۇرماپتۇ، ئارتىسنىڭ قولىدا خوتۇن تۇرماپتۇ»، «تۆمۈرنى تاشلىساڭ داتلىشىدۇ، خوتۇننى تاشلىساڭ ياتلىشىدۇ»، «ساراڭ بولساڭ پىرە ئوينا، قېرى خوتۇندىن نېرى ئوينا»، «مىكيانغا چاقچاق قىلىپ خورازدىن تاياق يېگەندەك»، «سامان ئارىلاشمىسا لاي بولماس، هارام ئارىلاشمىسا باي بولماس»، «ئوقۇرنى بۇزغان كالا، خوتۇننى بۇزغان تالا»، «ئەسكى تۇماقنىڭ ئىچىدە ئادەم بار»، «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگا بىلىدۇ، ئەخلەتنىڭ قەدرىنى پەگا»، «ئاتىدىن بالىنى تاندۇرما، كۆڭۈلنى ئىچمەي ياندۇرما»، «چۆپنى ئىچكەنمۇ ئوغرى، سۈينى ئىچكەنمۇ ئوغرى»، «ئادەمنىڭ مايمۇن بولمىقى بىر رومكا هاراق، مايمۇننىڭ ئادەم بولمىقى مىڭ يىل يىراق»، «خېمىر بولۇپ كەتسە پىتىر بېرىمىز، لوبەن قاپاق تۈرسە كېتۈۋېرىمىز»، «ساراڭ خوتۇن چېچىنى تارىماپتۇ، تۆمۈرەككە هېچ نېمە يارىماپتۇ»، «تۆمۈرنى تاشلىدۇق داتلاشتى، خوتۇننى تاشلىدۇق ياتلاشتى»، «ئەر كىشىنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان، خوتۇن كىشىنى كۆرسە ئىچى ئاغرىيدىغان»، «تۇربىسى بار سۈيى يوق، خوتۇنى بار ئۆيى يوق»، «خوتۇن كىشىنىڭ تاپقان پۇلى ئىشىككە ئاسقان توقماق»، «قويى بار ئادەم گۆش يەيدۇ، ئېرى بار ئادەم مۇش يەيدۇ»، «32 هەرىپنىڭ سەككىزى سوزۇق چىقتى، تېلېۋىزورنىڭ ئىچىدىن ئادەملەر بۇزۇق چىقتى»، «هۆپۈپنى بۇلبۇل، مادا ئېشەكنى دۇلدۇل دەپ ئاڭلايدىغان»، «بويتاقنى بۇزغان تۇل، تۇغقاننى بۇزغان پۇل»، «گىتتاردىن راۋاپ ياخشى، راكېپىزىدىن كاۋاپ»، «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا»، «ساۋاب ئىزدەپ ياۋاغقا، گۇناھ ئىزدەپ چاۋاغقا بارغاندەك ئىش قىلماق»، «كۆڭلەكنى بۇزغان تەر، خوتۇننى بۇزغان ئەر»، «ئۆي سېلىشتىن چېقىش ئاسان، قوزۇق ياساشتىن قېقىش ئاسان»، «بىرەر ئىبتوت ناچار چىقسا تۆگەپتۇ دەيدۇ، بىر-ئىككى يىل سەھنىگە چىقمىساڭ ئۆلۈپتۇ دەيدۇ»، «ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى، شوجاڭ بولساڭ خانىم سېنىڭكى»، «پاقا سوزۇلۇپ يىلان بولماس، موماي ياسىنىپ جۇۋان»، «هوشۇقتىن دىك-دىك يامان، ساقچىدىن مىنبىك»، «شەيتانغا نۇقتا سالىدىغان، ئۆلۈك ئېشەككە قىغ ئارتىدىغان»، «ئۆردەك بىلەن غاز ئوينايدۇ، چېۋىن بىلەن تاز»، «شاپاق يەرگە چۈشسە يازغا تەۋە، شىلەپە گەدەنگە چۈشسە تازغا»، «قوناق تاپساڭ غازغا بەر، قىزىڭ چوڭ بولسا تازغا»، «ئاپتاپپەرەستىن چىگىت چىقمايدۇ، ئېگىز ئادەمدىن يىگىت»، «خانغا يارىغان بېشىم تازغا يارىماپتۇ»، «ئۆمۈچۈك ئۆمىلەيدۇ، ئۆمىلىگەننى كۆرەلمەيدۇ»، «تاز چېۋىننى قوندۇرماس، چېۋىن تازنى تىندۇرماس»، «ياۋاشنىڭ كۆڭلى رەندىدە، چېۋىننىڭ كۆڭلى گەندىدە»، «ئېشەك ئالدىغا

ئۆتتۈۋالسا ئاتىنىڭ مېڭىشى بۇزۇلۇپتۇ»، «بەرگەنگە بەردى تۇماقتەك، بەرمىگەنگە يوق قۇلاقتەك»، «يول ماڭالماي ھېرىپ قالغان، خوتۇن ئالالماي قېرىپ قالغان». يۇقىرىقى ماقال ـ تەمسىللەر ۋە قاپىيىداش سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئابدۇكېرىم ئابلىز ئۆزى ياسىغان ياكى ئۆزگەرتىپ تۈزگەن بولۇپ، بۇلار ئېيتوت تىلىنىڭ تېخىمۇ رەڭدار، يۇمۇرىستىك بولۇشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان ھەمدە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە سۆزلۈك مەنبەسىنىڭ بېيىشىغا زور تۆھپە قوشقان.

**4) ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرىدىكى يېڭى تېما، يېڭى ماھارەت.**

ئابدۇكېرىم ئابلىزنىڭ ھەر يىللىق ئېيتوت كېچىلىكىدىكى ئېيتوتلىرى تېمىسىنىڭ يېڭىلىقى، ئورۇنلاش ماھارىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن تاماشىبىنلارغا يېڭىلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدۇ، قېلىپلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلمەيدۇ.

ئابدۇكېرىم ئابلىز ئۆزى باش رول ئالغان ئېيتوتلاردا يۇقىرى ماھارەتلىك ئورۇنداش سەنئىتى بىلەن ئۆزىگە خاس ئۇسلوب ياراتقان بولۇپ، سۆز ـ ھەرىكىتى، چىراي ـ ئىپادىسى ئۆزى ياراتقان ئوبرازنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كېتىدۇ. بىز ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تۇرمۇشىغا نەقەدەر پىششىق ئىكەنلىكىگە، تۇرمۇشنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ يۇقىرىلىقىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

**5) ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرىدا ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىكى ناچار ئىللەتلەر، چاكىنىلىقلار دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلىنغان.**

ئۇنىڭ «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام»، «قېرىنداشلار» قاتارلىق ئېيتوتلىرىدا يۇقىرىغا قارىتا كۆز بويامچىلىق قىلىش، تۆۋەنگە قارىتا ئاددىي پۇقرالارنى بوزەك قىلىدىغان بىرقىسىم ئەمەلدارلار، پۇل ـ مال ئۈچۈن قېرىنداشلىقتىنمۇ ۋاز كېچىدىغان يامان ئىللەتلەر دادىللىق بىلەن پاش قىلىنغان.

**6) ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرىدىكى ئېستېتىكىلىق زوق.**

ئېيتوتنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت، كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاش ــ ئۇنىڭ ئەڭ نېگىزلىك رولى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئېيتوت سەنئىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم رولىنىڭ بىرى ـ كۈلكە قوزغاش ۋە كۈلكە ئاتا قىلىشتۇر. ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرى خەلقىمىزگە خۇشاللىق ۋە كۈلكە ئېلىپ كەلدى، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇردى. جىددىي خىزمەت بېسىمى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە چارچاپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىز ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرىنى كۆرۈپ ھاردۇقىنى چىقاردى، ھوزۇرلاندى، مەنىۋى جەھەتتىن تەسەللىي تاپتى. ئابدۇكېرىم ئابلىز خەلقىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىدە ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشتى.

ئومۇمەن، ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېيتوتلىرى ئۇيغۇر ئېيتوتچىلىق سەنئىتىگە جانلىنىش ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتوتلىرى ھاياتقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتكە يۇمۇرىستىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كۆنگەن خەلقىمىزنىڭ خاراكتېرىگە تولىمۇ ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشتى. ئۇ بۈگۈنكى كۈندە تاماشىبىنلىرى ئەڭ كۆپ ئېيتوت چولپىنى بولۇپ قالدى. ئۇ مىللىتىمىزنىڭ سەنئىتى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي ئىشلەپ، زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئەسەرلەرنى روياپقا چىقىرىشىغا خەلقىمىز تولىمۇ موھتاج.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

www.uyghurkitap.com



# «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنىڭ تارقىلىش ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا

تۇرسۇنئاي تۇراق

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە قىزىلسۇنىڭ ئاقتۇ، قەشقەرنىڭ كونىشەھەر ناھىيەلىرىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسەن، بۇ جايلارغا تارقالغان «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنىڭ ساقلىنىش، خاتىرىلىنىش ۋە بۈگۈنكى كۈندىكى ئەل ئارىسىدا ئاغزاكى تارقىلىش ئەھۋالى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** داستان؛ «يۈسۈپ ـ ئەھمەد»؛ تارقىلىش

---

«داستان» سۆزى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، تىلىمىزغا پارسچىدىكى «dâstân» سۆزىدىن كىرگەن. داستان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدىغان ژانىر. ئۇ ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تۈركمەن، تۈرك، ئازەربى، تاتار، قازاق ۋە قىرغىز قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر ئارىسىدا «dessen»، «dastan»، «dâstân»① دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ.

## 1. «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشى

تىلنىڭ قېلىپى يوقلۇقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ئاغزاكى ئىجاد قىلىنىپ ئاغزاكى تارقىلىپ كەلگەن خەلق داستانلىرىنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىش جەريانىدا باشتىن ئاخىر ئەينى شەكىل ۋە تامامەن ئوخشاش سۆز ـ جۈملىلەر بويىچە كۆچۈشى مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن، خەلق داستانلىرىنىڭ ئاغزاكى تېكىستلىرى مەزمۇن ياكى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن تۇراقلىق بولمايدۇ. شۇ دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ مايىللىقى ۋە ئورۇنلىغۇچىلارنىڭ تىل ئادىتى، ماھارىتى، شەخسىي خاھىشى قاتارلىق بىرقاتار ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، دەۋرگە ۋە شۇ تىل مۇھىتىغا ماسلىشىپ بارىدۇ.

«يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانى ئاغزاكى تارقىلىش جەريانىدا ھەر خىل ۋارىيانتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە داستاننىڭ نامىدىمۇ ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئوخشىماسلىقلار شەكىللەنگەن. قەشقەر رايونىدىكى داستانچىلار بۇ داستاننى «يۈسۈپ ـ ئەمەت»، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد»، «يۈسۈپ بەگ ـ ئەمەت بەگ»، «يۈسۈپ ـ ئەمەت بەگ» داستانى قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ھەتتا ئوخشاش بىر داستانچىنىڭ ھەر قېتىمقى ئاتىشىدىمۇ ئوخشىمايدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ. لېكىن «يۈسۈپ بەگ ـ ئەمەت بەگ» ھەممىدىن كۆپرەك قوللىنىلىدۇ. ھەر قايسى ناملار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق چوڭ بولمىغانلىقتىن، مەيلى قايسى نامدا ئاتالسۇن تىڭشىغۇچىلاردا قايمۇقۇش شەكىللەنمەيدۇ.

ئاغزاكى ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزدا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇكى، خەلقىمىز ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ نامىنى ئەسەر نامى قىلىپ ئېلىشقا بىرقەدەر مايىل. بۇ خىل ئەنئەنە بۇ داستاندىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. داستاندىكى ئاكا ـ ئۇكا قەھرىمان يۈسۈپ بەگ ۋە ئەھمەد بەگلەرنىڭ نامى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئېيتىلىپ، ئەسەرنىڭ تېما دائىرىسى ناھايىتى يىغىنچاق ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان يازما مەنبەلەردە بۇ داستان ئاساسەن «يۈسۈپ ـ ئەھمەد» نامىدا ئاتىلىپ كەلگەن. بۇ ماقالىدىمۇ ئالدىنقىلار بىلەن بىردەك ئاتاش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

---

① Çobanoğlu, Özkul. Türk Dünyası Epik Destan Geleneği. Ankara: Akçag, 2003. P13.

## 2. داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى

«يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانى 16~17 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇرۇش رىۋايەتلىرىدىن كەلگەن جەڭنامە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق: ئىسپاھان دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بوز ئوغلانخاننىڭ لەيلىخان ئىسىم ئاتلىق بىر سىڭلىسى بار بولۇپ، بۇ سىڭلىسىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى يۈسۈپ بەگ، كىچىكىنىڭ ئەھمەد بەگ، قىزىنىڭ ئىسمى قارلىغاچخان ئاتلىق ئىدى. چوڭ ئوغۇل بەش ياش، كىچىك قىز بىر ياشقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دادىسى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدۇ. تاغىسى بوز ئوغلانخان ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىپ بېقىۋالىدۇ. ئىككى ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى مەكتەپكە بېرىدۇ. ئۇلار ئون تۆت ياشقا كىرگەندە مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالىقتىن تەلىم بېرىدۇ. ئۇلار ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن، شىكار سەيلىسى ئۆگەتمەك ئۈچۈن ئۇلارنى تاغقا چىقىرىدۇ. تاغدا ئۇلار ئەگەشتۈرۈپ چىققان يىگىتلەر هاراق ـ شاراب بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ يۈرگەنلىكتىن، يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەر ئۇلارنى جازالايدۇ. جازالانغانلاردىن بىرى پادىشاھقا يالغان ئېيتىپ، يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنى پادىشاھلىقنى تارتىۋالماقچى بولغان دەپ چاقىدۇ. بوز ئوغلانخان يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنى ئۆز شەھىرىدىن چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپ نامە ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىرىق مىڭ ئۆيلۈك كىشى يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرگە ئەگىشىپ ئىسپاھاندىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلار سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت بىر جايغا كېلىپ، بۇ يەردە خىۋە ۋە خارەزىمدىن ئىبارەت ئىككى شەھەر بىنا قىلىدۇ، نامى جاھانغا تارايدۇ. يۈسۈپ، ئەھمەدلەرگە قايىل بولغان ئۈرگەنچ پادىشاھى ئەرئەلىخان سۇلتان ئۆز قىزى گۈلھەسەل ئايىمنى يۈسۈپ بەگكە، ۋەزىرىنىڭ قىزى گۈلخەلىچە ئايىمنى ئەمەت بەگكە نىكاھلاپ بېرىدۇ.

ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ نامى شەھىرى مىسىرغىچە يېتىپ بارىدۇ. مىسىر پادىشاھى گۆزەلشاھ ئۆزىنى ئىتلار تالاپ، تەختىنى بىر ئادەم سۆرەپ يۈرۈپ چۈش كۆرىدۇ. چۈشىگە ھېچقانداق مۇنەججىملەر تەبىر بېرەلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا بوۋاي قەمبەر دېگەن چىنماچىنلىق بىر سودىگەر مىسىرغا كېلىپ قالىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ، يۈسۈپ، ئەھمەد ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ تەختىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. پادىشاھ بوۋاي قەمبەرنى زىندانغا سولاپ، كۆكچى ھەييار دېگەن ھىيلە ـ مىكىرلىك بىرىنى يۈسۈپ، ئەھمەدلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ. كۆكچى ھەييار تۈرلۈك نەيرەڭلەر بىلەن يۈسۈپ بەگ، ئەھمەد بەگلەرنى مەست قىلىپ، مىسىرغا ئېلىپ ماڭىدۇ. يول بويى ئاكا ـ ئۇكىلارنى ئىنتايىن قىينايدۇ. بەگلەرنىڭ ئارقىدىن ئىزدەپ كەلگەن قىرىق يىگىتى گۆزەلشاھ ئەۋەتكەن تۈمەنلىگەن ئەسكەرلەر بىلەن قان كېچىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، تەڭدىن تولىسى ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، ھايات قالغانلىرى يۇرتىغا قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. مىسىر پادىشاھى گۆزەلشاھ ئاكا ـ ئۇكىلارنى بوۋاي قەمبەر بىلەن بىر زىندانغا تاشلايدۇ. زىندان بېگى ھەمزە مىرشابنىڭ قىزى قارا كۆز ۋە ئىسپاھاندىن مىسىرغا توي قىلىپ كېلىپ قالغان بۈۋىنىيازلار ئۇلارغا ئىزچىل تاماق يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. يەتتە يىل بولغاندا گۆزەلشاھ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى چاقىرتىپ، كۆكچى بىلەن ناخشا ئېيتىشتا بەسلەشتۈرىدۇ. يۈسۈپ، ئەھمەدلەر يېڭىۋېلىپ ئازادلىققا ئېرىشىدۇ ۋە يۇرتىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. يۈسۈپ، ئەھمەدلەر مىسىردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، گۆزەلشاھ يەنە ئۇلارنى قويۇپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىدۇ ۋە كۆكچىنى نەچچە مىڭچە ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ. يۈسۈپ، ئەھمەدلەر كۆكچى بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىدۇ. بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار يۇرتىغا قايتىپ، يۈسۈپ بەگنىڭ ئايالى گۈلھەسەل ئايىمنىڭ تويى ئۈستىگە كېلىپ قالىدۇ. گۈلھەسەلنىڭ تويىنى ياندۇرۇپ، سىڭلىسى قارلىغاچخان ئايىمنى گۈلھەسەلنى ئالماقچى بولغان يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىدۇ. يۈسۈپ ـ ئەھمەدلەر ئەسكەر توپلاپ مىسىرغا يۈرۈش قىلىپ، گۆزەلشاھنى بويسۇندۇرىدۇ، بوۋاي قەمبەرنى زىنداندىن ئازاد قىلىپ، قارا كۆز ئايىم بىلەن بۈۋىنىيازلارنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىدۇ.

## 3. داستاننىڭ بىر نەچچە خىل قولىيازمىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەھەرلىشىش تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇپ، ئۆز يېزىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. يېزىق دەۋرىگە بالدۇر قەدەم قويغانلىقتىن، ئاغزاكىي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرى بىلەن يازما ماتېرىياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىنتايىن زىچ. ئاغزاكىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىراسلارنىڭ يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىشىمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. شۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاغزاكىي ئەدەبىيات بىلەن يازما ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سىڭىشىش، تەسىر كۆرسىتىش ۋە بىر-بىرىدىن ئوزۇق ئېلىش ھادىسىسى بىر قەدەر گەۋدىلىك. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان داستانلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. داستانلار خەلق ئارىسىدا ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاغزاكى تارقىلىپلا قالماستىن، يېزىقنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ يازما ئەدەبىياتىمىزغا سىڭىپ كىرىپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن مىسىر پادىشاھى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بايان قىلىنغان «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانى ئۇيغۇرلاردىن سىرت يەنە ئۆزبېك، قاراقالپاق، تۈركمەن قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان.

خەلقىمىز ئارىسىدا «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانىنىڭ قازان باسما ۋە قوليازما شەكلىدىكى بەش خىل نۇسخىسى ساقلانغان بولۇپ، ھەممىسىلا ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەمەت ئىمىن دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە موللا ئابدۇراخمان تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بار بولۇپ، بۇ قولىيازما داستاننىڭ ئەسلىگە سادىق ھالدا كۆچۈرۈلگەن، كۆچۈرگۈچىنىڭ ھېچقانداق ئۆزگەرتىش خاھىشلىرى ئارىلاشتۇرۇلمىغان①.

«يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانىنى بەزى داستانچىلار پۈتۈنلەي خاتىرىسىگە تايىنىپ ئاغزاكى ئورۇنلىسا، بەزى داستانچىلار يازما نۇسخىلىرىدىن يادقا ئېلىپ ئورۇنلايدۇ. يەنە بەزى داستانچىلار بولسا ئاڭلىغانلىرىنى خاتىرىلەپ ۋە ياكى باشقا يازما ماتېرىياللاردىن كۆچۈرۈۋېلىپ، شۇ يازما تېكىستكە قاراپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ. شۇڭا «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانىنىڭ داستانچىلار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن قولىيازما نۇسخىلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

«يۈسۈپ-ئەھمەد»نىڭ شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمىي ئەسەرلىرىنى توپلاش-رەتلەش-پىلانلاش-نەشرگە تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان «يۈسۈپ بەگ داستانى»، «يۈسۈپ-ئەھمەد داستانى»، «داستان يۈسۈپ بەگ»، «داستان يۈسۈپ بەگ-ئەھمەد بەگ» قاتارلىق ناملاردىكى 13 خىل قولىيازما نۇسخىسى بار.

 

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى داستانچى قادىر مەخسۇت ۋە ھوشۇر مەمەتلەر كۆچۈرۈۋالغان «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانى

## 4. داستاننىڭ يىغىپ رەتلىنىش ئەھۋالى

«يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن يىغىپ رەتلەندى ۋە نەشر قىلىندى. ۋېنگرىيەلىك ۋامبېرى مىسسىيونېر نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شۇنداقلا شىنجاڭ رايونىدىن كۆپلىگەن داستانلارنى توپلاپ②، 1911-يىلى ئۆزبېك تىلىدىكى «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانىنىڭ چاغاتايچە ۋە نېمىسچە تەرجىمىلىرىنى نەشردىن چىقاردى.

---

① ئابدۇۋەلى كېرىم: «نىزارىنىڭ ‹داستان› ئىجادىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005-يىلى نەشرى، 207-بەت.

② ئادىل جۇمە تۇردى: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، نىڭشىيا خەلق نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، 203-بەت.

ئۆزبېكىستانلىق ئالىملارنىڭ «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىنى يىغىپ، رەتلەپ نەشردىن چىقىرىش ئىشى بىرگە قارىغاندا بالدۇر باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە بولغان تەسىرى بىر قەدەر زور. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، ئۆزبېكىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى يىغىپ خاتىرىلەش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈپ، تەتقىقاتچىلار 50 نەچچە ئەلنەغمىچىدىن 150تىن ئارتۇق داستان توپلىغان①. بىز ئاقتۇ ۋە كونىشەھەر ناھىيەلىرىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغان بولساق، بۇ جايلاردىكى داستان ئېكىستىلىرىنىڭ ئۆزبېكىستاندا چىقىرىلغان كىتابلار بىلەن زىچ باغلىنىشى بارلىقىنى بايقايمىز. ئاقتۇ ناھىيەسىدىكى نەچچە ئەۋلاد داڭلىق داستانچىلار يېتىشىپ چىققان ھاجى ئەلنەغمە ئائىلىسىدە ھاجى ئۆزى ئۆزبېكىستاندىن ئېلىپ كەلگەن نەچچە پارچە داستان كىتاب ساقلانغان بولۇپ، ھاجى مۇشۇ كىتابلار ئاساسىدا داستانچىلىق ھاياتىنى باشلىغان؛ كونىشەھەر ناھىيەسىدىكى داستانچى قادىر مەخسۇتنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىنى ئەڭ دەسلەپ ئۆزبېك تىلىدىكى چاغاتايچە قازان باسما نۇسخىسىدىن يادلاپ ئۆگەنگەن. مەملىكىتىمىزدىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللار كۆرۈلگەن. مەسىلەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى چاۋ گېجىن (چوگجىن) ئەپەندى: «مۇشۇ ئەسىر (20 ـ ئەسىر)نىڭ 40 ـ يىللىرىدا موڭغۇلكۈرەلىك بولىدىغان كىشى تاشكەنتكە چىقىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى نەشر قىلغان 12 دانە «جاڭغىر» نى يۇرتىغا ئېلىپ كەلگەن، شۇنداق قىلىپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان نۇسخىلىرى مەملىكىتىمىزدىكى بەزى جايلارغا تارقالغان»② دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆزبېكىستان قولغا كەلتۈرگەن يىغىش، رەتلەش نەتىجىلىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ ئاغزاكى ئەدەبىيات ئەنئەنىسىگە بەلگىلىك تەسىرى بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى داستان يىغىش، رەتلەش خىزمىتى بىر قەدەر كېيىن باشلانغان. 1981 ـ يىلى مەمتىلى زۇنۇن ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىنىڭ كونا ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى ۋە بۇ نەشرىيات تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىن تاللانما» (1983 ـ يىلى، خەنزۇچە) ۋە «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (2006 ـ يىلى) قاتارلىق ئەسەرلەرگە كىرگۈزۈلدى. ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ گۆلتاجى بولغان ئون ئىككى مۇقامنىڭمۇ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى. شىنجاڭ ئون ئىككى مۇقام، قەدىمىي ئەسەرلەر تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» (ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە سىلىشتۇرما نۇسخا)دىكى سىگاھ، ئۆزھال، ئۇشاق، بايات، ئىراق قاتارلىق مۇقاملارنىڭ داستان قىسمى ۋە چوڭ نەغمە، مەشرەپ قىسىملىرىدىمۇ «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىدىن ئېلىنغان پارچىلار بار.

## 5. داستاننىڭ كونىشەھەر ۋە ئاقتۇ ناھىيەلىرىدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

ئەنئەنىۋى داستانچىلىق بىرقەدەر قايناق بولۇپ كەلگەن قۇمۇل، خوتەنلەردە ياكى يازما ئەدەبىياتنىڭ تەسىرى روشەن بولغان ئاقتۇ، كونىشەھەر ناھىيەلىرىدە بولسۇن، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانى داستانچى ھەم ئاڭلىغۇچىلارغا ھەرگىزمۇ ناتونۇش ئەمەس. «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانىنى داستانچىلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ داستان يالغۇز داستانچىلارنىڭ ئورۇنلاشتىكى ئالدىنقى تاللىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاڭلىغۇچىلارنىڭمۇ ئەڭ ياقتۇرىدىغان داستانلىرىدىن بىرى.

ئاقتۇ ناھىيەسىدە خەلق ئېغىز داستان ئەنئەنىسىنىڭ بۈگۈنىمىزدە ئەل ئارىسىدا ساقلىنىش ۋە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن داستان ئېيتقۇچى ئەلنەغمىچىلەردىن شىببىلخان مەمەت (2012 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ۋاپات بولدى) ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى خۇدا بەردى قۇۋان بار. شىببىلخان ساۋاتسىز بولۇپ، 17~18 ياشلىرىدىن باشلاپ، ئەينى زاماندا يىراق ـ يېقىنغا داڭقى بار ھاجى ئەلنەغمە ئائىلىسىدىكىلەردىن

① ئادىل جۇمە تۇردى: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى»، نىڭشيا خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىل نەشرى، 203 ـ بەت.

② چوگجىن: «ئاغزاكىي ئېپوس پوئېتىكىسى ـ ئەرىنچىل ئېيتقان «جاڭغىر» دىكى فورمۇلالاشقان سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، گۇاڭشى خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 69 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uygurkitap.com

بەش داستاننى ئۆگەنگەن. 1968 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، يەنى ئوتتۇز يېشىدا، داستانچىلىق ھاياتىنى باشلىغان. نەچچە ئون يىل مابەينىدە «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» شىبىلخاننىڭ ئاساسلىق ئورۇنداش داستانى بولۇپ كەلگەن. شىبىلخاننىڭ ئېيتىشىچە، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد»نىڭ ۋەقەلىكى ئىنتايىن تەسىرلىك بولۇپ، ئاڭلىغانلا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىكەن. شىبىلخان بۇ داستاننى ئورۇنلىغاندا تاماشىبىنلارنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ كۈلۈپ تەڭ يىغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا داستان ۋەقەلىكى ئىچىگە كىرىپ كېتىدىكەن.

خۇدا بەردى قۇۋان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇمات سەۋىيەسىگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھاجى ئەلنەغمىنىڭ بىر موزدوز دوستىدىن «يۇسۇپ ـ ئەھمەد»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچ داستان كىتابىنى كۆچۈرۈۋالغان. خۇدا بەردىنىڭ ئېيتىشىچە، ھاجى ئەلنەغمە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، دوستى بۇ كىتابلارنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، بۇ كىتابلار ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغانىكەن. خۇدا بەردى كۆچۈرۈۋالغانلىرىنى يادلاپ بولغاندىن كېيىن، شىبىلخانغا ئەگىشىپ داستان ئاھاڭى ۋە ئورۇنلاش ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن.

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ سايباغ ۋە تاشمىلىق يېزىلىرىدىمۇ ئىككى نەپەر داستانچى بار بولۇپ، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» ئوخشاشلا بۇلارنىڭمۇ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنلاش تۈبىيكتى. بۇ داستانچىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان قوليازمىلارنى ساقلاپ كەلگەن. يەنى بەزى قوليازمىلارنى كىتابلاردىن كۆچۈرگەن بولسا، يەنە بەزىلىرىنى ئەينى زاماندىكى داستانچىلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن خاتىرىلىۋالغان. داستان ئېيتقاندا ئاشۇ قوليازمىلارغا قاراپ تۇرۇپ ئورۇنلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئورۇنلىشىدا يازما ئەدەبىيات بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئامىللىرى تەڭلا مەۋجۇت. ئورۇنلاشتىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئاقتۇدىكى يازما تېكىستكە قارىماي ئورۇنلايدىغان داستانچىلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىقى جايلاردىن سىرت، «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانى يەنە خوتەن، قۇمۇل ۋە قەشقەرنىڭ باشقا ناھىيەلىرىگىمۇ تارقالغان.

**پايدىلانمىلار:**

1. ئابدۇۋەلى كېرىم: «نىزارىنىڭ ‹داستان› ئىجادىيىتى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى نەشرى.

2. شىبىلخان مەمەتئىمىن ئېيتقان «يۇسۇپ ـ ئەھمەد» داستانى، 2010 ـ يىلى.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس

# ئۇيغۇر فىليەتونچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا

ئالىمجان ئابدۇخالىق

**مۇھىم مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە فىليەتوندىن ئىبارەت بۇ ياش ژانىرنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى تونۇشتۇرۇلۇش ئاساسىدا، ئۇيغۇر فىليەتونچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئەدەبىياتشۇناسلىق؛ فىليەتون؛ ژانىر

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خاراكتېرى، تىلى، ئىدىيىۋى خاھىشى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئەدەبىي ژانىرى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈردى. بولۇپمۇ دەۋرنىڭ تەلىپى، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسى ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن ئەدەبىياتىمىزدا ئەدەبىي تۈر ـ ژانىرلار كۆپ خىللىششقا يۈزلىنىپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا تازا گۈللىنىپ كېتەلمىگەن پىروزا، دىراما، نەسىر قاتارلىق ژانىرلار قايتىدىن گۈللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىياتىمىزغا فىليەتون، ئەدەبىي ئاخبارات، كىنو ئەدەبىياتى، تېلېۋىزىيە ئەدەبىياتى، ئېتوت، ئېپىزوت قاتارلىق يېڭى شەكىللەر قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى بىر دەۋر مەيدانغا كەلدى.

ئەدەبىيات تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ بىر قاتار تۈر ـ ژانىرلارنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە قايتا گۈللىنىش ھادىسىلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، ئۇلار ھەققىدە تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى مۇناسىپ باھالاش ۋە شۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى تارىخىي قىممىتى ۋە تۇتقان ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. گەرچە، ئۇيغۇر چاغداش ئەدەبىياتى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقى رەسمىي پەن سۈپىتىدە قولغا ئېلىنىپ ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەر قايسى تۈر ـ ژانىرلار توغرىسىدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، كىشىنى سۆيۈندۈرگىدەك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىندىن بارلىققا كەلگەن بۇ بىر قاتار ئەدەبىي شەكىللەرگە قارىتا سەل قارىلىپ يەنىلا «بوز يەر» ھالىتىدە تاشلىنىپ قالدى. مەن مۇشۇ ئارقا كۆرۈنۈش ئاتا قىلغان كىچىككىنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر فىليەتونچىلىقىمىز ھەققىدىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتىم.

## 1. فىليەتون ئېنىقلىمىسى

فىليەتون ـ ئەسلى فىرانسۇز تىلىدىكى «Feuillet» (فۆيەت) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك ۋاراق»، «پارچەم ـ پۇرات»، «ئۇششاق ـ چۈشەك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ①. ھازىرقى زامان فىرانسۇز تىلىدىكى «فىليەتون» سۆزى «كۈندىلىك تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان ناچار ھادىسىلەرگە نەپرەت قىلىپ، سۆزلىرى ئاچچىق ـ چۈچۈك، مېغىزى، مەزمۇنى تاتلىق ھەم پايدىلىق يېزىلغان ماقالە»② دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا «فىليەتون» سۆزى 1800 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ژۇلىئەن لۇئى جەفرىي (Geoffrey Louis julien) ۋە بەرتىن بوۋاي (Bertin Eider the)

① كاتيا دىيانىنا: «فىليەتون، ئىسلاھات دەۋرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەققىدە ئىزاھات»، «شەرقىي ياۋروپا» ژۇرنىلى (ئىنگلىزچە) 2003 ـ يىللىق 2 ـ سان، 187 ـ بەت.

② توختى باقى ئارتىشى: «كۆكۈلدىن كۆكۈلگە يول»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىل 12 ـ ئاي نەشرى، 319 ـ بەتلەر.

تەھرىرلىكىدىكى «مۇنازىرىلەر» ژۇرنىلىدا تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار «فىلىيەتون» نامى بىلەن «مۇنازىرىلەر» ژۇرنىلىدا سىياسىيدىن خالىي ھالدا جەمئىيەتتىكى داغلىق شەخسلەر ھەققىدىكى تۈرلۈك خەۋەر ـ ئۇچۇرلار، قىسقا ھەجىمدىكى ئەدەبىي تەنقىد ۋە ھەرخىل تېمىدىكى ساتىرىك ئەسەرلەرنى باسىدىغان قوشۇمچە بىر سەھىپە ئاچقان. كېيىن بارا ـ بارا بۇ سەھىپىنىڭ نامى ئاساسەن ھەجمى كىچىكرەك كەلگەن پوبلىستىك ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن بىر خىل ئەدەبىي شەكىلنى كۆرسىتىدىغان بولغان①. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تىلىدا «فىلىيەتون» دېگەن نام ئومۇملاشقان.

بىز ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، فىلىيەتوننىڭ سايىسىنى غىل ـ پال كۆزگە چېلىقتۇرىمىز. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، خەلقىمىز ئارىسىدىكى «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»، «موللا زەيدىن لەتىپىلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»، شۇنىڭدەك خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ساتىرا، يۇمۇر، كۆلدۈرگە، مەسەل، ھەزىل، چاقچاق، لەتىپە... قاتارلىق ئەدەبىي شەكىللەرنىڭ تەركىبىدىن فىلىيەتوننىڭ بەزىبىر دېتاللىرىنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار خاراكتېر جەھەتتىن فىلىيەتون ژانىرى بىلەن قىسمەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن كۆنىمىزدىكى بىز دەۋاتقان ھەققىي مەنىدىكى فىلىيەتوننىڭ دەل ئۆزى ئەمەس. شۇڭا، بىز ئۇيغۇر فىلىيەتونچىلىقىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «قاينام ئۆركىشى» تەخەللۇسىدا 1942 ـ يىلى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ «ئەدەبىيات گۈلزارى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلغان «كىچىك فىلىيەتون» دېگەن ماۋزۇدىكى «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فىلىيەتوننى ئەدەبىياتىمىزدىكى تۇنجى فىلىيەتون دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، بىز 1942 ـ يىلنى فىلىيەتونچىلىقىمىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇيغۇر فىلىيەتونچىلىقى بۈگۈنكى كۈنگىچە 71 يىللىق تارىخىي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن بولىدۇ. ئەمما، بۇ جەرياندا «فىلىيەتون»دىن ئىبارەت بۇ خىل ئەدەبىي شەكىل ئەدەبىياتىمىزدا «زاۋىن»، «سەنۋېن»، «نەسىر»، «ئەبجەش خاتىرە»، «ئەبجەش پارچىلار»، «دىلبايان»، «فىلىيەتون»... دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. شۇڭا، ئۇستاز توختى باقى ئارتىشى بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بىر چاغلاردا بىز ‹فىلىيەتون› نى تەرجىمە ۋاستىسى بىلەن ‹زاۋىن›، ‹سەنۋېن›، ‹ئەبجەش ماقالىلەر› ...دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ كەلگەندۇق، ئاخىر ‹ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپار› دېگەندەك، ئەدەبىياتىمىزدا يەنىلا ‹فىلىيەتون› دەپ ئاتاش ئومۇملاشتى»② دەيدۇ. دېگەندەك «فىلىيەتون» دېگەن بۇ نامنى ئۇستاز توختى باقى ئارتىشنىڭ لۇشۈن فىلىيەتونلىرىنى كۆپلەپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلىپ كىرىشى بىلەن ئومۇملاشتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فىلىيەتون ئىجادىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا، كىشىنى خوشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن دەپ ئېيتالايمىز. بولۇپمۇ 1951 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى بىلەن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ تەھرىرلىكىدىكى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتىنى قولايلىق ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى③. مۇشۇنداق ياخشى بىر ئىجادىيەت سەھنىسىگە ئېرىشكەن يازغۇچىلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن فىلىيەتون ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. يەنى 1952 ـ يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم») ژۇرنىلىدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، «پادىشاھ سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» ناملىق فىلىيەتونلىرى يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ، باتۇر راشىدىنىنىڭ «دېمەكچىمەن»، مۆمىن

① كاتيا دييانىنا: «فىلىيەتون، ئىسلاھات دەۋرىدىكى يېڭى مەدەنىيەت ھەققىدە ئىزاھات»، «شەرقىي ياۋروپا» ژۇرنىلى (ئىنگلىزچە) 2003 ـ يىللىق 2 ـ سان، 187 ـ بەت.

② توختى باقى ئارتىشى: «كۆكۆلدىن كۆكۆلگە يول»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، 319 ـ بەت.

③ ئازات سولتان: «بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2 ـ بەت.

سەپىرىنىڭ «قۇلۇپلانغان كابىنېت»، ئەخەت ھاشىمنىڭ «پاشىنىڭ ئاقىۋىتى»، ھېمىت مەخسۇتنىڭ «دۈشمەن تۇتۇش» قاتارلىق فىلىيەتونلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى. ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 1942 ـ يىلىدىن 2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى تەرىپىدىن يېزىپ ئېلان قىلىنغان فىلىيەتونلارنىڭ سانى 586 پارچىغا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، 1942 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە بولغان ئاز كەم 40 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشكەن فىلىيەتونلار ئالتە پارچە بولغان. چۈنكى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ئوڭچىللارغا قارشى ھەرىكەت»، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» (1957 ـ يىلى)، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» (1957 ـ ، 1958 ـ يىللىرى)، «سىنىپىي كۆرەشنى مەڭگۈ ئۇنۇتماسلىق كېرەك» تېمىسىدىكى سىياسىي كۆرەش (1962~1963 ـ يىللىرى)، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» (1966~ 1976 ـ يىللىرى)... قاتارلىق ھەر خىل نامدىكى سىياسىي كۆرەشلەر داۋاملىق بولۇپ تۇردى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخىي تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، خەلق ئارزۇسى، دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئەسەر ياكى شۇ خىل ئەسەرنى يازغانلار ھەر خىل سىياسىي كۆرەشنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىپ تارتىپ چىقىرىلدى. تارىخنىڭ تۈرلۈك بوران ـ چاپقۇنلىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكلىرىنى تېتىپ، يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەن يازغۇچىلىرىمىز رېئاللىقنى، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىشتىن ئېھتىيات قىلدى. بولۇپمۇ فىلىيەتوندىن ئىبارەت سىياسىيلىكى كۈچلۈك، نازۇك بولغان بۇ خىل ئەدەبىي شەكىل بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشتىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىشتى. شۇڭا، بۇ 40 يىللىق ئىجادىيەت باسقۇچىدا، سۈپەت جەھەتتىن ياخشى بولغان، كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدىغان فىلىيەتونلار بارلىققا كېلەلمەي قالدى.

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىيات باسقۇچىغا كەلگەندە، فىلىيەتون ژانىرى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللەندى. 1978 ـ يىلى «4 كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1978 ـ يىلى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت ـ ئوبلاستلاردا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك مەنىۋى ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ ۋىلايەت دەرىجىلىك يەرلىك ئەدەبىي ژۇرناللار تەسىس قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ، فىلىيەتوندىن ئىبارەت بۇ شەكىل يېڭى بىر ھاياتلىققا ئېرىشتى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»دە «ئاچچىق كۈلكىلەر» سەھىپىسى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا «جەمئىيەتكە نەزەر»، «قومۇل ئەدەبىياتى»دا «تىكەنلىك گۈل»، «يېڭى قاشتېشى»دا «فىلىيەتون تەكچىسى»، «تۇرپان» ژۇرنىلىدا «جەمئىيەت ئارخىپى»، «جۇڭگو مىللەتلىرى»دە «فىلىيەتون بولۇڭى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»دا «ساتىرا ۋە يۇمورلار» ۋە «قامچا گۈل» سەھىپىسى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»دا «نەسىرى ئەسەرلەر»، «كىروران» ژۇرنىلىدا «ئاچچىق كۈلكىلەر» قاتارلىق سەھىپىلەر تەسىس قىلىنىپ، فىلىيەتون ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا يىلتىز تارتىشى، جانلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كەڭ سورۇن ھازىرلاندى. بولۇپمۇ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چىرىكلىك، پارىخورلۇق، شەكىلۋازلىق، يالغانچىلىق، بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، دوست ـ بۇرادەر، ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقتىن پايدىلىنىش، قانۇن بىلەن ئوينىشىش، زەھەرلىك ئىچىملىك ۋە چېكىملىككە بېرىلىپ ئائىلە شادلىقىدىن مەھرۇم قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەر جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھە، قاتلاملىرىدا ۋابادەك يامراشقا باشلىدى، بەزى ئەھۋاللاردا قانۇننىڭ سۈرى بولماسلىق، ئىجتىمائىي ئادىللىق تەكشۈرۈلۈشنى يوقىتىش، نورمال تەرتىپ بويىچە بېجىرگىلى بولىدىغان ئىشلارمۇ ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، چۆنتەككە ئاقچە سالماي تۇرۇپ بېجىرىلمەسلىكتەك ناچار قىلمىشلار سادىر ئېتىلدى. بۇلارغا ئاۋام ـ خەلق غەزەبلەنگەن بولسىمۇ، گېپىنى ئاڭلىتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، ھەق ـ ناھەق قارىشى ئېنىق،

ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى دادىل تەنقىد قىلالايدىغان، پارتىيە، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، شەخسىيەتسىز، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدىغان، يۇقىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسەت ـ بەلگىلىمىسىدىن تارتىپ تۆۋەننىڭ ھىيلە ـ مىكىرىگىچە تولۇق خەۋىرى بار قەلەمكەشلەر مۇھىت يول قويىغان دائىرىدە فىلىيەتۇن ئارقىلىق رەزىللىكنى قامچىلاشقا ئۇرۇنۇپ كۆرمەكچى بولدى. ئالدى بىلەن يازغۇچىلىرىمىز ئىدىيەۋى ئاڭ، بىلىم قۇرۇلما، ئىجادىيەت تەجرىبىسى ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىك جەھەتلەردىن ئۆزىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپلەپ ئويلىنىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى دېيىشنى ئويلىغان ئەمما دېيەلمىگەن، خەلق قەلبىدىكى ئەڭ نازۇك مەسىلىلەرنى قېزىپ چىقىشقا تىرىشتى. تارىخىي مۇساپىلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى سەھىپىلىرىدىن باشلاپ ۋاراقلاپ تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەزكىرە دۇنياسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئىنسان ئېڭىنىڭ پىنھان رۇجەكلىرىگە نەزەر تاشلىدى؛ بەزىلەر يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تۇرمۇشىمىزنىڭ «بوز يەرلىرى»نى ئېچىشقا يۈرۈش قىلىپ، كەڭ يېزىلارنى تۇرمۇش بازىسى قىلغان ئاساستا دېھقانلارنىڭ قايغۇ ۋە شادلىقىنى ئەكس ئەتتۈرسە، بەزىلەر شەھەرلەردىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەر قايىنىمىغا كىرىپ، بۇ يەردىكى ھەر قايسى قاتلام، ھەر قايسى ئورۇن، ھەر خىل مەرتىۋىدىكى كىشىلەرنىڭ مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى ئوپېراتسىيە قىلدى؛ بەزىلەر ئاياللار ۋە باللارنىڭ گۈزەل، ساپ قەلبىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشىپ، مۇھەببەت، نىكاھ ۋە ئائىلىنىڭ يېڭىچە زىددىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرسە، بەزىلەر ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدىن ياتلىشىش، مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى بۇلغىنىش، مىللىي خاسلىقنى يوقىتىشتەك ناچار ئىللەتلىرىنى قامچىلاپ، ئۆزىمىزنىڭ «يىلتىزنى ئىزدەش»دەك تېمىلار ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتتى. ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمۇ ئىلگىرى باشقا مىللەتلەر تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان، مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇر تۇرمۇشىدىن يىراق بولغان فىلىيەتۇنلارنى ئوقۇغان بولسا، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇسى، تەلپىيى، ھېسسىياتى، تەقدىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فىلىيەتۇنلارنى ئوقۇشقا مۇيەسسەر بولالىدى. شۇڭا، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقى پەقەت سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي، بەلكى سۈپەت جەھەتتىنمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تېما رەڭدارلىقىدىن باشقا، بەدىئىي ۋە ئېستېتىك ئىزدىنىش جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك يېڭىلىقلار، مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان يەنە بىر خۇشاللىق شۇكى، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىمىزدا ئىزچىل تۈردە فىلىيەتۇن ئىجادىيىتى ۋە فىلىيەتۇن تەرجىمىچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار قوشۇنى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، بۇ ساھەدە ئۇن ـ تىنسىز ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان يازغۇچىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن توختى باقى ئارتىشىنىڭ «لۇشۈن ئەسەرلىرى» (تەرجىمە ئەسەر)، ئۇنىڭ ئۆزى يازغان ۋە تەرجىمە قىلغان فىلىيەتۇنلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىققان «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ»، «ھەق سۆزلىگەن گۇناھ ئەمەس (ئىككى قىسىم)»، «كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول» قاتارلىق فىلىيەتۇن توپلاملىرى؛ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماسنىڭ «قىرتاق جاكارلار» ناملىق توپلىمى ۋە ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان «ئالا تەنلىك ئادەم»، «شارابنىڭ قىلمىشلىرى»، «يېپىق دوكلات»، «ئالتە پارچە خەت» ناملىق فىلىيەتۇنلىرى؛ ئابدۇقادىر جالالىدىنىنىڭ «ئابدۇقادىر جالالىدىن ماقالىلىرى» ناملىق توپلىمىدىكى ئەبجەش خاتىرىلىرى، «تەنھا ھەقىقەت ۋە كۆپۈك شان ـ شەرەپ»، «يېگى ئىدىيە جۆيلىمىسى»، «دەيۇزلۇك ئەخلاقىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ئەدەبىياتىمىزنىڭ رو چىۋىنلىرى»؛ ئەخمەتجان ئابدۇللانىڭ «ھاكىم نەسرىدىن ئەپەندى»، «يىشۇنىڭ مەكتەپكە كىرىشى»؛ ئەيساجان تۇردى ئاچچىقنىڭ «ھەي تەخسكەش، ھەي ساپما كەش»، «قىزىقارلىق سېلىشتۇرۇش: سەھرا ۋە شەھەر»؛ مەمتىمىن ئابلىزنىڭ «ئاچكۆز جىن ئۇسسۇلى»، «ئەمەل ئىشقى»، «بىر شەھەرنىڭ غەيۋىتى»؛ ئەركىن داۋۇت ئوغۇزنىڭ «دەرەخنىڭ شاخلىرى»، «دۇنيا»، «تولۇن ئاي»، «سۆيگۈ»؛ ھىمىت ياسىننىڭ «پۇل تۇتۇش»، «تېلېفۇننىڭ تاپاۋىتى»، «ئۈچ پادىشاھنى دېموكراتىك باھالاش»، «تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ زىيارىتى»؛ روزىمۇھەممەت مۇتەللىپنىڭ «باش قەھرىمان ئۈچۈن»، «قارا باسقان كېچە»، «دادامنىڭ ساراڭلىقى»؛ ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇتنىڭ «‹غەرىبكە ساياھەت› تىكىلەرنىڭ ئەرزنامىسى»، «ھاكىم سۈن ۋۇكۇڭنىڭ تۇنجى پەرمانى»، «تاڭ سېڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭنىڭ قورساق

سوقۇشتۇرۇشى»، «تاڭ سېگنىلى ئاۋالوكسىۋارا بۇتساتۋاغا يازغان دەرتنامىسى»، «ئەمەلدارنىڭ تامىقى ۋە پۇقرانىڭ تۇرمۇشى»؛ ھېيىت مۇسانىڭ «سەممىي ئۆتۈنۈش»، «مېنىڭ دادام»، «غەربكە ساياھەت» كە ماڭغانلارنىڭ غەيرىيي رەسمى تەرجىمىھالى»؛ مەمتىمىن ئابدۇۋەلىنىڭ «توفى، ‹مۇلازىمەت› دېگەن شۇنداق بولسا»، «بىر ئىشتىن ئىككى تەسىرات »، «ماركسىنىڭ ساقىلى ۋە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سەللىسى»؛ ئايىمنىسا سۇلايماننىڭ «ۋاپا ئىزدەپ»، «سىگنېپ كەتسەم گىياھلىرىڭغا»، «ئۆزۈمنى ئىزدەپ»، مېھرىگۈل ئابلىزنىڭ «سايلام ۋە ‹0› بەلگىسى»، «خىجىللىق»، «سەھرالىق بالا ۋە شەھەرلىك قىز»... قاتارلىق فىلىيەتۇنلار تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر، ئىدىيەۋى ـ پىكرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تىلىنىڭ جانلىق، يۇمۇرىستىك، ھازىر جاۋابلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلگىسىنى يارىتىپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا يارىشا بىزدە ئېلان قىلىنغان فىلىيەتۇنلار ھەققىدە ئىلمىي باھالاشلار، فىلىيەتۇن ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ساقلانغان مەسىلىلەر، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئىلمىي، مەخسۇس، سىستېملىق تەتقىقاتلار يوقنىڭ ئورنىدا بولۇپ كەلدى. شۇڭا، بۇ ھەقتە داڭلىق ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم مۇنداق نىدا قىلىدۇ: «لۇتپۇللا مۇتەللىپتىن باشلانغان ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقىمىز بۈگۈنكى كۈندە تۆرلۈك ئامىللار سەۋەبىدىن، فىلىيەتۇن يازغۇچىلىرىمىز، گېزىت ـ ژۇرناللىرىمىز، نەشرىياتلىرىمىز بۇ مۇھىم ژانىرغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىدى. ھازىرغىچە بىزدە ئۆز ئاپتورلىرىمىزنىڭ بىرمۇ فىلىيەتۇن توپلىمى نەشر قىلىنمىدى. تەتقىقاتچىلىرىمىز بولسا ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقىمىزنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا قىسقىچە خۇلاسىلاش ئەسلا ئېلىپ بارمىدى. بىز بۇنىڭدىن فىلىيەتۇن ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھنىسىدە چەكلىنىپ، بويۇن قىسىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز»①.

ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا نەزەر سالساق، ئابلەت ئۆمەر «ئەدەبىيات نەزەرىيەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر» ناملىق ئەسىرىدە فىلىيەتۇننىڭ مۇھاكىمىلىق نەسرىنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكە ئىگە ئەدەبىي شەكىل ئىكەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۆمەر ئوسمان «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «نەسىر ــ لىرىك نەسر، ئېپىك نەسر ۋە فىلىيەتۇن دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ» دەپ يېزىپ، فىلىيەتۇن بىلەن مۇھاكىمىلىق نەسرنى ئوخشاش بىر ئورۇنغا قويۇپ چۈشەندۈرگەن. ئەركىن داۋۇت «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» ناملىق ئەسىرىدە فىلىيەتۇن ژانىرىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەن. ئابلەت ئۆمەر، ئابدۇكېرىم راخمان، ئازات سۇلتان، كېرىمجان ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» ناملىق ئەسەردە: «مۇھاكىمىلىق نەسر ـ فىلىيەتۇن، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ يېزىپ، فىلىيەتۇننىڭ مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەھمۇت سىدىق «نەسر يېزىقچىلىقى ۋە ئۆرنەكلەر» ناملىق ئەسىرىدە: «بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئەدەبىيات نەزەرىيەلىرىمىزنى تەتبىقلىنىشىمىزدا، نەسر ــ لىرىك نەسر، ئېپىك نەسر، مۇھاكىمىلىق نەسر، فىلىيەتۇن، ئەبجەش خاتىرە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. نەسرنىڭ بۇ تۈرلىرى بىر ـ بىرىگە تەۋە بولمىغان، تەڭ دەرىجىلىك ئايرىم ـ ئايرىم تۈرلەردۇر» دەپ يېزىپ، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىمام موللاخۇن «يېزىقچىلىق ئاساسلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «نەسر ــ لىرىك نەسر، ئېپىك نەسر، فىلىيەتۇن قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ» دەپ يېزىپ، فىلىيەتۇن بىلەن مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ ئوخشاش بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەسەنجان سادىق، تۇرسۇن قۇربان، مېھرىبان ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» ناملىق ئەسەردە: «مۇھاكىمىلىق نەسر ــ فىلىيەتۇن، ئاخبارات ئەدەبىياتى، ئەدەبىي خاتىرە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ يېزىپ، فىلىيەتۇننىڭ مۇھاكىمىلىق نەسرنىڭ بىر تۈرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىدرىس بارات «فىلىيەتۇن ژانىرى ۋە ‹فىلىيەتۇن بۇلۇڭى› سەھىپىسى

① ئەنۋەر ئابدۇرېھىم: «ئەدەبىياتنىڭ پايانى چەكسىز»، شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008 ـ يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توغرىسىدا»① ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، بۇ ژانىرنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتكەن. ئۇ ماقالىسىدە خەنزۇ ئەدەبىياتىدا فىلىيەتۇن ژانىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەرنىڭمۇ بۇ ژانىرغا بولغان قىزىقىشىنى قوللاش، ئۇلارغا ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدا فىلىيەتۇن ژانىرى ئۈچۈن ئالاھىدە سەھىپە تەسىس قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن «ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقى توغرىسىدا»② ناملىق ماقالىسىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە سەھنە ھازىرلاپ بېرىۋاتقان ھەر قايسى ئەدەبىي ژۇرناللار، ئۈزلۈكسىز فىلىيەتۇن ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر فىلىيەتۇن يازغۇچىلىرى ۋە بىر قەدەر ياخشى يېزىلدى دەپ قارالغان فىلىيەتۇنلار ئۈستىدە قىسقىچە توختالغان. ئەركىن داۋۇت ئوغۇز «فىلىيەتۇن ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان بىرقىسىم مەسىلىلەر»③ ناملىق ماقالىسىدە ئاساسلىقى فىلىيەتۇن ژانىرىنىڭ خاراكتېر ـ خۇسۇسىيىتى، رولى توغرىسىدا توختىلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر فىلىيەتۇنچىلىقىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قانچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا فىلىيەتۇن ژانىرىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلگەن، تەتقىقات مەزمۇنى جەھەتتىن تەكرارلىق بولغان، ئىلمىي ئىزدىنىش جەھەتتە دېگەندەك سىستېمىلىق، چوڭقۇر بولمىغان، تەمتىرەپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئايىغى چىقىش ئالدىدا تۇرغان سەبىي بالىدەك ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز. بۇنىڭدىن بىز فىلىيەتۇن ژانىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجادىيەت ئەھۋالى، تېما ئالاھىدىلىكى، قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى، ساقلانغان مەسىلىلەر، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالى، تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى... قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قەدەر ئەتراپلىق، سىستېمىلىق ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ يېتەلەيمىز.

فىلىيەتۇن ھەقىقەتەن بىر قەدەر ئىنچىكە، سىياسىۋىيلىكى كۈچلۈك بولغان ژانىر، شۇ سەۋەبتىن فىلىيەتۇنچىلىقىمىزنىڭ تەرەققىيات قەدىمى ناھايىتىمۇ ئاستا بولۇپ كەلدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، فىلىيەتۇندىن ئىبارەت نۇرغۇن ئادەم قىزىقىپ ئوقۇيدىغان، بىراق نۇرغۇن مۇھەررىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ژۇرنال سەھىپىسىدىن ئورۇن بېرىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان، ئورۇن بەردى دېگەندىمۇ ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان فىلىيەتۇنلارنى كۆپلەپ باسىدىغان، ئۆزىمىزنىڭكىنى «خەتەرلىك» دەپ قاراپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئالىدىغان خاھىش بىر قەدەر ئېغىر سالماقنى ئىگىلىمەكتە. ئۇلاردا شارائىت يول قويغان دائىرە ئىچىدە بولسىمۇ فىلىيەتۇندىن ئىبارەت ئۇيغۇر ئەدەبىيات گۈلزارلىقىغا يېڭى تىكىلگەن بۇ يۇمران مايسىغا كەڭ سورۇن ھازىرلاپ بېرىدىغان روھ كەمچىل بولدى. شۇڭا بىزدە فىلىيەتۇنچىلىق ئومۇملىشالماي، سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بوسۇغىسىدا بويىنىنى قىسىپ قالدى.

**ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى:** شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتۇتى
**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھنۇر يۇنۇس

① ئىدرىس بارات: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى 2002 ـ يىللىق 4 ـ سان.
② مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن: «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 2004 ـ يىللىق 5 ـ سان.
③ ئەركىن داۋۇت ئوغۇز: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىللىق 1 ـ سان.

# «مۇھەببەتنامە» داستانى توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئابدۇغېنى ئۇسمان

**مۇھىم مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ قۇرۇلما ۋە تىل ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، داستاندىكى ئوبرازلار توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، داستاننىڭ ئەھمىيىتى، داستاندا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق كۆز قارىشى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** «مۇھەببەتنامە» داستانى؛ يۇسۇپ ـ زىلەيخا؛ بەدىئىي ئالاھىدىلىك

## 1 . «مۇھەببەتنامە» داستانى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات

«يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەشھۇر شەرق ھېكايىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلار ئارىسىدا بۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم مىڭ يىل بۇرۇنقى دەۋردە پەيدا بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلار ئارقىلىق ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىغا تارقالغان. بولۇپمۇ غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى، ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىق شائىرلار «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىنى ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىدا ۋە ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي شەكىللىرىدە تەكرار ئىجاد قىلىپ كەلگەن. جۈملىدىن بىر نەچچە كىلاسسىك ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمۇ بۇ قىسسىنى نەسرىي شەكىلدە ياكى نەسرىي ۋە نەزمىي شەكىلدە داستانلاشتۇرۇپ چىققان. خەتتاتلىرىمىز ھەر خىل خەت نۇسخىلىرى بىلەن كۆچۈرۈپ تارقاتقان، خەلق ئارىسىدىكى مەدداھلىرىمىز كوچا ـ رەستىلەردە، توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايرام سورۇنلىرىدا زوق ـ شوق بىلەن بايان قىلىشقان، ھاپىز ـ ناخشىچىلىرىمىز ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق بۇ داستاننىڭ شېئىرلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ناخشا قىلىپ ئېيتىشقان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېستېتىك ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر گۈزەل ئەسەرگە ئايلىنىپ، ئەسىرلەردىن بېرى كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ كەلگەن①.

بۇ قىسسەنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىغا تۇنجى قېتىم ئېلىپ كىرگەن كىشى ئېلى بولۇپ، ئۇ 12 ـ ئەسىردە «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» دېگەن ئىسىم بىلەن بىر شېئىرىي داستان يېزىپ، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، 13 ـ ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر يازغۇچى ناسىردىن بورھانىدىن ئوغلى رابغۇزى «قىسسەسۇل ئەنبىيا»نىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنى نەسرلەشتۈرۈپ، قىسسە شەكلىگە كەلتۈردى. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە مەشھۇر تاجىك شائىرى مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» قىسسىسىگە قايتىدىن مۇراجىئەت قىلىپ، پارس تىلىدا شېئىرىي شەكىل بىلەن زور داستان ياراتقان. ئابدۇراخمان جامىنىڭ داستانىدىن چوڭقۇر بەدىئىي زوق ئالغان ئۇيغۇر يازغۇچىسى موللا يۇنۇس يەركەندى 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» نامىدا بىر داستان يازغان②. بۇ دەل بىز تۆۋەندە مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان «مۇھەببەتنامە» داستانىدۇر.

---

① ئۇسمان ئىسمايىل تارىم: «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2010 ـ يىلى 3 ـ ئاي نەشرى، 85 ـ بەت.

② ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»(2 ـ كىتاب، 1 ـ قىسىم) ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «‹موللا يۇنۇس يەركەندى›»، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1983 ـ يىل ئۆكتەبىر باستۇرغان، 259 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا يۇسۇپ بىلەن زىلەيخانىڭ ئىشقى ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، ساداقەتكە بولغان كۆز قارىشى ئىزھار قىلىنغان. فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقى ئىپادىلەنگەن. بۇ داستان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئېستېتىك ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن.

«مۇھەببەتنامە» ناملىق بۇ داستان شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا سەييارە ھېكايە سۈپىتىدە تارقىلىپ يۈرگەن «يۇسۇپ ـ زىلەيخا»نى خام ماتېرىيال قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جامىنىڭ «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» داستانىغا تەقلىد قىلىپ يېزىلغان.

«مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مەسىلىسىدە ئىككى خىل كۆز قاراش بار. بىرىنچى خىل كۆز قاراش، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2 ـ قىسىم 1 ـ كىتاب)، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» ۋە «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر» قاتارلىق كىتابلاردا قەيت قىلىنغان «مۇھەببەتنامە» داستانى مىلادىيە 1755 ـ يىلى مەيدانغا چىققان دېگەن قاراش. ئىككىنچى خىل كۆزقاراش، «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (2 ـ قىسىم) ۋە «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا ئېيتىلغان «مۇھەببەتنامە» داستانى 1807 ـ يىلى يېزىلغان دېگەن قاراش. داستاننىڭ يېزىلغان دەۋرى توغرىسىدىكى بۇ ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدا 50 نەچچە يىل پەرق بار.

«مۇھەببەتنامە» داستانى 9000 مىسرادىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، 72 ماۋزۇغا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا 13 باب ئاجرىتىلغان. بۇ قىسىملار ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، جامىينىڭ سۈپەتلىرى، مۇھەببەت، ئىلىم ۋە تىل مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ قىسىملاردا ئاپتور ئەۋلادلارغا نەسىھەت قىلغان ۋە ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان. قالغان 56 باپ ئاساسىي ۋەقەلىك بولۇپ، بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىسلامىيەتتىن كېيىن تەسىر قىلغان «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» ھەققىدىكى قىسسەلەر سۆزلىنىدۇ①.

«مۇھەببەتنامە» داستانى 2004 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغان. بۇ داستان يەنە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ، 4 ـ ۋە 1993 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان. نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ئەسەر ھىجرىيە 1376 ـ يىلى (مىلادىيە 1956 ـ يىلى) موللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسلام ئەل كاشغەرىي ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، بۇ قول يازما جەمئىي 235 بەت، ھەجمى 21.5×33.2 سانتىمېتىر، ھەر بېتىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى قاتار قىلىپ كۆچۈرۈلگەن.

## 2. «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

«مۇھەببەتنامە» داستانى قۇرۇلما جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) «مۇھەببەتنامە» داستانى باشتىن ـ ئاخىر نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. چۈنكى، داستان بولۇش ئۈچۈن ئاساسەن شېئىر بولۇشى كېرەك. داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيەسى، قەھرىمانلارنىڭ ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇسى، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى شېئىرىي شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن. داستاننىڭ بۇ شەكلى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بايان قىلىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ قايغۇ ـ ئەلەملىرى ۋە خۇشاللىقلىرى كىتابخاننىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىرىكىپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە.

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ:

ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بولۇپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئەڭ كىچىك ئوغلى يۇسۇپكە ناھايىتى ئامراق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن باشقا ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلاتتى. بىر

① موللا يۇنۇس: «مۇھەببەتنامە»، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 3 ـ سان، 62 ـ بەت.

كۆنى ئاكىلىرى يۈسۈپنى ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىمىز، دەپ دالىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى چوڭقۇر قۇدۇققا تاشلىۋېتىدۇ ۋە «يۈسۈپنى بۆرە يەپ كەتتى» دەپ دادىسىنى ئالدايدۇ. بۇ ۋاقىتتا شۇ يەردىن ئۆتكەن بىر سودىگەر يۈسۈپنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىپ ئېلىپ كېتىدۇ. غەرب مەملىكەتلىرىنىڭ بىرىدە تەمۇش ئىسىملىك بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ زىلەيخا ئىسىملىك ئالەمدە تەڭدىشى يوق گۈزەل قىزى بار ئىدى. زىلەيخا چۈشىدە ئۆزىنى «مەن مىسىرنىڭ پادىشاھى» دەپ ئاتىغان بىر يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولىدۇ. بۇ يىگىت ئەسلىدە يۈسۈپ ئىدى. زىلەيخا مۇھەببەت ئوتىدا قىينىلىپ ھالى بارغانسېرى خارابلىشىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان تەمۇش شاھ قىزىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مىسىر پادىشاھى مالىك رىھانغا ياتلىق قىلىدۇ. ئەمما، زىلەيخا چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ مالىك رىھان ئەمەسلىكىنى بىلىپ تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا قالىدۇ. مۇشۇ پەيتتە ھېلىقى سودىگەر يۈسۈپنى مىسىرغا ئېلىپ كېلىپ، مالىك رىھانغا قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىدۇ. مالىك رىھان ئۇنى زىلەيخاغا خىزمەتچى قىلىپ بېرىدۇ. زىلەيخا چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولغان يىگىتنىڭ دەل مۇشۇ يۈسۈپ ئىكەنلىكىنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. ئەمما، زىلەيخا يۈسۈپكە ئۆز مۇھەببىتىنى قايتا ـ قايتا ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، داۋاملىق رەت قىلىشقا ئۇچرايدۇ. چۈنكى، يۈسۈپ «زىلەيخا پادىشاھ مالىك رىھاننىڭ ئايالى، ئۇنىڭغا خىيانەت قىلسام بولمايدۇ» دەپ تونۇيدۇ. ئامال قىلالماي غەزەپكە كەلگەن زىلەيخا يۈسۈپنى زىندانغا سولىتىۋېتىدۇ. يۈسۈپ زىنداندا ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئون يىل ياتقان بولسىمۇ، يەنىلا زىلەيخانىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمايدۇ. كېيىن، مالىك رىھان يۈسۈپنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئازاد قىلىدۇ ۋە زىلەيخانى «تالاق» قىلىۋېتىدۇ. مالىك رىھان ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى يۈسۈپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. يۈسۈپ مەملىكەتنى ياخشى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى باياشات تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىدۇ. كېيىن يۈسۈپمۇ زىلەيخاغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى توي قىلىپ مۇراد ـ مەقسەدلىرىگە يېتىدۇ. ئاخىر يۈسۈپ دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە ئاكىلىرى بىلەن تېپىشىدۇ ھەمدە ئاكىلىرىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ زىلەيخا ۋە باشقا قېرىنداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، بۇ ئالەمدىن كېتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرى مەزكۇر داستاننىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى بولۇپ، داستاندا بۇلار پۈتۈنلەي نەزمىي شەكىلدە بايان قىلىنغان.

(2) نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان بۇ داستان بىر خىل شېئىرىي شەكىلدىلا تۈزۈلگەن. «مۇھەببەتنامە» داستانىدىكى شېئىرلار ئاساسەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەسنىۋى شەكلىدە يېزىلغان. مەسىلەن:

زىلەيخا كۆڭلى گەرچە ئىشقدىن قان،
جەمالى شۆھرەتى ھەريان فەراۋان.
جامالى قىسسەئى ھەر تىلدا مەزكۇر،
كەمالى ھۆسنى ھەم ھەر قايدا مەشھۇر.
ئىشتىپ ھەر كىم ئانىڭ زىكرىنى تا،
كى بولماي قالمادى مەفتۇنۇ شەيدا.
چۇ شەھلەر بەزمىدە غەۋغاسى ئانىڭ،
كى مەھلەر باشىدا سەۋداسى ئانىڭ.
يىبەرىپ ھەر زەمان بىر شەھرىيارى،
ۋىسال ئۇممىدى بىرلە خاستكارى.
بۇ فۇرسەتكىم جۇنۇن قەيدىدىن ئازاد،
كى تەختى ناز ئۈزە ئولتۇردى دىل شاد.
يېتىپ ھەر شاھى شاھۇ قەيسەرى رۇم،
بۇ يەڭلىغ قاسدى ھۇر مۇزۇ ھۇربۇم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەسنىۋى شەكلى «مۇھەببەتنامە» داستانى ئۆچۈن بىر ئاساسىي شېئىرىي شەكىل بولۇپ، داستاندا يۇسۇپ بىلەن زىلەيخادىن ئىبارەت ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سۆھبەتلىرى ۋە ئىچكى ھېس ـ تۇيغۇلىرى مانا مۇشۇ خىل شېئىر شەكلىدە ئىپادە قىلىنغان.

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا مەسنىۋىدىن ئىبارەت بىرلا شېئىرىي شەكىل بولغاچقا، داستاندا باشتىن ـ ئاخىر ئاساسەن جۈپ قاپىيەدىن ئىبارەت بىر خىللا قاپىيە شەكلى ئىشلىتىلگەن.

جۈپ قاپىيە: بۇنىڭدا شېئىردىكى مىسرالار سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر جۈپ مىسرا بىر ـ بىرى بىلەن مۇستەقىل ھەم ئەركىن ھالدا قاپىيەداش بولۇپ كېلىدۇ...يەنى AA CC DD BB شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئەي فەرزانە فەرزەندە،
سېنى ئۆز ھىفزىدە تۇتسۇن خۇداۋەندە.
بۇ سۆزدىن قىلسۇن ئاڭداغ بەھرە بەردار،
كى ھاجەت ۋەقتى ئانى ئەيلە دەركار.
ساڭا نەۋۇ كۇھەنراقدۇر ماڭا سال،
ماڭا شامۇ ساڭادۇر سۇبھە ئىقبال.
بۇ ئۆتكەن ئۆمرۈمدىن مەن بەك پەرشان،
مەھۇ سالىمغە ھەردەم سەد پۇشايمان...

ئۇنىڭدىن باشقا، داستاندا يەنە ئۇدا قاپىيە شەكلى ئۇچرايدۇ. بۇ خىل قاپىيە شەكلىدە مىسرا سانىنىڭ قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق مىسرالار ئۆزئارا قاپىيەلىشىدۇ، يەنى AAAA شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

چۇ پۇختە بولدى يەرگە تۈشتى فىل ـ ھال،
ئاڭا يەتمەسىمدە زەربى سەگگى ئەتقال.
بۇ خانى پۇختەلەردىن توشەنى ئال،
جەفايى خاملاردىن گوشەئى ئال.

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا يۇقىرىقى قاپىيە شەكىللىرىدىن باشقا يەنە قوش قاپىيە (رادىف) شەكلىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

قىل ئاڭداغ ئىشكى سۆزى بولغاي ئاخىر،
سەئادەتدىن نەمۇدى بولغاي ئاخىر.
سەن ئەۋۋەل ئىلمىي دانش ئىكتىساب ئەت،
كى جەھل ئابادلاردىن ئىجتىناب ئەت.

بۇ مىسرالاردىكى قاپىيەدىن كەلگەن «بولغاي ئاخىر، ئەت» سۆزلىرى رادىفتۇر.

(3) «مۇھەببەتنامە» داستانىدا مۇقەددىمە ۋە خاتىمە بولۇپ، مۇقەددىمىدە ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، جامىينىڭ سۈپەتلىرى، مۇھەببەت، ئىلىم ۋە تىل مەسىلىلىرى، ئاپتورنىڭ ئەۋلادلارغا قىلغان نەسىھەتلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئاساسىي ۋەقەلىككە ئۆتۈلىدۇ. خاتىمىسىدە شائىرنىڭ بايانلىرى بېرىلگەن. خاتىمە قىسمىدا يەنى داستاننىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نەسىر قوللىنىلغان. مەسىلەن:

ئەللاھۇمە ئەھمەنە ئاقىبەتىغا قۇل ئۇمۇرى كۆللىھا ۋە ئەجىرنا مىن ھازەدە دۇنيا ۋە ئەزابەل ـ ئاخىرە.

(4) «مۇھەببەتنامە» داستانى ئاساسلىقى ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كۈيلەيدىغان مۇھەببەت داستانى بولغاچقا، لىرىك ھېس تۇيغۇغا ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇنىڭدا ئاشىق مەشۇقلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئاشىقلىق ھېسسىياتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

مەلۇمكى، «مۇھەببەتنامە» داستانى خېلى مۇكەممەل پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، سۆزۈت ۋە

بەدىئىيلىك جەھەتتە ۋايىغا يەتكەن. شۇڭا، بىز داستاننىڭ تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

(5) «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ ئەسلىي خېمىرتۇرۇچى خەلق داستانى(قىسسىسى) بولۇپ، شائىرلار بۇنى داستانلاشتۇرغان. ئۇنىڭ سۇژىتى خەلققە تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، خەلق ئارىسىغا تېزلا تارقىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ بىلەن، خەلقتىن ئېلىپ خەلققە قايتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ جەھەتتە موللا يۇنۇس يەركەندىگە ئوخشاش ئەدىبلەر خەلق داستانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بەدىئىي جەھەتتىن پىششقلاپ ئىشلەش ۋە سۇژىتىنى بېيىتىش جەھەتتە ئىنتايىن زور ئەمگەك سەرپ قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يازما ئەدەبىياتقا، يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئۆزگىرىشىدەك ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش مەيدانغا كەلگەن.

بىز ئۇيغۇرلار ئىچىدە تارقالغان «مۇھەببەتنامە» داستانىدىن فېئودال پادىشاھلىق جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشىنى روشەن ھېس قىلالىۋالايمىز. بۇنىڭدا پادىشاھ ـ شاھزادىلەرنىڭ، خانىش ـ مەلىكىلەرنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنىدۇ، ئوردا ـ سارايلاردىكى زىددىيەت ـ توقۇنۇشلار ئەكس ئېتىدۇ، شەھەرلەردىكى سودىگەر ـ ھۆنەرۋەنلەرنىڭ، يېزىلاردىكى دېھقان ـ باغۋەنلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلاردا شەخسلەر ئەمەس، بەلكى دۆلەت ئارمىيەسى، پادىشاھلار ئەمەس، ئۇنىڭ سەركەردىلىرى ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خېلى بۇرۇنلا شەھەر مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنىڭ داستانغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 3. «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

«مۇھەببەتنامە» داستانى تىل جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

(1) «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ تىلى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئىچىدىن تەكرار پىششقلىنىش ئارقىلىق تاۋلىنىپ چىقىلغان، بەدىئىي تەسىر قىلىش كۈچىگە باي بولغان شېئىرىي تىلدۇر. ئۇ سىلىق، راۋان، مول مەزمۇنلۇق، روشەن ـ يارقىن، ئاددىي ـ ساددا خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

داستانىنىڭ بېشىدىكى:

(2) «مۇھەببەتنامە» داستانىدا ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان.

بولۇپ بۇ چەرخ دەۋرىدىن ئەلەمناك،
كەربان سۇبھە يەڭلىغ ئەيلەدى چاك.
ئول ئىكىم سىنەسىدە ئېردى پىنھان.
ئاڭا يول ئاچتى چاك ئەيلەپ گىرىبان.
دېگەن گۈزەل ئوخشىتىشلار بېرىلگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە داستاندا تەكرارلاش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان.

(3) «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ تىلى كۆپىنچە ئاھاڭدار سۆزلەردىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا كىشىلەرنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان كۈچلۈك شېئىرىي رىتىم بار.

مەلۇمكى، مىللىي تىل مىللىي تۇرمۇشنى ئەڭ جانلىق، ئەڭ كۈچلۈك ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنى مەزكۇر مىللەت خەلقى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىدۇ. بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىل بولمىسا، مۇستەقىل ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان مىللىي ئەدەبىياتنى ياراتقىلى بولمايدۇ. ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر تىلى باي، رەڭدار، مەزمۇنلۇق ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، بۇلارمۇ «مۇھەببەتنامە» داستانىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ تىلى باي، ئىخچام، ئاممىباب، جانلىق ۋە ئوبرازلىق، شۇنداقلا مەلۇم رىتىمغا ئىگە بولۇپ، ئاڭلىغان كىشىدە چوڭقۇر لىرىك سېزىم پەيدا قىلىدۇ. كىشىنى ھاياجانغا سېلىپ، ئېستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ.

(4) «مۇھەببەتنامە» داستانى تىل جەھەتتىن خېلى ئاممىباب بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر قانچە ئەسىرلەر ئىلگىرىكى ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن تولۇق قۇتۇلالمىغان. داستاندا بىر

قىسىم چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەر ۋە بەزى سۆزلەرنىڭ قەدىمكي شەكلى خېلىلا كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئىشت | (ئىپىتماق) | بول | (بۇ) |
| كىمەرسە | (بىر كىم، بىرەرسى) | ئول | (ئۇ) |
| نەچۈك | (نېمە ئۈچۈن) | ئانىڭ | (ئۇنىڭ) |
| ئىرۇر | (دۇر) | ئانداغ | (ئۇنداق) |
| نىچۈك | (قانداق) | | |

دىمەك، «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ تىلى مەزمۇنلۇق، ئاھاڭدار، ئاددىي ـ ساددا ۋە ھېسسىياتلىق بولۇپ، ئۇ خەلق تىلىنىڭ باي ۋە گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ.

## 4. «مۇھەببەتنامە» داستانىدىكى ئوبرازلار

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئادەم جەمئىيەت ھەم تەبىئەتتىكى ھەممە پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى. ئادەمسىز جەمئىيەت بولمىغىنىدەك، پېرسوناژسىز ئەدەبىي ئەسەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. گوركىي: «ئەدەبىيات ـ ئادەمشۇناسلىقتۇر» دەپ كۆرسەتكەنىدى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، روھىي قىياپىتى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى ئەسەردە پېرسوناژلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پېرسوناژلار ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى مۇھىم ۋاستىدۇر، كىشىلەرگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىدىغىنىمۇ دەل پېرسوناژلار بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى ئاشۇ پېرسوناژنىڭ خاس خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. «مۇھەببەتنامە» داستانىغا قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ۋە زۇلۇم ـ ئېكسپىلاتاتسىيەگە بولغان قارشىلىقىنى، شۇنىڭدەك ساپ ئىنسانىي مۇھەببەت يولىدا ھەرقانداق جاپا مۇشەققەت تارتىشتىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تۈرلۈك ئىدىيە، خاراكتېر ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ئوبرازلار داستاننىڭ تېماتىك مەزمۇنىنى كېڭەيتىش، ئىچكى سىنىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش، رىئاللىق بىلەن خىيالنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ۋەقەلىكنىڭ دولقۇنسىمان ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىغا مۇھىم ھەسسە قوشقان.

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا بىر قانچە پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىچىپ بېرىشتە ھەرىكەت بىلەن ھېس ـ تۇيغۇ زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئوبرازلىق، جانلىق ئىپادىلەنگەن.

«مۇھەببەتنامە» داستانىدا شائىر پاك سۆيگۈگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان، يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا ئوبرازى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مۇھەببەت يولىدىكى جاپالىق سەرگۈزەشتىلىرى ۋە ۋىسال شادلىقلىرىنى ئىپادىلەپ، چىن مۇھەببەتنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل، ئەمما بەختلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا داستان ۋەقەلىكىدىكى پائالىيەتلەرگە باشتىن ـ ئاخىر قاتناشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېر، ئىندىۋىدۇئاللىقى جانلىق ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق يارقىن، تەسىرلىك يارىتىلغان. داستاندا يۈسۈپ ۋاپادار، سەممىي، ساداقەتمەن، تىنچ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىدىغان، رەزىللىك، ۋاپاسىزلىققا قارشى تىغ كۆتۈرىدىغان، قېرىنداشلىق مېھرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئوبراز. يۈسۈپ ئەزىز مىسىرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن، گۈزەل زىلەيخا ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. يۈسۈپ زىلەيخانىڭ ئوتتەك ئىشق ـ مۇھەببىتى ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمىگىلى تاس قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، يۈسۈپمۇ زىلەيخانى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. يۈسۈپ زىلەيخاغا تەسەللىي بېرىپ، تاقەت قىلىشنى، سەۋر ـ تاقەت بولغاندىلا مۇراد ـ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ زىلەيخا بىلەن يالغۇز ئۆيگە كىرگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، كېيىمنى سېلىشقا تەمشىلىدۇ. ئەمما، دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەقلى ھېسسىياتى ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك خاراكتېرى شەھۋانىي ئىنتىلىشىگە يول قويمايدۇ. ئۇ كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىپ، تالاغا قاراپ قاچىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئىبرى بار ئايال بىلەن مۇھەببەتلىشىش، باشقىلارنىڭ نىسۋىسىگە چاڭگال سالغانلىق ھېسابلىناتتى.

بۇنداق خىيانەتنى ئۇنىڭ ۋىجدانى كۆتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ زىلەيخاغا بولغان مۇھەببىتى ھەقىقىي ساپ مۇھەببەت ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا شەھۋانىي ھېسسىياتنى ئارىلاشتۇرۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئوغرىلىقچە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈش، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ ھالال جۈپتىنى ئىگىلىۋېلىش بىر خىل ئىنسان قىلىپىدىن چىققان پەسكەشلىك ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇزاق مۇددەت زىنداندا يېتىشقا رازى بولىدۇكى، بۇ پاسىق يولغا مېڭىشنى خالىمايدۇ. بوھتان چاپلانغاندا ئۆزىنى ئاقلاپمۇ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە ئاللادىن ئۆزىنى زىندانغا تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى، ئېزىراق ئەزىز مىسىرنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىش ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، زىلەيخاغا بولغان ئىنتىلىشنى كونترول قىلالماي، ۋىجدانى خالىمىغان ئىشنى قىلىپ قويۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ زىندانغا كىرگەندە، ئۆزىنى ئازابتىن قۇتۇلۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغان گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ قايتا ئەركىنلىككە چىقىشى ئىدى. ئۇ زىنداندىن چىققۇچە، زىلەيخانىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىدۇ (بەزى نۇسخىلاردا بايان قىلىنىشىچە، ئېرى زىلەيخانى تالاق قىلىۋېتىدۇ). شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىشىشى ئۈچۈن قانۇنلۇق يول ئېچىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ مىسىرنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ زىلەيخادەك نىكاھلانغان ئايال بىلەن توي قىلمىسىمۇ، ئالەمدىكى ھەرقانداق گۈزەل مەلىكە بىلەن توي قىلالىغۇدەك شارائىتقا ئېرىشكەنىدى. ئەمما، ئۇ ھېچكىمگە كۆز قىرىنى سالماي، كەسكىن تۈردە زىلەيخانى تاللىۋالىدۇ، زىلەيخا بولسا يۈسۈپتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. يۈسۈپ ئاكتىپلىق بىلەن ئۇنى قوغلىشىدۇ. ئۇ زىلەيخاغا ئېرىشىش يولىدا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايدۇ، ئۆز ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈشىگە پىسەنت قىلىپمۇ قويمايدۇ. ئۇ پاك مۇھەببىتى يولىدا پادىشاھلىق شان ـ شەۋكەتتىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ۋە چىن مۇھەببىتى ئارقىلىق زىلەيخانى تەسىرلەندۈرۈپ، ۋىسال شەربىتىنى تېتىيدۇ.

زىلەيخاغا كەلسەك، ئۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ۋاپادارلىقنى قەدىرلەيدىغان، ياخشىلىقنى ياقلايدىغان ئوبراز. داستاندا تەسۋىرلىنىشىچە ئۇ ئەسلى باشقا بىر مەملىكەتنىڭ مەلىكىسى بولۇپ، چۈشىدە يۈسۈپنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چۈشىدىكى يۈسۈپنىڭ «مېنى ئىزدىسەڭ ئەزىز مىسىرنىڭ ئۆيىدىن تاپالايسەن» دېگەن بېشارىتىگە ئاساسەن، يۈسۈپنى ئەزىز مىسىرى شۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئەزىز مىسىرى بىلەن توي قىلىدۇ. ئەمما، ئۇ خاتالاشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن، قاتتىق ھەسرەتتە قالىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ يۈسۈپ بىلەن ھالال جۈپلىشىشى خۇدا تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. شۇڭا، ئاللا بىر پەرىشتە ئارقىلىق زىلەيخانى قىز پېتىچە ساقلاپ قالىدۇ. بۇ يەردە داستاننى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ پاك، سەبىي زىلەيخانى بۇلغاپ قويغۇسى يوقلۇقى، ئۇنىڭ يۈسۈپكە بولغان قاشتېشىدەك سۈزۈك مۇھەببىتىگە داغ چۈشۈرگۈسى كەلمەيۋاتقانلىقى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم. شۇنداق قىلىپ، زىلەيخانىڭ بارلىقى يۈسۈپ ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. يۈسۈپ بۇ ئائىلىگە كەلگەندىن كېيىن، زىلەيخا ئاندىن چۈشىدىكى بېشارەتنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. ئۇ پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن يۈسۈپكە ئىنتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يۈسۈپنى دەپ ئۆز مەملىكىتىدىن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئەزىز مىسرى بىلەن توي قىلىشىمۇ پەقەت يۈسۈپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىدى. زىلەيخا بۇ ئۆمرىدە ئىككىنچى بىر ئەر كىشىنى ياخشى كۆرەلمەيتتى. شۇڭا، يۈسۈپ بىلەن ۋىسال تېپىشىش يولىدا ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ئاقسۆڭەكلەرگە خاس ساختا شان ـ شۆھرەتنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىشنى، يۈسۈپكە بولغان مۇھەببەت ئوتىنى قەلبىدە پىنھان تۇتۇشنى خالىمايدۇ. ئۇ يۈسۈپكە ئىنتىلىشنى توغرا، ھەققانىي ئىش دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ يۈسۈپكە بولغان مۇھەببىتى پاك، سەممىي، چىن مۇھەببەت ئىدى. شۇڭا، ئۇ شەھەردە ئۆزى توغرىلىق پىتنە ـ پاسات تېرىلىپ كەتكەندە، قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. ئەكسىچە ئاشۇ پىتنە ـ پاسات تېرىغان ئاياللارنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن يۈسۈپنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلايدۇ. ئۇنىڭچە بولغاندا، يۈسۈپ بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھەرگىز ئېرىگە خىيانەت قىلىش ھېسابلانمايتتى. چۈنكى، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر پەقەت يۈسۈپنىلا ياخشى كۆرۈپ كەلگەن، ئېرى بىلەن توي قىلىپ قېلىشى بىر خىل

uyghurkitap.com

ئۇقۇشماسلىق ئىدى. ئەزىز مىسرى زىلەيخانىڭ تېنى ۋە روھىغا ئازراقمۇ ئىگە بولالمىغانىدى. شۇڭا، زىلەيخا ئاشكارا ھالدا يۈسۈپنى قوغلىشىدۇ. يۈسۈپ بۇ چاغدا ئەززىمەس بىر قۇل، زىلەيخا بولسا مەلىكە، يەنە كېلىپ ۋەزىرنىڭ ئايالى (بەزى نۇسخىلاردا خانىش) ئىدى. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى بويىچە بولغاندا، يۈسۈپنى ياخشى كۆرۈشى تولىمۇ كۆلكىلىك، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا يۈسۈپنى سۆيىدۇ، سۆيگەندىمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ تەلپىي يۈسۈپ تەرىپىدىن رەت قىلىنغاندا قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدىن كېچەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يۈسۈپنى زىنداندا سولتىۋېتىشى ھەرگىز سەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش، ئۆزىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يۈسۈپنى قورقىتىپ، ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئىدى. بىراق، زىلەيخا خاتا ئويلىغانىدى، يۈسۈپ زىنداندا چۈشۈشكە رازى بولىدۇكى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ. قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان زىلەيخا تولا يىغلاپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇ يەنىلا يۈسۈپكە بولغان مۇھەببىتىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ قالىدۇ. ئەزىز مىسرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ (ياكى ئېرى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ)، تاكى قېرىپ كەتكۈچە يۈسۈپنى ساقلايدۇ. ئاخىرى يۈسۈپ زىنداندىن چىققاندىن كېيىن زىلەيخاغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. زىلەيخا بولسا يۈسۈپنىڭ ئىرادىسىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ۋاقىتنچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئاخىرى يۈسۈپنىڭ چىن مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلىدۇ. ئاللا زىلەيخانى 14 ياشلىق ھالىتىگە قايتۇرۇپ، گۈزەل رۇخسار ئاتا قىلىدۇ. يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا ئۇزۇن مۇھەببىتى يولىدا ئۇزاق ئازاب چېكىپ، ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاخىرى ۋىسال شەربىتىنى تېتىيدۇ.

زىلەيخا ئەيلەبان كامىغا چارە،
ۋەلى يۈسۈپ تۇتۇپ ئاندىن كىنارە.
زىلەيخا يىغلار ئەردى خۇن بارابان،
ۋەلى يۈسۈپ بولۇپ ئاندىن گىرىزان.
زىلەيخانىڭ جۇ جانسىز ئىردى داغى،
ۋەلى يۈسۈپنىڭ ئاندىن بار پىراقى.
زىلەيخا كۆز تىكىپ ئول خوش لىقاغا،
ۋەلى يۈسۈپ قاراغلىق شت باغا.
زىلەيخا شەۋقى بىر كۆرمەككە جان سۆز،
ۋەلى يۈسۈپ تىكىپ دىدارىغا كۆز.

داستاندا زىلەيخانىڭ يۈسۈپكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە يۈسۈپنىڭ مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقى بايان قىلىنغان يۇقىرىقى قۇرلاردىن، داستاندا ئالغا سۈرۈلگەن ۋاپادارلىق، ساداقەتمەنلىك كۆز قارىشىنى كۆرەلەيمىز.

بۇ داستاندا يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلىنىشى ۋە كارۋانلارغا سېتىۋېتىلىشى؛ يۈسۈپ بىلەن زىلەيخانىڭ مۇھەببەت ماجىراسى؛ يۈسۈپنىڭ زىنداندىكى سەرگۈزەشتىلىرى؛ يۈسۈپنىڭ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى ۋە زىلەيخا بىلەن تېپىششى؛ يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنى كەچۈرۈشى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇشى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنىش ئارقىلىق مۇھەببەت، ساداقەت، ۋاپا ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ئىزھار قىلىنىپ، فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمىگە قارىتا باشقىچە پىكىر ئىپادىلەنگەن. يۈسۈپ ـ زىلەيخا ئوبرازلىرى ئارقىلىق چىن مۇھەببەت ئىگىلىرى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئوبرازىدا، ئۆز شەخسى ئىنتىلىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھېچقانداق ياۋۇزلۇقلاردىن يانمايدىغان مەككار شەخسلەرنىڭ تىپى يارىتىلغان. شائىر يۈسۈپ ـ زىلەيخا ئوبرازلىرى ئارقىلىق، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئەخلاق، گۈزەللىك، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىق خىسلەتلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتسە، يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى ئارقىلىق شەخسىيەتچىلىك، قارا نىيەتلىك، قاباھەتلىك، سۇيىقەست، مەككار ـ ھىيلىگەرلىك قاتارلىق قىلمىشلارنى لەنەت تېغى بىلەن داغلايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، «مۇھەببەتنامە» داستانىدىكى يۈسۈپ ۋە زىلەيخا ياكى باشقا ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر بولسۇن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن داستان ۋەقەلىكىنى رەڭدارلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشىنى تەرغىپ قىلىش ياكى بۇرمىلاش، دەپسەندە قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، چىن ئىنسانىيەتكە خاس ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ هامان يۈكسەك هەم غالىب ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن. بۇ داستان گەرچە ئۆتمۈشداشلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىنىپ يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەسۋىرى ۋاستە، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئىدىيەۋى ھېسسىيات، ئەسەر قۇرۇلمىسى، تىلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**پايدىلانمىلار:**

1. موللا رەھىم: «مۇھەببەتنامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 - يىلى 6 - ئاي نەشرى.

2. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» 2 - قىسىم، ش ئۇ ئا ر ئالىي مائارىپ ۋە كەسپى مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنگۈچىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى باستۇرغان.

3. ئوسمان ئىسمايىل تارىم: «چەكسىزلىككە ئىنتىلگەن روھ»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 - يىلى 3 - ئاي نەشرى.

4. ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، قەشقەر شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1983 - يىلى ئۆكتەبىر باستۇرغان.

5. موللا يۇنۇس: «مۇھەببەتنامە»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 3 - ، 4 - ، 1993 - يىللىق 1 - ، 2 - سانلىرى.

6. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1987 - يىلى 12 - ئاي نەشرى.

7. ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى 4 - ئاي نەشرى.

**ئاپتور:** شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ 2010 - يىللىق ماگىستىرانتى

**جاۋابكار مۇھەررىرى:** ماھىنۇر يۇنۇس

www.uyghurkitap.com

# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

## پەلسەپە، سىياسىي نەزەرىيە تەتقىقاتى

ماركسىنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتى مۇساپىسىدىن ئېرىشكەن چوڭقۇر ئىلھام ........... جاڭ كۇيلياڭ (1 ـ سان)
پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مەملىكەت بىلەن تەڭ ھاللىق جەمئىيەتكە كىرىش نىشانىنى تېزلىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدا .......... ئابدۇرازاق تۆمۈر (1 ـ سان)
گۇمانىتار پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدا........... ۋاڭ شىنيەن (2 ـ سان)
يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، «سانائەتلەشتۈرۈش، شەھەر ـ بازارلاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»نىڭ ماس تەرەققىياتىنى تېزلىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرايلى ........................................ خەن چاڭفۇ (2 ـ سان)
«يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت 60 ماددا»نىڭ تۈزىتىلىشى ۋە خەلق گۇڭشېسى تۈزۈمىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................................ شىن يى (3 ـ سان)
جۇڭگو رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېششىدىكى يېڭى ۋەزىيەت ۋە رايونلارنىڭ ماس تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى ........................................جاڭ شۆلياڭ (3 ـ سان)
ھازىرقى زامان ئېكولوگىيە مەدەنىيىتى نەزەرىيەسىدىكى ئۈچ مۇنازىرە ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى ........................................ ۋاڭ يۈچېن (4 ـ سان)
يېڭى قۇرۇلما ئىقتىسادشۇناسلىقى: تەرەققىيات ئىقتىسادشۇناسلىقىنىڭ 3 ـ قېتىملىق پىكىر ئېقىمى ........................................لىن يىفۇ (4 ـ سان)
شىنجاڭنىڭ مۇقىم، ئىناق بولغان ئىجتىمائىي ۋەزىيىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ........................................ ئابابەكرى مەمەت، ئەنۋەر ھېسامىدىن (4 ـ سان)
دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەدىن يىراق تۇرۇپ، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرالاردىن بولايلى ........................................ نۇرمۇھەممەد توختى كۆنەستىكىن (4 ـ سان)
شىنجاڭنىڭ قوش تىللىق مائارىپى تەرەققىياتىغا نەزەر .............. ئادالەت ئىمىنجان ئۇزغار (4 ـ سان)

## مەدەنىيەت، فولكلور تەتقىقاتى

مائارىپشۇناسلىق گۇمانىتار ئىلىمگە تەۋە.......................... جاڭ چۇتىڭ (1 ـ سان)
پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيى روھىنى ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرايلى ..........................خالىدە ھەمدۇللا، ھەبىبۇللا خوجا (1 ـ سان)
مەدەنىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىش باسقۇچىدا دۈچ كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ........................................ ئابلىكىم ئالاۋۇدۇن (1 ـ سان)
قىيا تاش رەسىملىرىدىن غەربىي يۇرتنىڭ ئېپتىدائىي ئۇسسۇل سەنئىتىگە نەزەر ........................................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (1 ـ سان)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇراقلىشىش ئادىتى توغرىسىدا.............. ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت (1 ـ سان)
ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە ........................................ فېردون پەتتار (2 ـ سان)
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ..........

.............................................. راملە رەجەپ (2 ـ سان)
ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى توغرىسىدا .............. ئابدۇرازاق تۆمۈر (3 ـ سان)
مەدەنىيەتنىڭ قىممىتى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا ..........
.............................................. ئابدۇرازاق سايىم (3 ـ سان)
«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە تىلغا ئېلىنغان «يادا تاش ئەپسۇنى» توغرىسىدا ..............
.............................................. مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن (3 ـ سان)
ئەنئەنىۋى سودا ئالاقىسى ۋە قاتناش ـ تىرانسپورت ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا ..........
.............................................. ئابلىمىت مۇھەممەت يىلتىزلىق (3 ـ سان)
ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىدىكى ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ...........
.............................................. ئابدۇقەييۇم مىجىت (4 ـ سان)
ئىرانىي تىلىغا كىرىپ قايتىپ كەلگەن تۈركىيچە تۆت ئاتالغۇ توغرىسىدا ..............
.............................................. غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر (4 ـ سان)

## قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى

ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ــ دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ يېڭى تەرەققىياتى
.............................................. مۇتەللىپ قادىر (1 ـ سان)
ئاز سانلىق مىللەتلەر ئادەت قانۇنلىرىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى ئەۋزەللىكلىرى
توغرىسىدا .............................................. رىشات ھەسەن (1 ـ سان)
ساياھەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشقا دائىر بىرقانچە مەسىلە ..............
.............................................. فېردون پەتتار (2 ـ سان)
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ..............
.............................................. راملە رەجەپ (2 ـ سان)
ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش ئىدىيەسى توغرىسىدا ..............
.............................................. مۇزەپپەر مۇھەممەد (3 ـ سان)
ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشى توغرىسىدا........... مىھراي نىجات (3 ـ سان)
ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئەسەر ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە قوغداش توغرىسىدا...
..............................................رىشات ھەسەن (4 ـ سان)
دۆلەت قانۇنى بىلەن ئادەت قانۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ............... ئادىل ئايۇپ (4 ـ سان)

## قوشنا ئەللەر تەتقىقاتى

قازاقىستاننىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە تەبىئىي بايلىقى.................. قاسىم خوجا (2 ـ سان)
ماناس ھەربىي بازىسىدىن قىرغىزىستاننىڭ تەگ‍ۈپۈگ‍لۇق دىپلوماتىيەسىگە نەزەر ..............
.............................................. ئادالەت تاھىر (3 ـ سان)

## تارىخ، دىن تەتقىقاتى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ..............
.............................................. ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق (1 ـ سان)
سوپىزمدىكى ئۆزگىچە توپ ــ ئاشقلار توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ..... ئابلەت ياسىن بابا (1 ـ سان)

www.uyghurkitap.com



چىڭ سۇلالىسى ئاخىرلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ........
........................ رەخمىتۇللا ھەسەن (2 ـ ، 3 ـ سان)
فىقھى ئىلمى ۋە بەزى فىقھى ئىختىلاپلار توغرىسىدا........ ئەخمەتجان ھەسەن (2 ـ سان)
غەرب ئەللىرىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى ........
........................ ماخمۇد ئابدۇۋېلى (3 ـ سان)
سوپىلارنىڭ ھەلقە پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان........ ئابلەت ياسىن بابا (3 ـ سان)
ئۆتمىش ھاجى ۋە ئۇنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا........ ئەلى غوپۇر (4 ـ سان)
سوپىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭغا تارقىلىشى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان ........
........................ جۇ شيېفەن (4 ـ سان)
ئىسلامىي نۇقتىدىن ھىزبۇت تەھرىرگە نەزەر ........ ئەخمەتجان ھەسەن (4 ـ سان)

## تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى

«ئۇزلاتنامە» دىكى ئەجداد (سەلەف) ناملىرىنىڭ ياسىلىش شەكىللىرى توغرىسىدا ........
........................ غەيرەت ئابدۇرەھمان ئۇزغار، ئىمامھەسەن ياقۇپ (1 ـ سان)
لۇغەتچىلىكنىڭ تىلشۇناسلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا........ پەرھات نۇر (1 ـ سان)
«بەش تىللىق مانجۇچە لۇغەت» تىكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا خاتىرىلەنگەن كىيىم ـ كېچەك ئاتالغۇلىرى
توغرىسىدا ........ قەدىردىن نۇرئەھمەد (1 ـ سان)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىششى توغرىسىدىكى ئاكوستىكىلىق تەجرىبە
ئانالىزى ........ مەلىكە سۇلايمان (1 ـ سان)
ئۇيغۇر تىلىدىكى فۇنكسىيەلىك تۈر ۋە ئۇنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە تەھلىل ........
........................ ئالىمجان توختى، مېھرىگۈل مامۇت (2 ـ سان)
لوپنۇر دىيالېكتىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى توغرىسىدا ........
........................ كۈرەش تاھىر (2 ـ سان)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر ........
........................ ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت (2 ـ سان)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاقتۇ شېۋىسىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا ........
........................ ئېزىز ھەسەن (2 ـ سان)
يەكەندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ........
........................ دىلارا ئىسراپىل، ئىسراپىل يۈسۈپ (3 ـ سان)
پېئىل ۋالېنتى ئاساسىدىكى سېمانتىكىلىق روللار توغرىسىدا........ ئۆمەرجان قۇربان (3 ـ سان)
ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى مۇھىم تارىخ ۋە تىل ماتېرىيالى ــ «پادىشاھ لۇغىتى» توغرىسىدا ........
........................ ئابلىكىم ئابدۇرەشىد (4 ـ سان)
ئۇيغۇر تىلى بوغۇم تىپلىرى ئۈستىدە فونولوگىيەلىك تەھلىل........ ئەھمەد تۇرسۇن (4 ـ سان)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ........
........................ قەييۇم مىجىت، رىسالەت ئابدۇرېشىت (4 ـ سان)

## ئەدەبىيات تەتقىقاتى

يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئەدەبىي ئاخبارات چۈشەنچىسىنىڭ
ئۆزگىرىشى ........ ئاينۇر دولقۇن (1 ـ سان)

«ئوغۇزنامە»دىكى بايان سەنئىتى توغرىسىدا ........................ كېۋىر ھىمىت (1 ـ سان)
ئانا يۇرت بىلىملىرى قامۇسى ــ «ئەلقۇدنىڭ ئانا يۇرتتىكى ساياھىتى» ناملىق رومان توغرىسىدا ........ بۇلبۇل ئەكرەم (1 ـ سان)
خالىدە ئىسرائىلنىڭ «كەچمىش» ناملىق رومانىتوغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ........................ گۈلشەن بەسىر (1 ـ سان)
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئۆزلەشتۈرۈلمە ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك قىممىتى توغرىسىدا ........ كېرىمجان ئابدۇرېھىم (2 ـ سان)
توختى باقى ئارتىشى تەرجىملىرىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر فىلىيەتونچىلىقىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ...... ئامانگۈل ئىمىن (2 ـ سان)
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەدەبىي ئېقىملار توغرىسىدا............ مەريەم قۇربان (2 ـ سان)
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەردىن مۇھەممەت باغراش ئىجادىيىتىدىكى ئەپسانىلەرگىچە ... ئانارگۈل قاۋۇل (2 ـ سان)
ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى رادىف توغرىسىدا ــــ «دىۋان مەشھۇرى» ئاساسىدا ........... ماھىرە ئۆمەر (2 ـ سان)
ئۇيغۇر تور ئەدەبىياتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ........ رەخىمە ئابدۇرېشىت، ياسىن ئېلى (3 ـ سان)
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھىرات نۇسخىسى توغرىسىدا ........ تۇرسۇنجان ئىمىن (3 ـ سان)
ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىلىرى ........ شەۋكەت ئىلاخۇن (3 ـ سان)
ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدىكى چاتما ھېكايە توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش....... كەرىمە قۇربان (3 ـ سان)
ئۇيغۇر ئېتوتچىلىقىدىن ئابدۇكېرىم ئابلىز ئېتوتلىرىغا نەزەر................ ئىمام موللاخۇن (4 ـ سان)
«يۈسۈپ ـ ئەھمەد» داستانىنىڭ تارقىلىش ۋە ساقلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا ........ تۇرسۇنئاي تۇراق (4 ـ سان)
ئۇيغۇر فىلىيەتونچىلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى توغرىسىدا ............. ئالىمجان ئابدۇخالىق (4 ـ سان)
«مۇھەببەتنامە» داستانى توغرىسىدا مۇلاھىزە ........................ ئابدۇغېنى ئوسمان (4 ـ سان)

## ۋەسىقىشۇناسلىق، كۇتۇپخانا تەتقىقاتى

قەدىمكى ئۇيغۇر خەت ـ چەك، ئالاقىلىرى توغرىسىدا.................. ئەنۋەر ھوشۇر (2 ـ سان)
ئۇيغۇرچە قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە ۋەسىقىلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ قوغداش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ........ گۈلنۇر پەرھات (2 ـ سان)

## يەر نامى تەتقىقاتى

«بۈگۈر» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى توغرىسىدا.................. غالىب بارات ئەرك (3 ـ سان)

تەييارلىغۇچى: رەشىدە مامۇت

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net